دۇنيادىكى ئون چوڭ ئېپوس

# ئودىسسۇسنىڭ دېڭىزدىكى كەچۈرمىشلىرى

( يۇنان )



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



دۇنيادىكى ئون چوڭ ئېپوس

# ئودىسسۇسنىڭ دېڭىزدىكى كەچۈرمىشلىرى

ئەسلى ئاپتورى : گومېر (يۇنان)
تەرجىمە قىلغۇچى : ياسىن سىيىت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بۇ كىتاب جىلىن فوتو سۈرەت نەشرىياتىنىڭ 1994 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1994 ـ يىلى 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据吉林摄影出版社 1994 年 4 月第 1 版 1994 年 4 月第 1 次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئازات ئالماس

مەسئۇل كوررېكتورى: ئاينۇر كامال

پىلانلىغۇچى: ئەركىن ئىبراھىم پەيدا

دۇنيادىكى ئون چوڭ ئېپوس

**ئودىسسۇسنىڭ دېڭىزدىكى خەتەرلىك كەچۈرمىشلىرى**

ئەسلى ئاپتورى: گومېر [يۇنان]

ئاپتورى: ۋۇ ئەيلىن

تەرجىمە قىلغۇچى: ياسىن سېيىت

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى

(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

شىنجاڭ لۇڭ يىدا باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى

850×1168 مم، 32 فورمات، باسما تاۋىقى 7.5

2005 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

2005 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

تىراژى: 1—4000

ISBN7—228—09507—3

(ئومۇمىي باھاسى 110.00 يۈەن) يەككە باھاسى: 11.00 يۈەن

# قىسقىچە مەزمۇنى

ئودىسسۇس يۇنان ئېلىگە جايلاشقان ئىتاكې ئارىلىنىڭ پادى-
شاھى، ئۇ پەم - پاراسەتلىك، قەھرىمان ۋە جەڭ قىلىشقا ماھىر
سەركەردە. ئودىسسۇس ياغاچ ئات ھىيلىسى بىلەن سۈرەتتەك بىر
گۈزەل شەھەرنى بىر كېچىدىلا خارابىلىككە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.
زەپەر قۇچقان يۇنان سەركەردە - سەرۋازلىرى ئارقا - ئارقىدىن
ۋەتىنىگە قايتىدۇ، لېكىن ئودىسسۇس ۋە ئۇ باشلاپ كەتكەن 12
جەڭ كېمىسى قايتىپ كەلمەيدۇ.

ئەسلىدە ئودىسسۇس دېڭىز سەپىرىدە دەھشەتلىك بوراندا قې-
لىپ، دېڭىزدا ئون يىلدىن كۆپرەك سەرسان بولۇپ يۈرىدۇ. ئۇ
بۇ جەرياندا، نۇرغۇنلىغان يوچۇن ئەل - يۇرتلارنى كېزىپ، تالاي
قېتىم جانغا تاقالغان سىناقلارنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ. يەكچەشمە
دىۋە ئارىلىدا، يەكچەشمە دىۋە ئۇنىڭ بىرمۇنچە ھەمراھلىرىنى
تىرىك پېتى يېۋېتىدۇ، ئۆزىمۇ ھاياتىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس
قالىدۇ. دىۋىلەر دۆلىتىدە، ئودىسسۇس ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى
ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرايدۇ. سېھىرگەر ئارىلىدا، ئۇلار چوشقىغا
ئايلىنىپ قالغىلى تاس قالىدۇ، دېڭىز قايىنىمىدا، سەرۋازلىرى
ئۆلۈپ، سەركەردىلىرى ۋەيران بولىدۇ. ئىلاھى كالا ئارىلىدا،
ئۇلار تەڭرىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپ، تامام ھالاك بولىدۇ،
ئودىسسۇس ئۆزى يالغۇز ئىلاھە كالوپسونىڭ ئارىلىغا قېچىپ
بېرىۋالىدۇ. ئارىدىن يەتتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، گەرچە زې-
ۋىسنىڭ پەرمانى بىلەن كالوپسو ئودىسسۇسنى قويۇپ بەرگەن
بولسىمۇ، ئۇ ئۆز ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، بۇ يەردىكى
ئەھۋالنىڭ تېخىمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. كۈچلۈك دۈش-

مەن ئالدىدا، ئۇ سالماقلىق بىلەن ئەپچىل چارە - ئاماللارنى ئىشقا سېلىپ، دۈشمەننى يېڭىپ، ئۇلار ئىگىلىۋالغان ئۆي - ماكانىنى ۋە مال - مۈلۈكلىرىنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ پەم - پاراسەتلىك، جاسارەتكە تولغان خىسلىتىنى نامايان قىلدۇ.

# مۇندەرىجە


بىرىنچى قىسسە ئەقىل - پاراسەت ئىشلىتىپ يەكچەشمە دىۋە بىلەن ئېلىشقانلىقى ........................ 1

ئىككىنچى قىسسە سىياق ئۆزگەرتىۋېتىدىغان چۆپنى خاتا يەپ سالغانلىقى ........................ 18

ئۈچىنچى قىسسە ئاخىرقى كېمىنىڭ پاچاقلىنىشى ........ 34

تۆتىنچى قىسسە دېڭىز تەڭرىسىنىڭ ئودىسسۇسقا زىيانكەشلىك قىلغانلىقى ........................ 51

بەشىنچى قىسسە مۇسابىقە مەيدانىدا باھادىرلىق كۆرسەتكەنلىكى ........................ 66

ئالتىنچى قىسسە باتۇر ئوغۇل ........................ 78

يەتتىنچى قىسسە پادىشاھنىڭ قەلەندەرگە ئايلىنىپ قالغانلىقى ........................ 90

سەككىزىنچى قىسسە ئاتا - بالىنىڭ ئۇچرىشىشى ........ 102

توققۇزىنچى قىسسە ئىتتىن بەتتەر كۈنگە قالغانلىقى...... 118

ئونىنچى قىسسە بوزەك قىلىنىشقا يول قويۇلمىغانلىقى...... 137

ئون بىرىنچى قىسسە ئارقا-ئارقىدىن خورلۇققا ئۇچرىغانلىقى ........................ 150

ئون ئىككىنچى قىسسە ئوق يانىڭ كىرىچىنى تارتالايدىغان ئادەم چىقمىغانلىقى........................ 175

ئون ئۈچىنچى قىسسە يوقىتىش جېڭىنىڭ چىرايلىق تامام بولغانلىقى ........................ 193

ئون تۆتىنچى قىسسە تەۋرىمەس كات سىرى ۋە جىردىم تىكىش قوشىقى توغرىسىدا بايان قىلغانلىقى...... 207

ئون بەشىنچى قىسسە يىغىلىقنى تىنچلىققا ئايلاندۇرغانلىقى ........................ 226

بىرىنچى قىسىم

# ئەقىل ـ پاراسەت ئىشلىتىپ يەكچەشمە دىۋە بىلەن ئېلىشقانلىقى

ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىدە مەنزىرىلىك ئېگەي دېڭىز ساھىلى بار. بۇ دېڭىز ساھىلىغا زېمىنى كەڭ ھەم خاسىيەتلىك بىر يېرىم ئارال جايلاشقان، ئۇ يۇناندۇر.

يۇناننى زېمىنى كەڭ دېيىشتىكى سەۋەب: يۇنان دولقۇنسىمان تاغ چوققىلىرىدىن، چىرايلىق تۈزلەڭلىكلەردىن، ئۆزۈنغا سوزۇلغان دېڭىز قىرغاقلىرىدىن ۋە سان ـ ساناقسىز چوڭ ـ كىچىك ئاراللاردىن تەركىب تاپقان. ھېكايىمىزنىڭ باش قەھرىمانى ئودىسسۇس مەرۋايىت كەبى چېچىلىپ ياتقان ئاراللار ئارىسىدىكى چوڭراق ئارال — ئىتاكې ئارىلىنىڭ پادىشاھى، شۇنداقلا تېزدىن ئاپىرىدە بولۇۋاتقان قەھرىمانلىق دەۋرىدىكى ھەرقايسى جايلاردا سەلتەنەت سۈرۈۋاتقان قەھرىمانلارنىڭ ئالدى ئىدى.

يۇنان ئۆز خەلقىنى تەربىيىلەش، قەھرىمانلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە كۆپلىگەن تەڭرىلىرى بىلەن شۆھرەت تاپقان ئەل ئىدى. شۇڭا يۇنان خاسىيەتلىك ماكانمۇ دېيىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يۇنانلىقلار ئاسمان بىلەن زېمىن ھەم ئادەملەر بىلەن تەڭرىلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئاجايىپ ۋەقەلەرنى كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان ئەپسانىلەرگە ئايلاندۇرغان، باتۇر ئودىسسۇس ھەققىدىكى ھېكايە دەل ئاشۇ بېھېساب ئەپسانىلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ تەسىرلىك ھېكايىلەرنىڭ بىرسى.

ئودىسسۇس يۇناندىكى ئابرۇيلۇق بىر جەمەتتە تۇغۇلدى. ئۇ ئۆسمۈرلۈك چېغىدىن تارتىپلا كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بىر قېتىملىق تەنھەرىكەت كۆرىكىدە، ئۇ يىلپىزدەك يۈگۈرۈپ رەقىبلىرىنىڭ ھەممىسىنى كەينىدە قالدۇرۇپ چېمپىيون بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شان - شۆھرىتى ۋە مەرتىۋىلىك جەمەتىگە تايىنىپ چىرايلىق ۋە دىيانەتلىك پېنېلوپېنى ئۆز نىكاھىغا ئالدى. كېيىن ئۇلار بىر باللىق بولدى، بالىسىنىڭ ئىسمىنى تېلىماكوس قويدى.

ئودىسسۇس ياشىغان دەۋردە، يۇناننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئەڭ دەسلەپ بىر قىسىم شەھەر دۆلەتلىرى پادىشاھلىقى باش كۆتۈرۈپ چىققانىدى. سپارتا بىلەن مىكېنى ئەنە شۇ شەھەر دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ئىككى پادىشاھلىق ھېسابلىناتتى. بىر قېتىم، يىراق ئاسىيادىكى ترويا شەھىرىنىڭ شاھزادىسى پارىس دېڭىزدىن ئۆتۈپ سپارتاغا كەلدى. شۇ چاغدا سپارتانىڭ پادىشاھى مېنېلائوس سپارتادا يوق ئىدى. خانىش ھېلېنىنىڭ گۈزەل رۇخسارى ئالدىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان پارىس ھېلېنىنى ئازدۇرۇپ ترويا غا ئېلىپ كەتتى.

بۇ ئىش يۇناننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئەزىمەتلەرنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويدى. ئۇلار ناھايىتى تېزلىكتە ھەرقايسى جايلاردىكى كۈچلەرنى يىغىپ، ھەيۋەتلىك بىرلەشمە ئارمىيىسى تەشكىللەپ، ترويادىكى ھەددى - ھېسابى يوق بايلىقلارنى تارتىۋېلىش ھەم ھېلېنىنى قايتۇرۇپ ئەكېلىش ئۈچۈن دېڭىزدىن ئۆتۈپ يىراق سەپەرگە — جەڭگە ئاتلاندى. شۇنىڭ بىلەن، ئون يىلدىن كۆپرەك داۋام قىلغان دەھشەتلىك ترويا ئۇرۇشى باشلاندى.

ئودىسسۇس يۇنان بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ ئاساسلىق ئۇرۇش قوماندانلىرىنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇ جەڭلەردە سەپىنىڭ ئالدىدا بولدى، پېداكارلىق بىلەن كۆپ قېتىم ئاجايىپ تۆھپىلەرنى ياراتتى. جەڭنىڭ ئاخىرقى تەقدىرىنى بەلگىلىگەن مەشھۇر ياغاچ

ئات ھىيلىسىنى ئودىسسۇس ئويلاپ تاپقانىدى. ئاكىيالىقلار ئۇ كۆرسەتكەن ئەقىل بويىچە ئىككى قەۋەت بىنا ئېگىزلىكىدە ئالامەت يوغان بىر ياغاچ ئات ياسىدى. بىر ئەترەت ئەڭ جەسۇر باتۇرلىرىنى ياغاچ ئاتنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ، ئاتنى شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى. تروياليقلار ئالدام خالتىغا چۈشۈپ، ياغاچ ئاتنى جەڭ ئىلاھىسى سۈپىتىدە شەھەرگە ئەكىرىۋالدى. ئەل ئايىغى بېسىققان چاغدا، ئاكىيا باتۇرلىرى ياغاچ ئاتتىن چىقىپ، شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىۋەتتى - دە، شەھەر سىرتىدىكى باتۇرلار بىلەن ماسلىشىپ، ئاخىر ترويا شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، بۇ ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى.

«ئۆيگە قايتىدىغان بولدۇق! ئايرىلىپ كەتكىلى ئون يىل بولغان يۇرت - ماكانىمىزغا قايتىدىغان بولدۇق!» ئۇرۇش ۋە ھالاكەتتىن قۇتۇلغان ئاكىيالىقلار قالتىس خۇشال بولۇشتى. خۇشاللىقىدا سەكرىشىپ كېتىشكەن ئاكىيالىقلارنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن شادلىق ياشلىرى مەڭزىلىرىنى بويلاپ ئاقتى.

پېشقەدەم قوماندان ئودىسسۇس ئامان قالغان ئادەملىرىنى باشلاپ، ئۆزىنىڭ سەككىز ئۇرۇش كېمىسىنى يىغىپ، كېمىلىرىنىڭ يەلكەنلىرىنى چىقىرىپ، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ترويادىن ئايرىلىپ، يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئودىسسۇس ئون يىلدىن بۇيان ئۆز ئېلىنى ھەر ۋاقىت ياد ئېتىپ كەلدى. ۋەتىنى گەرچە نامرات بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ھەرقانچە باياشات ئەلمۇ ئۆزىنىڭ ئەل - يۇرتىغا ئوخشاش سۆيۈملۈك تۇيۇلمىدى. ئەر ۋە ئاتا بولۇش سۈپىتىدە خوتۇنىدىن ۋە بالىسىدىن غەم قىلاتتى. ئودىسسۇسنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىمۇ شۇنداق ئىدى، ئۇلارمۇ ۋەتىنىگە بالدۇرراق قايتىشقا ئالدىرايتتى.

دېڭىز دولقۇنلىرى گويا تاغقا ئوخشايتتى. يامغۇر بۇلۇتلىرى دېڭىز ئۈستىدە لەيلەپ يۈرەتتى، تەبىئەت كىشىلەرنىڭ رايىغا بايقمايدۇ. ئودىسسۇس ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تولىمۇ يامان كۈنگە

قالدى. ئۇلارنىڭ كۆرگۈلۈكى مۇشۇ بولسا كېرەك. ئۇلار دېڭىز-دا لەيلەپ يۈرۈپ، ھەيران قالارلىق تەۋەككۈلچىلىكلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈشتى.

قاتتىق بوران، دەھشەتلىك دولقۇنلار يۈگەنسىز ئاتتەك قۇتراپ، ئۇلارنىڭ كېمىلىرىنى سۈرگەن پېتى مەنزىلگە قارشى تەرەپكە ئاپىرىپ قويدى. ئارىلىقتا بىرپەس چىققان قاتتىق بوران تەسىرىدە ئۇلار يەنە ئىسماروسقا بېرىپ قالدى. بۇ كاكونىيسلار ئولتۇراقلاشقان جاي بولۇپ، ئۇلار ئەزەلدىن يۇنانلىقلارغا ئۆچ ئىدى.

ئودىسسۇس باتۇر سەرۋازلىرىنى قۇرۇقلۇققا چىقىشقا بۇيرۇدى. ئۇلار قۇرۇقلۇققا چىقىپ نۇرغۇن كاكونىيسلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئاستانىسى — ئىسماروسنى ئىشغال قىلدى ۋە كۆپلىگەن ئولجىغا ئېرىشتى. لېكىن، ئۇلار غەلىبە خۇشاللىقىدا گاڭگىراپ كېتىپ، دۈشمەنلەرتارمار بولدى، دەپ ھېسابلاپ ئىسماروس شەھىرىدە يەپ - ئىچىشكىلا بېرىلىپ كېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ خەتەرلىك ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، قىرغاقتىن ئايرىلىپ كېمىلىرىگە چىققۇسى كەلمىدى.

دەل شۇ چاغدا، دېڭىز ياقىسى ئەتراپىغا چېچىلىپ كەتكەن كاكونىيسلار باشقا جايلاردىكى ئىتتىپاقداشلىرىنى چاقىرىپ، زور قوشۇن توپلىدى. ئۇلار يۇنان سەرۋازلىرىنى يەپ - ئىچىش بىلەن بولۇپ كەتكەن پەيتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارغا تۇيۇقسىز قورشاپ ھۇجۇم قىلدى - دە، مۇداپىيەسىز ھالەتتە تۇرغان بىر تالاي ئىشغالىيەتچىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، قولىدىن كەتكەن ئولجىلىرىنى قايتۇرۇۋالدى.

ئودىسسۇسنىڭ ئادەملىرى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. ئۇلار جان تىكىپ ئېلىشىپ ئاران دېگەندە، يول ئېچىپ كېمىلىرىگە چىقىۋالدى. ئۇلار كېمىلىرىگە چىقىپ بولۇپ، قارا بولۇتتەك يوپۇرۇلۇپ كەلگەن كاكونىيسلارنى ئويلاپ، يۈرىكى قېپىدىن

چىقىپ كېتكۈدەك قورقۇپ كەتتى ۋە كۆڭلىدە ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ھالاك بولۇپ كەتمىگەنلىكىدىن خۇش بولدى.

كېمە ئەترىتى تېزلىك بىلەن ئۆزلىرىنىڭ يۇرت - ماكانىغا قاراپ ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتاتتى، كۆپچىلىك ئىتاكىغا پاتراق بېرىۋېلىشنى چىن كۆڭلىدىن ئارزۇ قىلىشاتتى. ئويلىمىغاندا، كېمىلەر يۇنان يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىي بۇرجىكىنى ئەمدىلا ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئۆز يۇرتىنىڭ تۇپرىقىغا يېتىپ كېلەي دەپ قالغان چاغدا، دېڭىزدا بىردىنلا شىمال تەرەپتىن كۈچلۈك بوران چىقىپ، ئۇلارنى ئۆز نىشانىغا تەتۈر بولغان تەرەپكە سۈرۈپ، ئاخىرى يوچۇن بىر دېڭىز ساھىلىگە ئاپىرىپ قويدى.

ئودىسسۇس بۇ قېتىم ناھايىتى ئېھتىيات قىلدى، ئۇ سۇ تېپىپ كېلىش ئۈچۈن ئالتە ئادەمنىلا قىرغاققا چىقاردى. بۇ ئارالدا قۇشلار سايرىشىپ، گۈللەر خۇش پۇراق چېچىپ، ھەممە يەردە خاتىرجەم ھايات ھۆكۈم سۈرەتتى. بۇ ھەقىقەتەن غەلىتە ئارال ئىدى، ئاھالىسى شۇنداق بىغەم يۈرۈشەتتى. ئەجەبا ئۇلار ئەمگەك قىلماي تۇرۇپ ئۆزىنى قامدىيالامدىكىنە؟ ئەسلىدە، بۇ يەردە بىر خىل غەمسىز دەرەخ ئۆسەتتى. دەرەختە ئالما چۈشەتتى، بۇ ئالما كىشىنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپلا قالماي، يەنە بىر خىل ئالاھىدە ئۈنۈمگە ئىگە ئىدى. مەيلى ئۇنى كىم يېسۇن، شۇ كىشى ھەممىنى ئۇنتۇپ، يۇرتىغا كەتكۈسى كەلمەي قالاتتى. شۇڭا، باشقا جايدىكىلەر بۇ يەرنى بىغەملەر دۆلىتى، نىلۇپەر دۆلىتىمۇ دەپ ئاتىشاتتى. بۇ يەر نىلۇپەرگە ئوخشاش سۆيۈملۈك، ئەمما كىشىگە پىچاق ئىشلەتمەي زىيانكەشلىك قىلىدىغان، كىشىنى لايغەزەل ھەم ئۇنتۇغاق قىلىپ قويىدىغان جاي ئىدى.

ئارال ئاھالىسى بۇ ئالتە يۇنانلىقنى ئەدەپ بىلەن كۈتۈۋالدى، ئۇلارنىڭ يۇنانلىقلارغا زىيانكەشلىك قىلىش مەقسىتى ئەسلا يوق ئىدى. يۇنانلىقلارنى ئالما يېيىشكە قىزغىنلىق بىلەن تەكلىپ قىلدى، بۇ ئالمىلار ھەسەلدىن تاتلىق ئىدى. ئالتە

يـۇنانلىق بەس ـ بەستە ئالما يېيىشكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇلار-
نىڭ قورساقلىرى شاردەك كۆپۈپ كەتكەن بولسىمۇ، تويغىنىنى
بىلمەي بىر خىلدا يەۋېرىشتى. ئالما قورساققا كىرگەندىن كې-
يىن، ئۆزىنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئالتە ئاكى-
يالىق يۇرتىنى، قېرىنداشلىرىنى، ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەرگە ئۇس-
سۇزلۇق ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى، ئودىسسۇسقا ئەھۋال دوكلات
قىلىش كېرەكلىكىنى تامام ئۇنتۇدى. ئۇلارنىڭ بۇ يەردىن كەتكۇ-
سى كەلمەي، بىغەملەر دۆلىتىدە مەڭگۈ قېلىپ، كۈنلىرىنى ئالما
يېيىش بىلەن ئۆتكۈزۈشتىن باشقىنى ئويلىمىدى.

ئودىسسۇس بۇ ئەھۋالنى بىلىپ بەك ئاچچىقلاندى، ئۇ بۇي-
رۇق بىلەن بۇ ئالتەيلەننى پۇت ـ قوللىرىنى باغلىتىپ ئەكې-
لىپ، پالوبا ئاستىغا تاشلاتقۇزۇپ، خاتىرىسى ئەسلىگە كەلگەن-
دىن كېيىن، ئاندىن ئۇلارنى باغلاقتىن بوشاتتى. شۇنىڭ بىلەن
بىرگە، كېمىچىلەرگە كېمىلەرنى ھەيدەپ، بىكار تەلەتلەر جاي-
لاشقان دېڭىز ساھىلىدىن ئايرىلىشنى تاپىلىدى.

بىر پەس چىققان كۈچلۈك بوران كېمىلەرنى يەنە سۈرۈپ
ئوكيانغا ئاپىرىپ قويدى. ئودىسسۇس ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى
توققۇز كېچە ـ كۈندۈز چىققان شىددەتلىك بوران ـ چاپقۇندا
قالدى. ئۇلار يەڭگىللىك بىلەن دېڭىز قىرغىقىغا يېقىنلىششقا
پېتىنالمىدى، ئىككى قېتىملىق ساۋاق ئۇلارنى ئېھتىياتچان قى-
لىۋەتكەنىدى.

ئوننىچى كۈنى سەھەردە يامغۇردىن كېيىن ھاۋا ئېچىلىپ،
شەپەق ئۆزىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان نۇرلىرىنى يەنە كۆپكۆك
دېڭىزغا چاچتى. كېمىلەر كوكلوپوسقا يېقىنلاشتى. كوكلوپوس
بەكمۇ جەلپكارانە جاي ئىدى: قويۇق ئورمانلىق، زىرائەتلەر بۇ-
لۇق ئۆسكەن، ئۈزۈملەر مەي باغلاپ پىشىپ كەتكەنىدى. تاغدا
ياۋا ئۆچكە سەكرىشىپ يۈرۈشەتتى. بىراق، بۇ ئارالنىڭ كىشىگە
بەخت ياكى ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان ئارال ئىكەنلىكىنى بىلگىلى



بولمايتتى.

كۆتۈلمىگەن ئەھۋاللارنىڭ يەنە يۈز بېرىپ قالماسلىقى ئۈ-
چۈن، ئودىسسۇس قىرغاقتا ئۆزى چىقىش قارارىغا كەلدى. ئۇ
ئون ئىككى ئادەمنى تاللاپ، سوۋغا ـ سالام ئېلىپ، قىرغاقتىكى-
لەرگە سالام بەرگەچ، ئۇلارنىڭ ياقا يۇرتلۇقلارغا قانداق مۇئامى-
لىدە بولىدىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولدى.

ئۇلار يېرىم كۈن مېڭىپمۇ بىرەر ئادەمنى ئۇچراتمىدى،

ئاخىر ئۇلارغا بىر ئۆڭكۈر ئۇچرىدى. بۇ يەردە بىرسى تۇرغاندەك قىلاتتى. ئۆڭكۈرگە قارىغاي بىلەن كاۋچۇك دەرىخى لىم ئورنىدا ئىشلىتىلگەن، بۇنىڭدىن ئۆڭكۈرنى سەرەمجانلاشتۇرغان ئادەمنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ئەسلىدە بۇ يەردە چارۋىچى دىۋە جەمەتى — كوكلوپوسلار تۇراتتى.

ئودىسسۇس ئۆڭكۈرگە كىرىپ، ئۆڭكۈرنىڭ خوجايىنىنى كۆرۈپ باققۇسى كەلدى. ئۇ كۆپچىلىككە ئىپسىل شاراب قاچىلانغان بىر تۇلۇمنى ئۆڭكۈرگە ئەكىرىشنى ئېيتتى. ئۇ بۇ بىر تۇلۇم ئىپسىل شارابنى يۈز كۆرۈشۈش سوۋغىسى قىلماقچى بولدى.

ئۇلار ئۆڭكۈردە خېلى بىر هازا ئايلىنىپ يۈرۈشتى. نەگىلا قارىسا، دۈۋىلەكلىك قوي گۆشى، ئىدىش ـ ئىدىشلاردا لىق تولغان قوي سۈتى، قوتانلار كۆزگە چېلىقاتتى. قارىغاندا، قوتاندىكى چارۋىلارنى ئىگىسى بېقىش ئۈچۈن ئېلىپ چىقىپ كەتكەندەك قىلاتتى. قاراڭغۇ چۈشەي دېگەن چاغدا، ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىدا قۇلاقنى يارغۇدەك بىر ئاۋاز ياڭرىدى. ئۆڭكۈردىكى يۇنانلىقلارنىڭ قورققىنىدىن يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۇدەك بولۇپ كەتتى. ئۇلار ئاۋاز چىققان تەرەپ — ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا نەزەر سېلىشتى. توۋا، ئۆڭكۈرگە بىر دىۋە كىرىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بوي ـ تۇرقى تۆمۈر مۇنارغا ئوخشايتتى. پېشانىسىدە ئۆردەك تۇخۇمىدىن نەچچە هەسسە چوڭلۇقتا بىر كۆز بار ئىدى؛ پۇتلىرى ئەگرى ـ دوناي ئۆسكەن دۈپ دەرىخىدەك يوغان ئىدى؛ ئۇزۇن بىلەكلىرى چىگىچى كۆپ ماچتىغا ئوخشايتتى. بايام چىققان ئاۋاز يەلكىسىدىكى يوغان بىر باغلام ئوتۇننى يەرگە تاشلىغان چاغدا چىققان ئاۋاز ئىدى. ئۇ ئوتۇن ئەمەس، يىلتىزىدىن قومۇرۇلغان يوغان دەرەخ ئىدى. ئودىسسۇس ۋە ئۇنىڭ هەمراهلىرىنىڭ پۇت ـ قوللىرى مۇزلاپ، ئۆپكىلىرى ئاغزىغا تىقىلىپ قېلىشتى.

بۇ يەكچەشمە دىۋە مۇشۇ ئۆڭكۈرنىڭ خوجايىنى — ئىسمى

پولىفېمۇس بولۇپ، دېڭىز تەڭرىسى پوسېيدوننىڭ ئوغلى ئىدى. بىر توپ قويلارنى ئۆڭكۈرگە ھەيدەپ كىرىپ، غايەت چوڭ بىر قورام تاشنى يۆتكەپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىنى توسۇپ قويدى. بۇ قورام تاشنى يىگىرمە ئۆكۈزمۇ سۆرىيەلمەيتتى.

دېۋە ئۆڭكۈرگە گۈلخان يېقىپ، ئۆچكىلەرنى سېغىشقا باشلىدى-دە، يوغان بىر كۆزى بىلەن ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە سەپسالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئودىسسۇسنىڭ بىرنەچچە ئادىمىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ شۇ زامان غەزەپ بىلەن ھۆركىرىدى، ئۇنىڭ ھۆركىرىشىدىن ئۆڭكۈر لەرزىگە كېلىپ، ھەتتا ئۆڭكۈرنىڭ ئۈستىدىن شېغىل - تاشلار شىرقىراپ يەرگە چۈشتى. ئۇ ھۆركىرەپ تۇرۇپ ئۇلاردىن:

— ھوي، پەتەكلەر، سىلەر نېمە ئادەملەر؟ نەدىن كەلدىڭلار؟ سىلەر سودىگەرمۇ ياكى كۆرگەنلا يەرگە چاڭ سالىدىغان قاراقچىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

راست، بۇ دېۋە ئالدىدا يۇنانلىقلار ھەقىقەتەن پەتەك ئىدى. ئۇلار خۇددى پىلنىڭ يېنىدا تۇرغان قوزىغا ئوخشايتتى. ئودىسسۇس غەيرەتكە كېلىپ، يىراقتىن ئېگىلىپ سالام بېرىپ سەمىمىيلىك بىلەن ئۇنىڭغا:

— بىز يۇنان ئېلىدىن كەلگەن ئاكىيالىقلار، ترويا ئۇرۇشىنى ئاياغلاشتۇرۇپ يۇرتىمىزغا كېتىۋاتقان سەرۋازلار. دېڭىزدا نىشاندىن ئادىشىپ قېلىپ، لەيلەپ يۈرۈپ ئالدىلىرىغا كېلىپ قالدۇق. زېۋسنىڭ يۈز - خاتىرىسى ئۈچۈن بولسىمۇ، بىزگە ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىشلىرىنى سورايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئودىسسۇس پولىفېمۇسنىڭ بۇ گەپلەرگە پىسەنت قىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇ قوپاللىق بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ، مەنسىتمىگەن ھالدا:

— تۇفى! تۇفى! زېۋس دېگەن نېمىدى ئۇ؟ ئەخمەق،

مېنىڭ كىملىكىمنى بىلەمسەن؟ بىز كوكلوپوسلار ھېچنېمىدىن قورقمايمىز. تەڭرى بىلەن مېنى قورقىتمەن دېمە! ھېلىغۇ زېۋس ئىكەن، ھەممە تەڭرىلەرنى يىغىپ كەلسەڭمۇ، بىزدە ئۇلارغا تاقابىل تۇرغۇدەك جۇرئەت بار. مەن سىلەرگە رەھىم - شەپقەت قىلساملا، سىلەر ئاندىن جېنىڭلارنى ئامان ساقلاپ قالىسىلەر. ماڭا ئاۋۋال دەپ بەر، كېمىلىرڭلارنى نەگە يوشۇرۇپ قويدۇڭ؟ — دېدى.

ئودىسسۇس كاللىسىنى تېز ئىشلىتىپ، ئۇستاتلىق بىلەن:

— دېڭىز تەڭرىسى پوسېيدۇن دېڭىزدا غايەت زور دولقۇنلارنى پەيدا قىلىپ، كېمىلىرىمىزنى تاشقا ئۇرۇپ پاچاق - پاچاق قىلىۋەتتى. ئون نەچچىمىزلا ئامان قالدۇق. شۇنىڭ بىلەن، دېڭىزدا لەيلەپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالدۇق، —دېدى پولىفېمۇسقا.

دېۋە پولىفېمۇس گەپ - سۆز قىلمىدى، ئۇ يوغان قولى بىلەن ئىككى ئاكىيالىق سەرۋازنى «كاپپىدە» تۇتۇپ يەرگە تاشلىدى، بۇ ئىككى سەرۋازنىڭ مېڭىسى چۇۋۇلۇپ، پۈتۈن يەر قان بولۇپ كەتتى ۋە ئۇلارنى پارچىلاپ، خۇددى چۈجىنى يېگەندەك يەۋەتتى. ئۇنىڭ قىپقىزىل ئاغزى كۆيۈۋاتقان ئوچاققا ئوخشايتتى، ئۇستىخانلار ئاغزىدا غىرىسلايتتى. ئۇ بىردەم ئۇستىخان چايناپ، تىلى بىلەن جاۋغايلىرىدىكى قىپقىزىل قاننى سۈرتىۋەتتى. ئودىسسۇس ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قورققىنىدىن غال - غال تىترىشىپ، جانلىرىنىڭ ئامان قېلىشى ئۈچۈن زېۋسقا دۇئا قىلىشقا مەجبۇر بولۇشتى، ئۇلارغا بۇنىڭدىن ئۆزگە ئامال يوق ئىدى.

يەكچەشمە دېۋە كەچلىك تامىقىنى يەپ بولۇپ، كەينىدىن يەنە بىر ئىدىش قوي سۈتى ئىچتى - دە، قويلار ئارىسىدا يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. ئۇنىڭ خورەك ئاۋازى دۇمباق ئاۋازىنى بېسىپ چۈشەتتى. ئۇ شۇ تاپتا قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئودىسسۇس

شۇندىلا يۈرەكلىك هالدا ئالدىغا مېڭىپ، شەمشىرىنى قېنىدىن چىقىرىپ، دىۋىنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى چۇۋۇۋەتمەكچى بولدى. لېكىن، ئۇ ئويلىنىپ قالدى، بۇنداق قىلىش تولىمۇ خەتەرلىك ئىدى. بىرىنچىدىن، شەمشەر بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرۈش ناتايىن. ناۋادا ئۇ ئۆلمەي قالسا، يارىلانغان دىۋە ئۇلارنى مىجىپ ياكى يەرگە ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. ئىككىنچىدىن، بۇ دىۋە ئۆلگەن هالەتتىمۇ، ئۇلار ئۆڭكۈر ئاغزىغا توسۇپ قويۇلغان هېلىقى قورام تاشنى مىدىرلىتالمايتتى. ئۇلارغا سىرتتىن كېلىپ ياردەم قىلىدىغان هېچقانداق كۈچ يوق، ئۆڭكۈردىن چىقىپ كېتەلمەسلىك كوكلوپوس ئارىلىدىن چىقىپ كېتەلمىگەنلىك بىلەن باراۋەر ئىدى. مۇشۇلارنى ئويلاپ ئودىسسۇس شەمشىرىنى قېنىغا سېلىپ قويۇپ، هەمراهلىرى بىلەن دەككە ـ دۈككە ئىچىدە كېچىنى ئۆتكۈزدى. دىۋىگە قانداق تاقابىل تۇرۇش كېرەك؟ بۇ توغرۇلۇق مەسلىهەتلىشىش ئەتىگە قالدى.

پولىفېمۇس ئەتىسى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ، چوغنىڭ ئۈستىگە ئازراق ئوتۇن تاشلاپ، ئوتنى قايتىدىن يېلىنجاتتى، ئاندىن سۈت سېغىشقا باشلىدى. ئاكىيالىقلار غال ـ غال تىترىشىپ غۇژمەك بولۇپ، قورقۇنچلۇق دىۋىگە قارىشىپ تۇراتتى.

پولىفېمۇس قورسىقىنى تويغۇزۇپ بولۇپ، گۈدۈك ئاۋازدىنمۇ قاتتىق ئاۋازدا ئىسقىرتىپ، چارۋىلىرىنى هەيدەپ ئۆڭكۈردىن چىقتى. ئۇ ناهايىتى ئەستايىدىل ئىدى. ئاكىيالىقلارنىڭ قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، قورام تاش بىلەن ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. دىۋە يوچۇق قالغان ـ قالمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ، يەرنى گۈرسۈلدىتىپ چارۋىلىرىنى هەيدەپ تاغقا چىقىپ كەتتى.

ئودىسسۇس شۇئان تاقابىل تۇرۇشنىڭ تەدبىرى توغرۇلۇق ئويلىنىشقا باشلىدى. گەرچە ئۇ دىۋىنىڭ ئالدىدا پەتەك سانالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ئەمەلىي هەرىكىتى ۋە ئەقىل ـ پارا-

سىتى ئارقىلىق ئۇنىڭ مۇتتەھەملىكىنى جەزمەن يەڭگىلى بولىدى-
غانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولدى. ئۇ ئوتۇن دۆۋىسىدىن يوغان
خادىدەك بىر توم دۇب ياغىچىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، شەمشىرى
بىلەن ياغاچنىڭ ئۇچىنى ئۇچلاپ، ئوتتا قىزدۇردى، مەقسەت:
ئۇنى قىزدۇرۇپ تاشتەك قاتتىق قىلىش ئىدى. ئۇ يەنە تۆت باتۇر
سەرۋازنى تاللاپ، بۇ قورالنى ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى ئۇلارغا ئۆ-
گەتتى. كۆپچىلىك دىۋە قاتتىق ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن، ئۇچى
ئۇچلىنىپ، ئوتتا قىزدۇرۇلغان دۇپ ياغىچىنى دىۋىنىڭ كۆزىگە
سانجىپ، ئۇنى كور قىلىۋەتمەكچى بولۇشتى.
ناماز شام بولغاندا، قورقۇنچلىق يەكچەشمە دىۋە چارۋىلىرى-



نى ھەيدەپ قايتىپ كەلدى. ئۇ ئالدىنقى ئاخشىمىدىكىگە ئوخشاش قورام تاش بىلەن ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىنى توسۇپ قويۇپ، ئىككى ئاكىيالىق سەرۋازنى يەۋەتتى، ھېلىقى ئىككى ئاكىيالىق سەرۋاز-نى يالماپ يەۋاتقان چاغدا، ئودىسسۇس تولۇمدىكى شارابنى كاسى-سىغا قويۇپ دېدىكە:

— كوكلوپوس، شارابقا مەرھەمەت قىلسىلا. بۇ شاراب سىلى يەۋاتقان ئادەم گۆشىنى ھەزىم قىلدۇرىدۇ. مۇبادا بۇ شاراب سىلىگە ياراپ قالسا، بىزنى قويۇپ بېرىشلىرىدىن تىلەيمىز، — دېدى.

دىۋە شارابنى بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى. شارابنىڭ تەمى ئۇنىڭغا بەك ئېسىل تۇيۇلۇپ كەتتى. بۇنى كۆڭلى تۇيغان ئودىس-سۇس كاسىسىغا تولدۇرۇپ كەينى - كەينىدىن ئۈچ قېتىم شاراب قۇيدى. بۇ ئادەتتىن تاشقىرى كۈچلۈك شاراب ئىدى. شارابنىڭ خۇشبۇي پۇرىقى دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ئەمما، بۇ شارابقا يىگىرمە ئۇلۇش سۇ قوشۇپ ئىچكەندىلا، ئادەم ئاسان مەست بولمايتتى. دىۋە شاراب تەسىرىدىن خۇدىنى يوقىتىپ، ئۈچ قېتىمدا كاسىسىدىكى شارابنى بىر تىنىم قالدۇرماي ئىچىۋەتتى. ئۇ:

— مېنىڭ ئىسمىم پولىفېمۇس، ماڭا ئېسىل شاراب تۇتقان-لىقىڭ ئۈچۈن سېنى ئەڭ ئاخىرىدا يەيمەن، ئېيتە، ئىسمىڭ نېمە؟

ئودىسسۇس ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىسمىنى ئېيتمىدى، ئۇ يى-راقنى كۆرەر ئىدى. شۇڭا دېدىكە:

— مېنىڭ ئىسمىم، «ئادەم يوق» — دەپ ئېيتتى.

دىۋە شارابنىڭ كۈچىدە غەرق مەست بولۇپ، ئۆرۈلۈپ چۈش-كەن بىناغا ئوخشاش گۈپلا قىلىپ يىقىلدى، ئەمدى پۇرسەت يېتىپ كەلگەنىدى. ئودىسسۇس ھەمراھلىرى بىلەن بىرلىكتە دۇب ياغىچىدىن ياسالغان قوزۇقنى يەكچەشمە دىۋىنىڭ كۆزىگە

تىقتى. ئۇنى پۇتۇنلەي كور قىلىۋېتىش ئۇچۇن، ئۇلار ۋىنتە چىگىتقانغا ئوخشاش قوزۇقنى كۈچ بىلەن بۇراۋەردى.

دىۋە ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي ئويغىنىپ ھۆركىرەپ كەتتى، ئۇنىڭ ھۆركىرىشىدىن ئۆڭكۈر لەرزىگە كەلدى. ئودىسسۇس ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى دەرھال تارقىلىپ، بۇلۇڭ - بۇلۇڭلارغا كىرىپ كېتىشتى. دىۋە كۆزىدىكى قوزۇقنى تارتىپ چىقىپ، ئۆڭكۈرنىڭ سىرتىغا قاراپ شەرەتلىدى.

— ئادەم بارمۇ؟ مېنى قۇتقۇزۇڭلار!

كۆپ ئۆتمەستىن، ئۆڭكۈر سىرتىدىكى بىر توپ كوكلوپوس-لار يۈگۈرۈپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ تەقى - تۇرقىلىرىمۇ پولىفې-مۇسنىڭكىدەك زور ئىدى. ئۇلارنىڭ قالايمىقان يۈگۈرەشلىرىدىن تاغۇ تاش تەۋرەپ كەتتى. كوكلوپوسلار تۇشمۇتۇشتىن:

— نېمانداق ھۆركىرەيسەن؟

— سەن كىم بىلەن بىللە؟



— كىم ساڭا زىيانكەشلىك قىلدى؟ — دەپ سوراشتى ئۇنىڭدىن.

پولىفېمۇس نىجاتكارغا ئېرىشكەندەك بولۇپ:

— مەن ئادەم يوق بىلەن بىللە، ماڭا ئادەم يوق زىيانكەشلىك قىلدى! — دەپ جاۋاب بەردى شۇئان.

ئۆڭكۈرنىڭ سىرتىدىكى كوكلوپوسلار ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ زىيانكەشلىك قىلمىغانلىقىنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئاڭلاپ غۇدۇراشقان پېتى:

— ساڭا ئادەم يوق زىيانكەشلىك قىلغان بولسا، بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشىڭغا ياردەم بېرىدىغان ئادەم يوق!

— ئادەم يوق سەن بىلەن بىللە ئىكەن، ساڭا بالا - قازا كەپتۇ. بۇ كۆكتىن چۈشكەن بالا - قازا، ساڭا باشقىلار ياردەم قىلالمايدۇ، — دېيىشتى.

ئۇلار شۇنداق دېيىشىپ، ئۆز ئۆڭكۈرلىرىگە ئۇخلىغىلى كىرىپ كېتىشتى. نەتىجىدە، ئودىسسۇسنىڭ كارامىتى كۈچىنى كۆرسەتتى. ئۇ «ئادەم يوق» دېگەن يالغان ئىسىم بىلەن كۆپچىلىكنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالدى.

كۆزىدىن ئايرىلغان پولىفېمۇس دەلدەڭشىپ يۈرۈپ ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىنى تاپتى. ئۇ بىر ياقتىن ئازابلىق ئىڭراپ، يەنە بىر ياقتىن ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىدىكى قورام تاشنى يۆتكىدى. چۈنكى تاڭ ئاتقان، چارۋىلارنىڭ قورسىقى ئاچقانىدى، چارۋىلارنى يايلاتمىسا بولمايتتى. دېۋە ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىدا ئولتۇرۇپ قويلار بىلەن بىللە قېچىپ كېتىشنى پەملەۋاتقان ئاكىيالىق سەرۋازلارنى تۇتۇۋالماقچى بولغاندەك، يوغان قوللىرى بىلەن ئالدىدىن ئۆتكەن ھەربىر قوينى سىيلايتتى.

ئودىسسۇس ئۇنچىلىك ئەخمەق ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىر پىلان كەلدى: ئۇ چارۋىلارنىڭ ئارىسىدىن ئەڭ يۇڭلۇق ھەم ئەڭ تېمەن ساغلام قويلارنى تاللاپ، ئۈچىنى بىر رەت قىلىپ



چېتىپ، ئاندىن ئوتتۇرىسىدىكى قوينىڭ قارنىغا بىر ئادەمنى
قۇچاقلىتىپ باغلاپ قويدى، ئۇ ئۆزىمۇ بىر قوينىڭ قارنىنى چىڭ
قۇچاقلاپ ياتتى.

پولىفېمۇس قويلارنىڭ دۈمبىسىنى كۆڭۈل قويۇپ سىلىدى،
لېكىن ئۇ ئاكىيالىقلارنىڭ قويلارنىڭ قارنىغا يوشۇرۇنۇۋالغان-
لىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى. قويلار ئۆڭكۈردىن كەي-
نى - كەينىدىن چىقماقتا ئىدى. قويلارنىڭ قاتارىدا ئاكىيالىق
سەرۋازلارمۇ ئۆڭكۈردىن چىقىپ كېتىشتى. نۆۋەت ئودىسسۇسقا
كەلگەندە، بەك خەتەرلىك ئەھۋال يۈز بەردى! دىۋىنىڭ يوغان
قوللىرى ئودىسسۇسنىڭ چېچىغا تېگىپ كەتتى. ئۇ قورقۇپ ئەن-
دىكىپ كەتتى. ئەمما، دىۋە ئۇنىڭ چاچ ئىكەنلىكىنى سېزەلمەي،
قوي يۇڭى ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، ئاخىر يەنە ھېلىقى قوينىڭ
دۈمبىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ، قوينى ئۆتكۈزۈۋەتتى.

ئودىسسۇس ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى خەتەردىن قۇتۇلۇپلا قال-

ماي، يەنە بىر قوتان قويغا ئىگە بولۇپ قالدى. كېمىدىكى ھەم-
راھلىرى گۆر ئاغزىدىن يانغان بۇ يەتتەيلەننى يىغلاپ تۇرۇپ
كۇتتۇۋېلىشتى. ئۇلار كېمىلىرىنىڭ يەلكەنلىرىنى چىقىرىپ، پالا-
قلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ھايات - ماماتلىق جەڭ مەيدانىدىن
ئايرىلدى.

ئۇلار قىرغاقتىن ئايرىلغان، لېكىن توۋلىسا ئاۋازى قىرغاق-
قا ئاڭلىنىدىغان يەرگە بارغىنىدا، ئودىسسۇس كېمىدە تۇرۇپ
ۋارقىرىدى:

— پولىفېمۇس، سەن كۈچ - قۇدرىتىڭگە تايىنىپ
ئاجىزلارنى بوزەك قىلما! مېھمانلىرىڭنى ئۆزۈڭگە يەم قىلساڭ
تېخىمۇ بولمايدۇ! ساڭا دەپ قوياي، كۆزۈڭنى كور قىلغۇەتكەن
ئادەمنىڭ ئىسمى ئادەم يوق ئەمەس، ئۇنىڭ ئىسمى ئودىسسۇس،
تروياني بويسۇندۇرغان قەھرىمان!

پولىفېمۇس بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرغەزەپكە كەلدى ۋە:

— ئودىسسۇس، قاراپ تۇر! ئاتام سەندىن چوقۇم ئۆچۈمنى
ئېلىپ بېرىدۇ! ئۇ جېنىڭنى ئالمىغان تەقدىردىمۇ، سېنى دېڭىزدا
سەرسان قىلىپ ئازابلايدۇ. ئاتامنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟ ئۇ
دېڭىز تەڭرىسى پوسېيدۇن! — دەپ ھۆركىرىدى.

ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپ، يوغان بىر تاشنى ئېلىپ كېمىلەرگە
قارىتىپ كۈچەپ ئاتتى، تاش ئودىسسۇس ئولتۇرغان كېمىگە
تېگىپ كەتكىلى قىل قالدى.

يۇنانلىقلار پولىفېمۇسقا پەرۋا قىلمىدى، ئۇنىڭ ئاتقان تېشى
كېمىگە تېگىپ كېتىدىغان دائىرىدىن دەرھال چىقىپ كەتتى.
ئودىسسۇس ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى خەتەردىن قۇتۇلغانلىقىنى شا-
راب ئىچىپ قۇتلۇقلاپ، دولقۇنلارنىڭ باغرىنى يېرىپ ئىلگىرد-
لەپ كېتىۋەردى.

## ئىككىنچى قىسسە

# سىياق ئۆزگەرتىۋېتىدىغان چۆپنى خاتا يەپ سالغانلىقى

دېڭىزدا بىر ئارال سېرىق نۇر چېچىپ تۇراتتى، ئودىسسۇس كېمىسىنى ھەيدەپ يېقىن بېرىپ قارىدى، بۇ مىس تامدىن قايتقان نۇر ئىدى. ئارالنى ئوراپ تۇرغان مىس تام تىك قىيانى بويلاپ سېلىنغانىدى. ئودىسسۇسنىڭ كېمىلىرى شامال تەڭرىسى ئائو- لۇسنىڭ ئارىلىغا كېلىپ قالغانىدى.

ئودىسسۇس قىرغاققا چىقىپ، ئارالنىڭ خوجايىنىغا سالام قىلدى ۋە ئائولۇسنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا سازاۋەر بولدى. شامال تەڭرىسى ئائولۇسنىڭ ئالتە ئوغلى، ئالتە قىزى بار ئىدى. ئۇلار ئون ئىككى خىل شامالنى باشقۇراتتى. ئائولۇس بۇنى ئودىسسۇسقا بىر - بىرلەپ چۈشەندۈرۈپ قويدى. ئودىسسۇس ئارالدا بىر ئاي مېھمان بولۇپ، دېڭىزدىكى نازۇ نېمەتلەرنى يېتىدى: راك ۋە بېلىق قورۇمىسىغا، ئاكۇلا قانىتى شورپىسىغا، ئۈزۈن ساقلانغان ئېسىل شارابقا ئېغىز تەگدى... شامال تەڭرىسى ئۇنىڭدىن تروييادا يۈز بەرگەن ئىشلارنى سورىدى. ئودىسسۇس ئۇنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا بىر - بىرلەپ جاۋاب بەردى. ئۆزلى- رىنىڭ يۇرتلىرىغا قايتىشىغا ئائولۇسنىڭ ياردەم بېرىشىنى ئىل- تىماس قىلدى. شامال تەڭرىسى خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولۇپ:

— خاتىرجەم بولسىلا، تروييادىن قايتقان قەھرىمان، سىلىگە بىر نەرسە سوۋغا قىلىمەن. ئۇ سىلىنى يۇرتلىرىغا ئامان -



ئېسەن ئاپىرىپ قويىدۇ، — دېدى.

ئاي ئاخىرىسىدا شامال تەڭرىسى مېھمانلارنى يولغا سېلىشقا تەرەددۇتلەندى. كېمىلەر مېۋە ـ چېۋە، شاراب، گۆش، ئۇن ۋە دېڭىز مەھسۇلاتلىرى بىلەن لىق توشقۇزۇلدى. كېمىلەر يولغا چىقىدىغان چاغدا، شامال تەڭرىسى ئائولۇس ئودىسسۇسقا بىر

نەرسە سوۋغا قىلدى — ئۇ پۈختا بىر تۇلۇم ئىدى. لېكىن، ئۇ ئادەتتىكى تۇلۇم ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە يەتكۈدەك شامال قاچىلانغان بولۇپ، بۇ شامال تەڭرىسىنىڭ ھوقۇقى ئىدى. زېۋس ئۇنى بۇ شاماللارنى باشقۇرۇشقا بۇيرۇغاندى. شامال يىغىۋېلىش ۋە قويۇپ بېرىش شامال تەڭرىسىنىڭ ئىلكىدىكى ئىش ئىدى. ئۇ نەگە شامال قويۇپ بەرگۈسى كەلسە، شۇ يەرگە شامالنى قويۇپ بېرەلەيتتى. ئائولۇس غەرب شامىلىنى سىرتقا قالدۇرۇپ قويدى، چۈنكى غەرب شامىلى كېمىلەرنىڭ يەلكەنلىرىگە يېنىك تېگىپ، ئودىسسۇسنى ئىتاكېدىكى ئۆيىنىڭ ئالدىغىچىلىك ئاپىرىپ قوياتتى.

ئودىسسۇس شامال قاچىلانغا تۇلۇمنى ئۆز قولى بىلەن ماچىتىغا چىڭ باغلاپ، شامال چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، تۇلۇمنىڭ ئاغزىنى مەھكەم چىگىپ قويدى. ئەمما، ئودىسسۇسنىڭ ئادەملىرى تۇلۇمغا نېمە قاچىلانغانلىقىنى بىلمەي، ئۇنىڭغا شامال تەڭرىسى ھەدىيە قىلغان ئالتۇن ـ كۈمۈش قاچىلانغان دەپ گۇمان قىلىشىپ، كۆپىنچىلىرى ھەسەت قىلىشقا باشلىدى.

كېمىلەر شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە دېڭىزدا ئاستا ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتاتتى. ئونىنچى كۈنىگە بارغاندا، ئىتاكېنىڭ دېڭىز قىرغىقى كۆرۈندى، قېرىشقاندەك دەل مۇشۇ ۋاقىتتا بەختسىزلىك يۈز بەردى.

ئودىسسۇس ئۇخلاپ قالغان چاغدا، ئۇنىڭ ئادەملىرى تۇلۇمدا زادى نېمە بارلىقى ھەققىدە دەتالاش قىلىشىپ، ھەرقايسىسى بايلىقتىن بىر ئۈلۈش بۆلۈشۈپ، يۇرتىغا ئېلىپ كېتىش كويىدا بولۇشتى… ھەتتا بىر ـ بىرىنى تۇلۇمنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئىچىگە قاراپ بېقىشقا كۈشكۈرتۈشتى. بىر قاپ يۈرەك ئەبلەخ خادىغا يامىشىپ چىقىپ، شامال قاچىلانغان تۇلۇمنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋەتتى. ھەيھات! تۇلۇمدا ئالتۇن ـ كۈمۈش يوق بولۇپ چىقتى، تۇلۇمدىن گويا رېزىنكە نەيچىدىن يەل چىققاندەك شامال

چىققىلى تۇردى.

شامالنىڭ توسۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ دەقىقىدە يەر - جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ كېمە ئوڭتەي - توڭتەي بولۇپ كەتتى. شامالنىڭ شاۋقۇنىدىن چۆچۈپ ئويغانغان ئودىسسۇس نىشانسىز چىقىۋاتقان قاتتىق شامالغا قاراپ، نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى شۇئان چۈشەندى. ئەمما، ھېلىقى كېمىچى سادىر قىلغان ئېغىر خاتالىقنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشنىڭ چارىسى يوق ئىدى. كېمىلەر شامالدا سورۇلگەن پېتى ئىتاكىدىن يىراقلاپ، كۆپ ئۆتمەستىن يەنە ئۆزلىرى توققۇز كۈن ئىلگىرى ئايرىلغان شامال تەڭرىسى ئارىلىغا بېرىپ قالدى.

گەرچە خاتالىقنى قول ئاستىدىكى ئادىمى سادىر قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئودىسسۇس نومۇس قىلغىنىدىن بوغۇلۇپ كەتتى. بۇ پاجىئەلىك مەغلۇبىيەت ئۇنى شامال تەڭرىسى بىلەن باشقىدىن كۆرۈشۈشكە، بېشىنى ئېگىپ خاتالىقنى بوينىغا ئېلىشقا مەجبۇر قىلدى. بىراق، شامال تەڭرىسى دەرغەزەپكە كېلىپ ئۇنى ھۇزۇرىدىن قوغلاپ چىقاردى.

يۇنانلىقلار سالپايغان ھالدا كېمىلىرىگە چىقىشىپ، جاپالىق دېڭىز سەپىرىنى يېڭىۋاشتىن باشلىدى. چۈنكى ئەمدى يەلكەنلەرگە يەڭگىل ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان غەرب شامىلى يوق ئىدى. شامالنىڭ رايى بويىچىلا مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. ھېلىقى بىر توپ كېمىچىلەرنىڭ ئاچ كۆزلۈك كېسىلى شۇنىڭدىن كېيىن تۈزەلدى. ئالتۇن - كۈمۈش تاغدەك دۆۋىلەكلىك تۇرسىمۇ، ئۇلار ئەمدى قول ئۇزىتىشقىمۇ پېتىنالمىدى.

يەتتە كۈندىن كېيىن، كېمىلەر بىر تۇمشۇققا يېتىپ كەلدى، ئودىسسۇس ئەھۋال ئىگىلەپ كېلىش ئۈچۈن ئىككى ئادەمنى قىرغاققا ئەۋەتتى. ئىككىسى شەھەرگە كىرىپلا بىر قىزنى ئۇچراتتى. ئۇ قىزنىڭ بوي - تۇرقى يۇنانلىق سەرۋازلارنىڭ بوي - تۇرقىدىن بىر ھەسسە ئېگىز ئىدى. ئېرىقتىن سۇ ئېلىۋات-



قان بۇ قىز يۇنانلىق سەرۋازلارنى كۆرۈپ، ئۇندىمەستىن ئۇلارنى ئۆزىنىڭ كەينىدىن مېڭىشقا ئىشارەت قىلدى.

بۇ جاي داموس پورتى ئىدى، بۇ يەردە ئادەم يەيدىغان دىۋىلەر تۇراتتى. ئۇلارنىڭ پادىشاھىنىڭ ئىسمى ئانتىفاتېس بولۇپ، سۇغا چىققان قىز پادىشاھىنىڭ قىزى ئىدى. يۇنانلىقلار قىزنىڭ كەينىدىن ئوردىغا كىرگەندە، ئوردىدىن قىزنىڭ ئاپىسى يۈگۈرۈپ چىقتى. ئاپىسىنىڭ بوي - تۇرقى قىزنىڭ بوي - تۇرقىدىن كۆپ قاۋۇل ئىدى، قىزنىڭ ئاپىسى يۈگۈرگەن پېتى ۋارقىراپ:

— جېنىم قىزىم، تېزرەك ئاتاڭنى چاقىر، ياخشى يېمەكلىك ئۆز ئايىغى بىلەن ئىشىكىمىز ئالدىغا كەپتۇ، — دېدى.

سىرتتا بولۇۋاتقان پاراڭنى ئاڭلاپ چىققان ئانتىفاتېس شىرنىڭكىگە ئوخشاش بېشىنى گىلدىڭلىتىپ، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ يوتىسى توملۇقتىكى قاپقارا قولىنى سۇنۇپلا، بىر يۇنانلىقنى «كاپ» قىلىپ تۇتۇپ ئاغزىغا سالدى. يەنە بىرسى ئالمان - تالمان كەينىگە ئۆرۈلۈپ قېچىپ كەتتى. بوي - بەستى پادىشاھنىڭ بوي - بەستىدىن قېلىشمايدىغان دىۋىلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى. ئۇلار سان - ساناقسىز ئىدى، يەنە كېلىپ بىر - بىرىدىن بەھەيۋەت دىۋىلەر ئىدى.

دىۋىلەر قىيادىن دېڭىزغا قارىتىپ قورام تاشلارنى ئېتىشتى، قىيادىن ئېتىلغان ھەربىر قورام تاش دېڭىز ئاستىغا چۆكۈپ كەتتى. بۇ قورام تاشلاردىن دېڭىزدا ئالامەت يوغان دولقۇنلۇق تۈۋرۈكلەر ھاسىل بولدى. ئودىسسۇسنىڭ سەككىز كېمىسى بار ئىدى، يەتتىسى پاچاقلىنىپ كەتتى. كېمىلەرنىڭ پاچاقلانغان تاختايلىرى دېڭىزدا لەيلەپ يۈرەتتى، يۇنان سەرۋازلىرى سۇدا جان تالىشاتتى. تۇمشۇقنى ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى بىلەن كېمىلەرنىڭ غاراسلاپ سۇنغان تاختاي ئاۋازلىرى بىر ئالدى، ھەممە يەردە ئېچىنىشلىق مەنزىرە ھۆكۈم سۈرۈپ تۇراتتى.

تېخىمۇ ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، دىۋىلەر ئىلمەكلەرنى

ئېلىپ كېلىپ، دېڭىزدا لەيلەپ يۈرگەن يۇنانلىقلارنى بېلىقنى تۇتقاندەك تۇتۇپ قىرغاققا ئاچىقىپ، ئاندىن ئەمبەلگە قويۇپ، ھەربىر ئەزاسىنى پارچىلاپ يېگىلى تۇردى. ئىلمەكتىن ئامان قالغانلارنىڭ بەزىلىرى ئاكۇلاغا يەم بولدى، بەزىلەر دېڭىزغا چۆكۈپ كەتتى.

بۇ قىرغىنچىلىقتىن ئودىسسۇسنىڭ كېمىسىلا ساق قالدى، چۈنكى ئۇ شەمشىرىنى قىنىدىن چىقىرىپ، كېمىسىدىكى تومۇر ئارقانلارنى كېسىپ، سەرۋازلىرىنى تېز سۇرئەتتە پالاق ئۇرۇپ، كېمىنى دېڭىزغا «پولتۇڭلاپ» چۈشۈۋاتقان قورام تاشلاردىن قاچۇرۇشقا بۇيرۇپ، دېڭىزدىكى تۇمشۇقتىن ئۇچۇشلۇق ئايرىلدى.

ئودىسسۇس ئادەملىرىنىڭ سانىنى ئالدى، قىرىق ئالتە ئادەم قالغانىدى: ئودىسسۇس ۋە ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ئورىلوكۇس، بۇنىڭدىن باشقا قىرىق تۆت سەرۋاز بار ئىدى. ئۇلارنىڭ چىرايى قايغۇلۇق، بەزىگەكتەك تىترەپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار بايىقى قورقۇنچتىن تېخىچىلا ئۆزىگە كېلەلمەيۋاتقانىدى، ئودىسسۇس ئادەملىرىنى رىغبەتلەندۈرۈپ، يەنە سەپەرگە ئاتلاندى.

تاڭ نۇرى گويا قىزىل شەلپەرەك دېڭىز يۈزىدە ئەكس ئەتتى، يېڭى بىر كۈن يېتىپ كەلدى. تەنھا كېمە ئائې ئارىلىغا كېلىپ توختىدى. ئارالدا تاشتىن سېلىنغان كاتتا ئوردا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، دېڭىز ياقىسىدا ساھىبجامال قىزلار سەيلە قىلىشىپ يۈرۈشەتتى. ئوردىنىڭ ئالدىدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن نۇرغۇن ياۋايى ھايۋانلار كۆزگە چېلىقاتتى، بۇ ھايۋانلارنىڭ ئارىسىدا تۈكلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان شىرلار، ئۆتكۈر چىشلىق يىلپىزلارمۇ بار ئىدى. بۇ ياۋايى ھايۋانلارنىڭ قىياپىتىدىن قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭلىتىپ، خوجايىنلىرىغا ئەركىلەپ يۈرۈيدىغان ئۆي ھايۋانلىرىغا خاس مۇلايىملىق چىقىپ تۇراتتى. بۇ ھايۋانغا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن ئادەملەر ئىدى، بۇنى ئودىسسۇس كېيىن بىلدى.



نەچچە قېتىملىق پالاكەتنى باشلىرىدىن ئۆتكۈزگەن ئودىسسۇسنىڭ ئادەملىرى يا ئوقىدىن ئۈركۈپ كەتكەن قۇشلارنىڭ هالىغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىرىق تۆت سەرۋازنىڭ كۈچى تولىمۇ ئاجىز كۈچ ئىدى، بۇ ئەهۋالدا ئورۇنسىز قۇربان بېرىشكە كىممۇ رازى بولسۇن؟ قىرغاقنىڭ گېپى چىقىشى بىلەن تەڭ كۆپچىلىك يىغلىشىپ، دىر - دىر تىترىشىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىغا يەكچەشمە دىۋە بىلەن ئانتىفاتېسنىڭ ئادەم يېگەن چاغدىكى كۆرۈنۈشلىرى كەلگەنىدى.

ئادەملىرىنىڭ تامام قىرىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئودىسسۇس قىرىق تۆت ئادەمنى ئىككى ئەترەتكە بۆلۈش، بىر ئەترەتكە بىر نەۋرە ئىنىسى ئورىلوكۇس، يەنە بىر ئەترەتكە ئۆزى باشچىلىق قىلىش قارارىغا كەلدى، ئاندىن چەك تاشلىدى. چەكتە كىمنىڭ ئىسمى بولسا، شۇ ئەترەت قىرغاققا چىقىدىغان بولدى، نەتىجىدە چەك ئورىلوكۇسقا چىقتى، دېمەك قىرغاققا چىقىش ئۇنىڭغا توغرا كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە قىرغاققا چىقىدىغان يىگىرمە ئىككى سەرۋاز ئاه ئۇرۇپ كېتىشتى. بۇنىڭدىن باشقا نېمە ئامال بولسۇن. كېمىدىكىلەر يېمەك - ئىچمەك ۋە تاتلىق سۇغا موهتاج ئىدى، كۆپچىلىك ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرسا بولمايتتى.

هېلىقى ياۋايى هايۋانلار دېگەندەك ئادەملەرگە چېقىلمىدى، ئەكسىچە ئۇلارنى كۆرۈپ قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭلاتقىنىچە، ئۇلارغا ئەركىلەپ كېتىشتى. بۇ هال ئۇلارنى بىر غەمدىن خالاس قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئوردىدىن مۇڭلۇق ناخشا ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ناخشا ئېيتقان قىز ساهىبجامال كىركا ئىدى. ئۇ دەستىگاه ئالدىدا ئولتۇرۇپ نەپىس رەخت توقۇۋاتاتتى. ئۇ ئوردىغا كىرىپ كەلگەن يۇنانلىقلارنى كۆرۈپ، تاتلىق كۈلۈمسىرەپ، ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ سىرتقى كۆرۈنۈشى ئىدى، كىركا باغرى قاتتىق سېهرىگەر پەرى بولۇپ، ئادەملەرنى هەر خىل ياۋايى هايۋانلارغا ئايلاندۇرۇپ قويالايتتى.

ئۇسساپ ھەم قورسىقى ئېچىپ كەتكەن يوْنانلىق سەرۋازلار ئايال خوجايىنىنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن ھوشيارلىقىنى بىر چەتكە قايرىپ قويوْپ، ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىشتى. پەقەت ئورىلوكوْسلا ئۆزىنىڭ ئېھتىياتچانلىقىنى ساقلاپ قالغانىدى. نەچچە قېتىملىق پالاكەت ۋە خېيىمخەتەر بەدىلىگە كەلگەن ساۋاق ئۇنى يەڭگىللىك قىلىشقا پېتىنالمايدىغان قىلىپ قويغانىدى. چۈنكى، ئۇ ساھىب-جامال قىزنىڭ گۈزەل رۇخسارى كەينىدىكە قانداقتۇر بىر ھىيلە - مىكىرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىدىن گۇمانلىنىپ، ئۆزى يال-غۇز ئوردىنىڭ سىرتىدا قالدى.

قالغان يوْنانلىقلار ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن، كىركا ئۇلارنى يۇمشاق ۋە ئازادە ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، ئالدىلىرىغا نازۇ نېمەتلەر تىزىۋېتىلدى. يۇمشاق بولكا، يېيىشلىك سېرىق ماي، قەن - گېزەك، دوْملەپ پىشۇرۇلغان گۆش، قىپقىزىل شارابلار داستىخانغا كەلتۇرۇلدى. سېرىق ماي بىلەن پىشۇرۇلغان تورتلارنى كۆرگەن كىشىنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كېلەتتى. ئەمما، كىركا تورتقا بىر ھىيلە ئىشلەتكەن، يەنى ئۇ سىياق ئۆزگەرتىۋېتىدىغان بىر چۆپنى ئۇۋاق ھالەتكە كەلتۇ-رۇپ، سېرىق مايدا پىشۇرۇلغان تورتلارغا ئارىلاشتۇرۇۋەت-كەنىدى. بۇ چۆپنى يېگەن ئادەم ھايۋانغا ئۆزگىرىپ، ئەل -يۇرتنى ئۇنتۇپ كېتەتتى. قورساقلىرى ئاچلىقتىن ئېچىقاپ كەت-كەن يوْنانلىق سەرۋازلار ھېچنېمىگە قارىماي ئالدىلىرىدىكى تائام-لارنى ئاچ كۆزلەرچە يالماپ يۇتۇشقا باشلىدى، كىركا ئۇلارنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، مۇغەمبىرانە كۈلۈپ قويدى.

سېرىق مايدا پىشۇرۇلغان تورت راستىنىلا كۆچىنى كۆرسەت-تى! بۇ تورتلارنى يېگەن يوْنانلىقلارنىڭ بەدەنلىرى قىچىشقاندەك بولۇپ، ئاۋۋال بىلەكلىرىنى، ئاندىن بەدەنلىرىنى يۇڭ بېسىپ كەتتى. چاتاق يېرى شۇكى، ئۇلارنىڭ ئاغزى ئۆزگىرىپ ئۇچلۇق ھەم ئۇزۇن، قۇلاقلىرى يوغان ھەم ئۇزۇن بىر ئىسكەتكە كىرىپ



قالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئاخىرى چوشقىغا ئايلىنىپ، ئۇ-
دۇل كەلگەن يەرگە ئۇسۇپ، يەرنى تىلغاشقا باشلىدى. بۇ چاغدا
كىركا سېھىرلىك ھاسىسى بىلەن ئۇلارنى قوتانغا ئەكىرىپ،
ئالدىلىرىغا ئازراق يەم تاشلاپ بەردى. كىركانىڭ ئۇلارغا تاشلاپ
بەرگىنى قانداقتۇر ئىسىل تورت بولماستىن، پاسكىنا ياۋا چۆپ
ۋە ياۋا مېۋىلەر ئىدى.

ئورىلوكۇس بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ، قورقىنىد-
دىن ئۆمىلەپ يۈرۈپ دېگۇدەك ئالدى ـ كەينىگە قارىماي كېمىگە
يېنىپ كەلدى. روھى چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ قالغان ئورىلو-
كۇسنىڭ ئاغزى گەپكە كەلمەيتتى. كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش
تۆكۈلەتتى. ئودىسسۇس يېنىش ـ يېنىشلاپ سورىغاندىن
كېيىنلا، ئۇ ئاندىن بولغان ئىشلارنى دۇدۇقلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ
بەردى. ئودىسسۇس ئارتۇق گەپ قىلماي، شەمشىرىنى ئې-
سىپ، ئوقياسىنى مۈرىسىگە سېلىپ، ئورىلوكۇسنى باشلاپ ھې-
لىقى يىگىرمە ئىككى سەرۋازنى قۇتۇلدۇرۇشقا جابدۇندى. لې-
كىن، بەك قورقۇپ كەتكەن ئورىلوكۇس ئودىسسۇس بىلەن بىللە
بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى ۋە ئودىسسۇسنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ،
چاپىنىنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتۇپ:

— ئۆتۈنۈپ قالاي، ئودىسسۇس! ئادەملەر كېمىدە قالسۇن!
ئۇ يەرگە سىلىنىڭمۇ بارماسلىقلىرىنى دەۋەت قىلىمەن. سىلى ئۇ
سەرۋازلارنى قۇتۇلدۇرالمايدىلا، ئۆزلىرىمۇ قايتىپ كېلەلمەيدىلا!
بىز كېمىمىزنى تېزدىن ھەيدەپ، بۇ نەس باسقان ئارالدىن كېتىپ
قالايلى، — دەپ يالۋۇردى.

ئودىسسۇس قىيىنچىلىق ۋە خېيىمخەتەردىن قورقۇپ باققان
ئەمەس، ئۇ كەسكىنلىك بىلەن:

— ئورىلوكۇس، قالىمەن دېسەڭ سەن قال، مەن بارمىسام
بولمايدۇ! چۈنكى مەن بۇ مەسئۇلىيەتتىن باش تارتالمايمەن!
ناۋادا ئۇلار ئۆلگەن بولسا، ماڭا ئامال يوق. ئەگەر ئۆلمەي،

سىياقىلا ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسا، مەن ئۇلارنى تاشلاپ قويۇپ
بۇ ئارالدىن كېتەلمەيمەن! — دېدى.
— ئودىسسۇسنىڭ باتۇرلۇقىدىن تەسىرلەنگەن زېۋس ئۆزد-
نىڭ ئەلچىسى ھېرمېسنى ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى. ھېر-
مېس قاۋۇل يىگىتتەك ياسىنىپ، زاكون تايىقىنى تۇتۇپ يول
بويىدا ئودىسسۇسنى ساقلاپ تۇردى، ئودىسسۇس ئۆزى يالغۇز
تاغدىن چۈشۈشكە ھېرمېس ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ:
— ھوي، بەختسىز ئادەم! تاغدىن ئۆزلىرى يالغۇز چۈشۈپ-
لا، دۈشمەن ئەھۋالىنى ئۇقماي تۇرۇپ قاراملىق بىلەن نەگە
ماڭدىلا؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.
— ھەمراھلىرىمنى قۇتقۇزغىلى ماڭدىم، ئۇلار چوشقىغا
ئايلىنىپ قاپتۇ.
— سىلىنىڭ قانداق كارامەتلىرى بار؟ ناۋادا كىركانى يې-
ڭەلمىسىلە، سىلىمۇ چوشقىغا ئايلىنىپ قېلىپ، ھەمراھلىرى
بىلەن بىر قوتانغا سولىنىپ قالامدىلا؟
— مەن شۇنىڭغا رازى، مەن پۈتۈن كۈچۈمنى ئىشقا سالد-
مەن.
— بارىكاللا! مەن سىلىگە ياردەم بېرىشكە ئەۋەتىلگەن، —
ھېرمېس شۇنداق دەپ قويىنىدىن بىر تۈپ ئۆسۈملۈك دورىنى
چىقاردى. بۇ ئولىمپىيە تېغىدا ئۆسىدىغان، يىلتىزى قارا، گۈلى
ئاق ئۆسۈملۈك دورىسى ئىدى. ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئۇنى
تاپالىشى تەسكە چۈشەتتى، پەقەت ئەرش تەڭرىلىرىلا تاپالايتتى.
ھېرمېس ئۆسۈملۈك دورىنىڭ ئىشلىتىلىش ئۇسۇلىنى ئودىس-
سۇسقا ئېيتىپ بەردى.
— بۇنى يېسىلە، كىركانىڭ سىياق ئۆزگەرتىۋېتىدىغان چۆ-
پى سىلىگە كار قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىلىگە ئون ھەسسە
كۈچ قېتىلىدۇ. شەمشەرلىرىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇر-
سىلا! كىركانى يەڭسىلە، ئۇ سىلىگە خوتۇن بولۇشقا ماقۇل

بولىدۇ، — دېدى.

ھېرمېسنىڭ خاسىيەتلىك ئۆسۈملۈكى بىلەن ئودىسسۇسنىڭ كۆڭلى ئوبدانلا خاتىرجەم بولۇپ قالدى. ئۇ ئورنىدا چاقىرتىلغاندىن كېيىن، داستىخاندا بەخىرامان ئولتۇرۇپ، ئالدىغا قويۇلغان سېرىق مايدا پىشۇرۇلغان تورتىلارنى قورقماي يېدى، بولۇشىچە شاراب ئىچتى. كىركا غودۇڭشۇپ تۇرۇپ:

— تېز قوتانغا كىرىپ، بۇرادەرلىرىڭ بىلەن بىللە بول! — دېدى.

ئودىسسۇس چوشقىغا ئايلىنىش تۇگۇل، ئورنىدىن يۇگۇرۇپ تۇرۇپ، شەمشىرىنى چىقىرىپ كىركانى ئۆلتۇرۇشكە تەمشەلدى. كىركا قورققىنىدىن چىقىراپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئودىسسۇسنىڭ پۇتىغا ئېسىلدى - دە، غال - غال تىترىگەن پېتى يىغلاپ تۇرۇپ:

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، خاسىيەتلىك مېھمان! سىلى چوقۇم ھېلىقى پاراسەتلىك ھەم باتۇر ئودىسسۇس بولىدىلا، سىلى مېنىڭ پېشانەمگە پۈتۈلگەن لايىقىم. بولمىسا سىياق ئۆزگەرتىۋېتىدىغان چۆپنى يەپ نېمىشقا چوشقىغا ئايلىنىپ كەتمەيدىلا؟ شەمشەرلىرىنى قىنىغا سالسىلا! مېنى ئۆلتۇرمىسىلە، مەن سىلىگە خوتۇن بولۇشقا رازى، نېمە قىل دېسىلە شۇنى قىلىمەن، — دەپ يېلىندى.

ئەقىل - پاراسەتلىك ئودىسسۇس كۆڭلىدە: بىرىنچى قەدەم ۋاقتىنچە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، ھەمراھلىرىمنى قۇتقۇزۇشقا ئالدىراپ كەتمەي، تەدبىر ئىشلىتىپ، كىركانى يۇمشىتىپ، پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەن چاغدا، ئاندىن تەلىپىمنى ئوتتۇرىغا قوياي، شۇنداقتىمۇ ھوشيارلىقىمنى بوشاشتۇرۇپ قويماي، كىركانىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىدىن ساقلىنىشىم كېرەك، دېگەنلەرنى ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بايامقىدەك قەتئىي قىياپەتتە:

— ئەر - خوتۇن بولساقمۇ مەيلى، سىزدە سەممىيەت

بولسۇن، ماڭا قەسەم قىلىشقا كۆنسىڭىز، ھىيلە ـ مىكىر ئىش-لىتىپ كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلماسلىققا كاپالەت بەرسىڭىز، ئاندىن تەلىپىڭىزنى قوبۇل قىلىمەن، — دېدى.

كىركا دەرھال قەسەم قىلدى ھەم ئودىسسۇسنىڭ دېگىنىدەك قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. ئودىسسۇس ئۇنىڭ بىلەن ئەر ـ خوتۇن بولۇپ بىرنەچچە كۈن راھەت ـ پاراغەتتە ياشىغان بولسى-مۇ، كۆڭلى يەنىلا غەش ئىدى. چۈنكى ئۇ مەقسىتىگە تولۇق يېتەلمىگەن، ھەمراھلىرى ھېلىھەم قوتاندا ئىدى.

ئودىسسۇسنىڭ پەرىشان چىرايىنى كۆرگەن كىركا سەمىمىي-لىك بىلەن ئۇنىڭدىن:

— ئودىسسۇس، سىلىگە نېمە بولدى؟ كۈن بويى گاچىغا ئوخشاش بۇ تائامغىمۇ تاۋلىرى يوق. مېنىڭ بىرەر ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىشىمدىن قورقۇۋاتاملا؟ مەن سىلىگە ۋەدە بەرگەن ئىدىمغۇ! — دەپ سورىدى.

پۇرسەتنىڭ پىشىپ يەتكەنلىكىگە كۆزى يەتكەن ئودىسسۇس دەرھال:

— ۋىجدان ۋە ھەققانىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە كىشىلەر ھەمراھ-لىرى بەختسىزلىككە يولۇقسا تازا ئىچىلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ چوش-قىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، تائامغا قانداقمۇ كۆڭلۈم تارتسۇن؟ ناۋادا مەن بىلەن چىن كۆڭلىڭىزدىن ئەر ـ خوتۇن بولىمەن دېسىڭىز، ئادەملىرىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈڭ، مېنى ئۇلارنىڭ يېنىغا باشلاپ چىقىڭ، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كىركا ئۆزىنىڭ ناھەق ئىش قىلغانلىقىنى بىلدى ۋە سېھىرلىك ھاسىسى بىلەن باشقا بىر خىل ئۆسۈملۈك دورىنى كۆتۈرۈپ قوتانغا كىردى، ئۆسۈملۈك دورىنى ھەربىر چوشقىنىڭ بەدىنىگە سۈركىدى، چوشقىلارنىڭ بەدىنىدىكى يۇڭلار بىردىنلا چۈشۈپ كەتتى ـ دە، يۇنانلىقلار ئادەم سىياقىغا كىردى ۋە بۇرۇنقىدىن قاۋۇل ھەم ياشىرىپ كەتتى، چۈنكى ھېلىقى

ئۆسۈملۈك دورىنىڭ كىشىنى ياشارتىدىغان خاسىيىتى بار ئىدى. ئۇلار ئودىسسۇسنى تونۇپ، خۇشاللىقىدا ئېتىلىپ كېلىپ، ئۆز- لىرىنىڭ ئاتامانىنى قۇچاقلاپ كېتىشتى. سىياقى ئۆزگىرىپ كەت- كەنلىكتەك قورقۇنچلۇق ئىشنى ئويلىغان هامان سەرۋازلار باشلى- رىنى ئودىسسۇسنىڭ يەلكىسىگە قويۇپ، ئازاب بىلەن يىغلاپ، چەككەن دەرد - ئەلەملىرىنى سۆزلەپ كېتىشتى. ئودىسسۇس ئۇلارغا تەربىيە بېرىپ:

— بۇ ئاچ كۆزلۈكنىڭ زىيىنى، بۇنىڭدىن كېيىن يېنىكلىك قىلىپ باشقىلارنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ كەتمەڭلەر! — دېدى.

شۇ كۈنى، ئودىسسۇس كىركاغا ئۆزلىرىنى يۇرتىغا يولغا سېلىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلدى. كىركا ئۇنىڭ ئورۇنلۇق تەلىپىگە قارشىلىق قىلالماي، ماقۇل بولۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ يەنە ئودىسسۇسقا ئۇلارنىڭ سەپەر داۋامىدا سۇرلۇك ئەجەل يولىدىن ئۆتىدىغانلىقىنى هەم ئەجەل يولىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كېتىشنىڭ چارىلىرىنى ئېيتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، يېتەر- لىك ئوزۇق - تۈلۈك قاچىلانغان كېمە يەلكەن چىقىرىپ سەپەرگە ئاتلاندى. يامان يولدىن قايتقان كىركا قىيادا تۇرۇپ ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدى، ئۇ نېپىز ياغلىقىنى پۇلاڭلىتىپ كېمىدىكىلەر- گە ئامانلىق تىلىدى.



# ئۈچىنچى قىسىم

## ئاخىرقى كېمىنىڭ پاچاقلىنىشى

قۇياش ئۇپۇققا پاتتى. كېچە قاپقاراڭغۇ، دېڭىزمۇ سىياھتەك قاپقارا ئىدى. بىر پەس سوققان شامال كېمىنى سۈرۈپ جاھاننىڭ چېتىگە ئاپىرىپ قويدى. بۇ يەرنى يىلبويى قويۇق تۇمان ئوراپ تۇراتتى، كۈننى مەڭگۈ كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇلار باقىي دۇنياغا يېتىپ كەلگەنىدى.

ئودىسسۇس كىچىكرەك بىر ئورەك كولاپ، قوينىڭ قېنىنى ئورەككە ئېقىتىپ، ئاسمان تەڭرىسىگە دۇئا قىلدى. قوي قېنى-نىڭ ھىدىنى پۇراپ غارلاردىن، دەل - دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كەلگەن سان - ساناقسىز ئەرۋاھلار ئورەك ئەتراپىغا يىغىلىشىپ، قان ئىچىشكە تەمشەلدى. ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرى يې-قىمسىز، قورقۇنچلۇق ئىدى. بەزىلىرى بوغۇلاتتى، بەزىلىرى چىرقىرايتتى، بەزىلىرى ئەسەبىيلەشكەنىدى، بەزىلىرى ھۆركى-رەپ يىغلايتتى. ئەرۋاھلارنىڭ يىغلىغانلىقىنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەن ئودىسسۇس قورقۇپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى قىل قالدى. ئۇ دەرھال ئادەملىرىگە قان قىلغان قوزىنى بىر ياققا ئاپىرىۋېتىشنى بۇيرۇپ، شەمشىرىنى قىنىدىن چىقىرىپ، ئەر-ۋاھلارنى ۋارقىراپ كەينىگە چېكىندۈردى. ئۇ كىركانىڭ تاپشۇ-رۇقى بويىچە، باقىي ئالەمدىكى ھۆكۈما تىرېساسنى ساقلاپ تۇر-دى. ئۇ ئاۋۋال تىرېساس بىلەن پاراڭلاشتى، قاننى ئالدى بىلەن تىرېساس ئىچىشى كېرەك ئىدى.

ھايال ئۆتمەي، تىرېساسنىڭ ئەرۋاھى كۆرۈندى: ئوڭ قولىـ
دا ھاسا، دەلدەڭشىگەن پېتى كېلىۋاتقان تېرېساس ئودىسسۇسنىڭ
غەزەپلىك چىرايىنى كۆرۈپ، شۇئان:

— قەھرىمان ئودىسسۇس، مەن بىلەن پاراڭلاشماقچى بولـ
سىلا، ئورەكتىكى قاننى خاتىرجەم ئىچىشىم، ئاندىن سىلىگە
كەلگۈسىدىن بېشارەت بېرىشىم ئۈچۈن شەمشەرلىرىنى يىغىشتۇر-
سىلا، — دېدى.

ئودىسسۇس بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بوۋايىنىڭ گېپىنى توغـ
را تاپتى ـ دە، شۇ زامات ئورەك يېنىدىن ئايرىلىپ، شەمشىرىنى
يەرگە تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، تىرېساس قان ئىچكەچ، ئودىسـ
سۇسقا كەلگۈسىدىن بېشارەت بېرىشكە باشلىدى. ئۇ:

— سىلىگە ئېيتاي، ئودىسسۇس! سىلىنىڭ كەلگۈسىلىرى
چۈش ئەمەس، كەلگۈسى كۈنلىرى قايغۇ ھەم خۇشاللىق ئىچىدە
ئۆتىدۇ. بەختلىك ياشايلا، سىلى دېڭىز تەڭرىسى پوسېيدۇننى
رەنجىتىپ قويدىلا، بىلەملا؟ سىلى ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ بىردىنبىر
كۆزىنى قويۇۋەتلە، شۇڭا يۇرتلىرىغا قايتىش سەپەرلىرىدە ئۇ
سىلىگە جەزمەن يامانلىق قىلىدۇ. لېكىن، سىلى زېۋسنىڭ
نەۋرىسى، پوسېيدون ھەرقانچە غەزەپلەنسىمۇ، سىلىنى ئۆلتۈر-
مەيدۇ، ئاز ـ تولا جاپاغا مۇپتىلا قىلىدۇ شۇ. سىلى يەنىلا
يۇرتلىرىغا قايتىدىلا، بۇ يەردىن ئايرىلىپ ئاۋۋال تىرناكىيە ئاردـ
لىدا قۇرۇقلۇققا چىقىدىلا، بالدۇرراق يۇرتۇمغا قايتىمەن دېسىدـ
لە، ئۇ يەردىكى تەڭرى كالىلىرىغا چېقىلىپ سالمىسىلا، چۈنكى
ئۇلار قۇياش تەڭرىسىنىڭ كالىلىرى، چېقىلىپ قويدىلا، كېمىدـ
لىرى بىلەن بۇرادەرلىرى ۋەيران بولۇپ كېتىدۇ. سىلى يالغۇز
ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغانلىرى بىلەن تالاي جەبىر ـ جاپا تارتىدىـ
لا. باشقىلارنىڭ كېمىسىگە ئولتۇرۇپ ئىتاكېغا باردىلا، يۇرتلىدـ
رىدا قەلەندەرگە ئايلىنىپ قالىدىلا. شۇ نەرسە يادىلىرىدا بولسۇنـ
كى، ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ چاتاق، بىر تالاي مۇتتەھەم

ئۆيلىرىدە ھەممە ئەسكىلىكنى قىلىشىۋاتىدۇ. يېمەك - ئىچمەك-
لىرىنى ئىسراپ قىلىشىپ، مال - مۈلۈكلىرىنى بۇزۇپ چېچى-
شىۋاتىدۇ. خوتۇنلىرى پېنېلوپېنى ئۆزلىرىگە خوتۇن بولۇشقا
قىستاۋاتىدۇ، سىلى ئۇلارنى چارە - تەدبىر ۋە ئەقىل - پاراسەت
بىلەن يوقىتىشقا موھتاج. دېڭىز تەڭرىسىدىن پوسېيدونغا ئاتاپ
نەزىر - چىراغ قىلسىلا، شۇندىلا كۆڭلىرى ياخشى بولىدۇ، ئەل
- يۇرتلىرى گۈللىنىپ، راۋاج تاپىدۇ، سىلى ئۇزاق ياشاپ ئۆز
ئەجەللىرى بىلەن دۇنيادىن ئۆتىدىلا، جىق گەپ قىلىپ كەتتىم.
ئاپىلىرىمۇ مۇشۇ يەردە، ئۇ سىلىگە گەپ قىلىدۇ،— دېدى.

ئودىسسېۇس ھەسرەت بىلەن يىغلاپ تاشلىدى، چۈنكى ئۇ
تروياغا سەپەر قىلىشتىن بۇرۇن ئاپىسى ھايات ئىدى، ئۇ باقىي



ئالەمگە قانداق كېلىپ قالدى؟ ئودىسسۇس بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى، ئاپىسى — ساھىبجامال ئانتىلىيە كۆزىگە كۆرۈندى، ئۇنىڭ كەيپىياتى قايغۇلۇق، گەپ - سۆز قىلمايتتى. ئودىسسۇس ئۆزىنى تۇتالماي ۋارقىراپ:

— ئاپا! قەدىرلىك ئاپا! — دېدى.

ئانتىلىيەنىڭ كۆزلىرىدىن ياش يامغۇردەك تۆكۈلدى، ئۇ پەرىشان ھالدا لەيلەپ كېلىپ، ئۇنىڭغا:

— ئودىسسۇس، مەن كېچە - كۈندۈز سېغىنغان ئوغلۇم! ئاپاڭنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى بىلەمسەن؟ مەن سېنى تولا ياد ئېتىپ ئۆلۈپ كەتتىم! ئاتاڭ ھېلىمۇ ھايات. سەن تىنچ - ئامان يۇرتىمىزغا بېرىپ، ئاتاڭ بىلەن جەم بولساڭ، مېنىڭ روھىم خاتىرجەم بولىدۇ، — دېدى.

ئاپىسىنى قاتتىق سېغىنغان ئودىسسۇس ئاپىسىنىڭ ھەربىر ئېغىز گېپىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى، ھاياجانلىنىپ ئاپىسىنى قۇچاقلاي دېيىشىگە ئاپىسى بۇلۇتقا ئوخشاش غايىب بولۇپ كەتتى.

ئاپىسى غايىب بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، باشقا ئەرۋاھلار ئودىسسۇسنىڭ يېنىغا بېرىۋېلىشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭ بۇرۇنقى سەپداشلىرى ئىدى. مانا يۇناننىڭ باش قوماندانى — پادىشاھ ئاگامېمنوننىڭ ئەرۋاھى كۆرۈندى. ئۇنى سەپەر ئۇستىدە خوتۇنى ۋە خوتۇنىنىڭ ئاشنىسى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى، ئاندىن ئاكىللېسنىڭ روھى چېلىقىپ قالدى، يۇنان قوشۇنلىرىنىڭ ئاساسلىق بۇ قوماندانىنى پارىس ترويا شەھىرىنىڭ سېپىلى تۈۋىدە ئوقيا ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى: ئاياكسنىڭ ئەرۋاھىمۇ شۇ يەردە ئىدى. چۈنكى ئۇ ئودىسسۇستىن ئاكىللېسنىڭ دۇبۇلغا - ساۋۇتىنى تالىشىپ مۇرادىغا يېتەلمەي ئۆلۈۋالغانىدى. ئودىسسۇس مۇشۇ ئەرۋاھلار بىلەن خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتى. ئۇلاردىن باشقا تونۇش ئەرۋاھلار بىلەنمۇ پاراڭلاشقۇسى بار ئىدى. لېكىن، ئەتراپتا سانجاق - سانجاق تۇرۇپ كەتكەن ئەرۋاھلارنىڭ

دەستىدە تىن تارتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئودىسسۇسنىڭ ئادەملىرى تەشۋىش ئىلكىدە قالدى، ئودىسسۇس كۆپچىلىككە بۇ جايدىن كېتىپ، كېمىگە چىقىشقا بۇيرۇق قىلدى.

ئائې ئارىلىدىكى چاغدىلا كىركا ئودىسسۇسنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويغانىدى: سىرىن پەرىلەر ئارىلىدا يېقىملىق ناخشىلىرى بىلەن يولۇچىلارنى ئازدۇرۇپ كېتىدىغان مەخسۇس پەرىلەر بار ئىدى، ئۇلار يولۇچىلارنى ئازدۇرۇپ قىرغاققا ئاچىقىپ يېۋەتتى.

ئودىسسۇس ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى سىرىن پەرىلەر ئارىلىغا كېلىپ قالدى. بىردىنلا شامال توختاپ، دېڭىز يۈزى ئەينەكتەك تەپتەكشى بولۇپ كەتتى. يۇنانلىق سەرۋازلار كېمىنى پالاق ئۇرۇپ ھەيدىمەكچى بولۇشتى. ئودىسسۇس كىركانىڭ ئاگاھلاندۇرۇشنى يادىغا ئالدى. ئەقىللىق ئودىسسۇس ناھايىتى ئەپچىل بىر چارىنى ئويلاپ تاپتى، ئۇ ئادەملىرىگە ئۆزىنى خادىغا مەھكەم قىلىپ باغلاتتى، ۋاقتى كەلگەندە، قانچىلىك قاتتىق تىركەشسە، ئۆزىنى شۇنچىلىك چىڭ باغلىۋېتىش كېرەكلىكىنى ئادەملىرىگە ئۇقتۇرۇپ قويدى. ئۇ يەنە ئادەملىرىگە مومنى ئېزىپ يۇمشىتىپ، قۇلاقلىرىغا چىڭ تىقىشنى، ئارراقمۇ ئاۋاز كىرىپ كەتمەسلىكىنى جىكىلىدى. سەرۋازلار سىرىن پەرىلەر ئارىلىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنلا قۇلاقلىرىدىكى مومنى ئېلىۋەتسە بولاتتى. ئادەملىرىنىڭ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىماسلىقى ھەددىمۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە، نەچچە قېتىم پالاكەتكە ئۇچرىغاندا، ئۇلارنى ئودىسسۇس قۇتۇلدۇرۇۋالغانىدى، شۇڭا ھەممىسى ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈردى.

ھەممە ئىش يول ـ يولىغا چۈشتى، سەرۋازلار كېمىنى پالاق بىلەن ھەيدەپ سىرىن پەرىلەر ئارىلى جايلاشقان دېڭىزدىن ئۆتتى. سىرىن پەرىلەر كېلىۋاتقان كېمىنى كۆرۈپ چىرايلىق ياسىنىشىپ، قىرغاققا كېلىپ يېقىملىق ناخشىلىرىنى باشلىدى. ئۇلار-

نىڭ بەزىلىرى يالغۇز، بەزىلىرى ئومۇمىي خورغا قوشۇلۇپ ۋە بەزىلىرى قوش كىشىلىك ناخشا ئېيتىشۋاتاتتى.

بۇنداق لەۋەن ئېيتىلىۋاتقان ناخشىلارغا ھەرقانداق ئادەم مەپتۇن بولماي قالمايتتى، شۇ تاپتا بۇ ناخشىلارنى ئودىسسۇس ئۆزى يالغۇز ئاڭلاۋاتاتتى:

كېلىڭ ئودىسسۇس، تاشلاپ لەڭگەر شۆھرەتلىك پالۋان،
ناخشىنى ئاڭلاپ كېمىدە يەنە بولغايسىز راۋان!
ئۆتۈپ كەتكەنمۇ قايسى بىر كېمە توختىماي،
قايسى بىر چاغدا كېمە رولچىسى ناخشا ئاڭلىماي؟
شېرىن ناخشىمىز شادلىق بېغىشلار، مەمنۇن ھەر كىشى،
شۇ چاغدا يەنە ئامان ھەم ئېسەن راۋان كېمىسى.
مۇشۇ زېمىندا تەڭرىمىز كۆپ ئازاب سالغان،
بەختسىز ئاكىيالىقلار ئېلىشقىلار ترويالىقلار بىلەن.
يەتكۈچە تارتتى سانسىز كۈلپەتنى مۇنبەت بۇ ماكان،
ھەر خىل ئۆتمۇشلەر بىز ھەممىمىزگە ئايان.

بۇ ناخشا ئودىسسۇسنىڭ جىسمىنى گويا ماگنىتتەك ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىش ئىستىكى قەلبىدە يالقۇنجاشقا باشلىدى. پۇت - قوللىرى مەھكەم باغلاقلىق بولغاچقا، ئۇ ھەرقانچە تىركەشسىمۇ، خادىدىن بوشىنىپ پەسكە چۈشەلمەيتتى.

سېرىن پەرىلىرى ئودىسسۇسنىڭ جان - جەھلى بىلەن تىركىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ناخشىلىرىنى تېخىمۇ كۈچەپ ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سېرىن پەرىلىرى نەي بىلەن چىلتارنىڭ مۇڭلۇق كۈيلىرىگە نەپىس ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى. لەرزان مۇزىكا ئاڭلىغاچ، قىزلارنىڭ بەللىرىنى تولغاپ، نازىنىپ ئويناۋاتقان ئۇسسۇللىرىنى كۆرگەن ئودىسسۇس



پۈتۈنلەي ئەسەبىيلىشىپ، ھېچنېمىگە قارىماي ئامۇرسۇم بېلىقىدەك باغلاقتىن بوشىنىشقا ھەرىكەت قىلاتتى ۋە بوغۇق ئاۋازدا:

— مېنى باغلاقتىن بوشىتىڭلار! مەن ئارالغا، پەرىلەرنىڭ يېنىغا بارىمەن! يېمەي - ئىچمەي يۈرسەممۇ، ھەتتا يۇرتۇمغا كەتمىسەممۇ مەيلى، ئۇلارنىڭ ناخشىلىرىنى جەزمەن ئاڭلايمەن! — دەيتتى.

ئۇ سېرىن پەرىلەرنىڭ ناخشىلىرىغا مەپتۇن بولۇپ كەتكەندى، چۈنكى ناخشىلارنىڭ ھەربىر مىسراسى ۋە ئاھاڭلىرىنىڭ ھەربىر بۆلىكى ئۇنىڭغا تونۇشتەك، بىر يەردە ئاڭلىغاندەك، مەخسۇس ئۆزى ئۈچۈن ئىجاد قىلىنغاندەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى.

كېمىچىلەر ئودىسسۇسنىڭ زارلىنىشلىرىغا پىسەنت قىلماي، گويا ماشىنا ئادەملەردەك كېمىنى ھەيدەپ كېتىۋەردى. ئۇ ھەربىر تىركەشكەندە، بىر نەۋرە ئىنىسى ئورىلوكۇس ئارغامچىنى تېخىمۇ چىڭىتاتتى، ئودىسسۇس ئىدراكىنى يوقاتتى، ئۇنىڭ پۇت - قولىغا كىشەن - كويزا سېلىندى. ئورىلوكۇسنىڭ بۇنداق قىلىشىنىڭ سەۋەبى بار ئىدى، چۈنكى ئۇ دېڭىز ساھىلىدا ئاقىرىپ كەتكەن ئادەم ئۇستىخانلىرىنى كۆرۈپ قالغان، ئۆلۈكلەرنىڭ ئۇستىخانلىرىدىن كىچىكرەك تاغ ھاسىل بولغانىدى.

ئۇلار ئارال دۆلىتىنى كەينىدە قالدۇرۇپ خېلىلا ئۇزاپ كەتتى. سېرىن پەرىلەرنىڭ ناخشىلىرى بارا - بارا پەسلەپ، ئاڭلانماس بولدى. ئودىسسۇس تولا تىركىشىپ ھالىدىن كەتكەن، بېشى ساڭگىلاپ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغانىدى. كىيىملىرى تەردە ھۆل بولۇپ، پۇت - قوللىرىنىڭ تېرىلىرى ئارقانىنىڭ سۈركىلىشىدىن سويۇلۇپ كەتكەنىدى.

ئودىسسۇسنىڭ ئادەملىرى قۇلاقلىرىدىكى مومنى ئېلىۋەتتى، ئورىلوكۇس ئودىسسوسنى باغلاقتىن بوشىتىپ، پۇت - قوللىرىدىن كويزا - كىشەننى ئېلىۋەتتى. ئىدراكى ئەسلىگە كەلگەن ئودىسسۇس ئادەملىرىگە رەھمەت - ھەشقاللا ئېيتىپ،

ئۇلارنىڭ ئۆزىنى چىڭ باغلاپ، ئىلتىماسىغىمۇ پەرۋا قىلماي
سېرىن پەرىلەر ئارىلىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا
تەشەككۇر بىلدۈردى.

ئۇزاق ئۆتمەي، ئودىسسۇس ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مەۋج
ئۇرغان سۇنىڭ كۆپۈكلىرىنى كۆردى، دەھشەتلىك دولقۇن ئاۋا-
زىنى ئاڭلىدى. بۇ، كارىبدىس قايىنىمى ئىدى، بۇ يەردىن ئايلى-
نىپ ئۆتۈپ كېتىشكىلا بولاتتى. غاردا ئالتە باشلىق يالماۋۇز
سىكوللا بار ئىدى، ئۇلارنى يەنە بىر ھالاكەت كۈتۈپ تۇراتتى.

سىكوللا كارىبدىس قايىنىمىنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇراتتى.
ئۇ تەرەپتىكى ئاسمان پەلەك تىك قىيانىڭ قاپ بېلىدە قاراڭغۇ
بىر غار بار بولۇپ، بۇ غار سىكوللانىڭ ماكانى ئىدى. ئۇنىڭ
ئىككى پۇتى، يىلاندەك ئالتە بويىنىدا بىردىن بېشى، باشلىرىدا
ئۈچ قۇردىن زەھەرلىك چىشى بار ئىدى. سىكوللا بەدىنىنىڭ
يېرىمىنى غارغا چۈشۈرۈپ، ئالتە بېشىنى قىيا تاشنىڭ يوچۇقى-
دىن چىقىرىپ، تيولىن، يۇنۇس بېلىقى تۇتۇپ يەيتتى. بۇ يەر-
دىن ئۆتكەن ھەرقانداق كېمە بىرنەچچە كېمىچىسىدىن ئايرىلماي
قالمايتتى. ئەمەلىيەتتە، بۈگۈنكى دەۋردە تۇرۇپ ئېيتقاندا، ئۇ
سەككىز ئاياغلىق مەخلۇق ئىدى، قەدىمكى زاماندىكى ئىنسانلار-
نىڭ دېڭىز - ئوكيان جانلىقلىرىغا بولغان چۈشەنچىسى يېتەرلىك
بولمىغاچقا، ئۇنى مۇبالىغە قىلىۋەتكەنىدى.

كېمە كارىبدىس قايىنىمىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ، قىياغا يېقىنلا-
شتى. بۇ قىيا دېڭىز سۈيىنى لىق سۈمۈرۈۋېلىپ، ئۇنى يەنە
ياندۇرۇپ چىقىراتتى. دېڭىز سۈيى خۇددى ئوچاقتا قايناۋاتقاندەك
مەۋج ئۇرۇپ، ھاۋاغا ئاپئاق كۆپۈكلىرىنى چاچرىتىپ تۇراتتى.
بۇ كۆرۈنۈش مەيدانىنىڭ مەركىزىدىكى ھاۋاغا سۇ چېچىپ تۇرغان
فونتاننىڭ كۆرۈنۈشىگە ئوخشايتتى، قاينام يانغان چاغدا، دېڭىز
سۈيى لېيىپ، قىيا تاشلار گۈلدۈرمامىدەك ئاۋاز چىقىراتتى.
قاراڭغۇ غارنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ تەنلىرى شۈركىنىپ كېتىشتى.

ئودىسسېۇس ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئالدى تەرەپكە نەزەر تاشلاپ تۇرغان دەل مۇشۇ پەيتتە، كەينى تەرەپتىن ئالتە باشلىق بىر مەخلۇق تۇيدۇرماي كېلىپ، ئالتە كېمىچىنى «كاپلا» قىلىپ تۇتۇپ، ئېگىز كۆتۈردى. ئەسلىدە، سكوللا غاردىن چىققانىدى! ئۇنىڭ بەدىنى سىلىق، ئاغزىدىن ئاپئاق كۆپۈك ئۆرلەپ تۇراتتى، ئالتە كېمىچى ئۇنىڭ ئاغزىدا جان تالىشىۋاتاتتى. تېخى نەچچە سېكۇنتنىڭ ئالدىدىلا، ئۇلار تېپىچەكلەپ، ھەمراھلىرىدىن نى- جادلىق تىلىشىپ چۇرقىرىشىپ كەتكەنىدى، مانا ئەمدى ھەش - پەش دېگۈچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىيما - چىيما بولۇپ كېتىشتى. ئودىسسېۇس سەرگەردانلىق داۋامىدا تالاي بەختـ- سىزلىكلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق ئې- چىنىشلىق مەنزىرىنى ئەسلا كۆرۈپ باقمىغانىدى.

قالغانلار ئەجەل تەگرىسى بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ، قاينام بىلەن قىيادىن قۇتۇلۇپ، مەنزىرىلىك تىرىناكىيە ئارىلىغا يېتىپ كەلدى. دولقۇنلارنىڭ شاۋقـۇنلىرى پـەسلەپ، كالا - قويلارنىڭ مۆرىگەن - مەرىگەن ئاۋازلىرى ئاڭلانغىلى تۇردى. بۇ چارۋىلار قۇياش تەڭرىسىنىڭ چارۋىلىرى ئىدى، ئودىسسېۇس تى- رېساسنىڭ نەسىھىتىنى يادىغا ئالدى. قۇياش تەڭرىسىنىڭ چارۋى- لىرىغا تېگىشكە بولمايتتى، شۇڭا ئەڭ ياخشىسى تىرىناكىيە ئارى- لىدىن ياندap ئۆتۈپ كېتىش كېرەك ئىدى.

لېكىن، ئودىسسېۇسنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭغا قارشى چىقىش- تى، بولۇپمۇ ئورىلوكۇس قاتتىق تېرىكتى ۋە ئاغرىنىپ تۇرۇپ:

— ئودىسسېۇس، سىلى ھەقىقەتەن باغرى تاش ئادەم ئىكەنلا! ئادەمگە ئازراقمۇ ئىچىلىرى ئاغرىمايدىكەن، كۆپچىلىك سىلى بىلەن بىللە كېچە - كۈندۈز دېڭىزدا يۈرۈۋاتىدۇ. ئازراق ئارام ئېلىپ راھـەتلەنسەك، كۈچ - ماغـدۇر يىغـساق، ئاز - تـولا ئوزۇق - تۈلۈك غەملىۋالساق بولمامدۇ؟ پېشانىمىزغا مەڭگۈ دېڭىزدا چايقىلىپ يۈرۈش پۈتۈلۈپ كەتكەنمۇ؟ قاراڭغۇ كېچىدە

دېڭىزدا يۇرۇش نەقەدەر خەتەرلىك، بۇنى ئۆزلىرى بىلدىلا، ناۋادا بىزگە بوران - چاپقۇن بىلەن دېڭىز ئالۋاستىلىرى ھۇجۇم قىلسا قانداق قىلىمىز؟ ھېچبولمىغاندا، كۆپچىلىك كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان پورتتا بىر كېچە تۈنىسە بولمامدىكەن؟ ئەتە ئەتىگەندە يولغا چىقساقمۇ بولىدىغۇ! — دېدى.

بۇ سوئاللار ئورۇنلۇق بولغاچقا، ئودىسسۇس بەك تەڭلىكتە قالغاندەك بولدى، قۇياش تەڭرىسىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويسا ياخشى بولمايدىغانلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى، شۇنداقتىمۇ كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنىمۇ ئويلاشماي بولمايتتى. ئۇ بىردەم ئويلىنىپ ئاندىن كۆپچىلىككە بىر شەرت قويدى، ناۋادا مۇشۇ شەرتكە ئەمەل قىلسا، ئۇلار قىرغاققا چىقىدىغان بولدى. ئۇ مۇنداق دېدى:



— سەرۋازلار، ئورىلوكۇس، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار: مەن ئۆزۈم يالغۇز سىلەرگە تەڭ كېلەلمەيمەن. قىرغاققا چىقمىساق بولمايدۇ دېسەڭلەر، مەن يول قويىمەن. لېكىن، بىر شەرت بار، ئاۋۋال قەسەم قىلىڭلار، مەيلى قانچىلىك قوي - كالىنى كۆرۈڭلار، بىرىنىمۇ ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ چارۋىلار قۇياش تەڭرىسىنىڭ چارۋىلىرى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىركا سوۋغا قىلغان يېمەكلىكلەر بىزگە يەنە بىر مەزگىل يېتىدۇ، ۋاقتىنچە چىداپ تۇرۇڭلار، باشقا يەرگە بارغاندا ئامالىنى قىلارمىز، ماقۇلمۇ؟ — دېدى.

كۆپچىلىكنىڭ قىرغاققا چىقىش ئارزۇسى كۈچلۈك بولغاچ-



قا، ئۇلار شەرتكە ماقۇل بولۇشتى ۋە قۇياش تەڭرىسىنىڭ چارۋىـ
لىرىغا تەگمەسلىككە قەسەم قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار
كېمىسىنى ئېقىن بويلاپ ھەيدەپ پورتقا كىردى.

كىم ئويلىسۇن، تاڭ ئاتاي دېگەن چاغدا، بىردىنلا ھاۋا
تۇتۇلۇپ، قارا بۇلۇتلار يەر ـ زېمىننى قاپلاپ كەتتى. بوزۇلغان
ھاۋا جۇدۇن ـ چاپقۇندىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ئاسماندىكى
ھېلىقى تەڭرىمۇ ئودىسسۇس بىلەن قارشىلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى.
ھاۋا توپتوغرا بىر ئاي بەك ناچار بولدى، بوگۇنى بوران چىقسا،
ئەتىسى قارا يامغۇر ياغاتتى. ئودىسسۇس ئادەملىرىنى توختىماي
قۇياش تەڭرىسىنىڭ چارۋىلىرىغا تەگمەسلىككە ئاگاھلاندۇرۇپ
تۇردى.

كىركا يوللۇق تۇتقان يېمەك ـ ئىچمەكلەر نەچچە كۇنگىلا
يېتىپ، ئوزۇق ـ تۈلۈك تامام تۈگىدى، كۆپچىلىك قورساقنىڭ
ئاچلىقىغا چىدىمىغىلى تۇردى. ئۇلار بارغان يېرىدە بېلىق ۋە
ئۇچار قۇشلارنى تۇتۇپ يېيىشتى. ئودىسسۇس دېڭىز بويىنى چار-
لاشنى ھەر ۋاقىت بوشاشتۇرۇپ قويمىدى. ئۇ بۇ ئارقىلىق بىرىنـ
چىدىن، سەرۋازلارنىڭ چارۋىلارغا تېگىپ سالماسلىقىنى نازارەت
قىلسا، ئىككىنچىدىن، مال قاچىلىغان بىرەر كېمە ئۆتۇپ قالسا،
كېمىدىكىلەردىن ئازراق ئوزۇق ـ تۈلۈك سوراپ ئېلىشنى ئويلىـ
دى.

ئاچلىق ۋە ھارغىنلىق ئاخىرى ئودىسسۇسنى ئېزىپ تاشلىـ
دى، ئۇ ئۇيغۇغا غەرق بولدى.

ئودىسسۇس قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەن چاغدا، ئورىلوكۇس
سەرۋازلارنى قۇترىتىپ ئۇلارغا:

— گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار، قېرىنداشلار! شۇ تاپتا ھېچـ
نېمىمىز قالمىدى. ئۇچەيلىرىمىز تارتىشىپ كەتتى، مۇشۇنداق
كېتىۋەرسەك، ھامان بىر كۇنى ئۆلۇپ تۈگەيمىز. ئۆلۇم ھەر
خىل بولىدۇ، لېكىن ئاچلىقتا ئۆلۇش ھەممىدىن ئازاب، دېڭىزدا

ئۆلۈشكە رازىمەنكى، ئارالدا بۇنداق ئاستا ـ ئاستا ئۆلۈپ كەتكۈم يوق! ئۇنىڭ ئۇستىگە تەڭرىلەر غەرەز ئۇقىدۇ، ئۇلار بىر ـ ئىككى چارۋىنى ئۆلتۈرگەنگە ئاچ قالغانلارنى ئەيىبلەپمۇ كەتمەيدۇ. مۇنداق قىلساق قانداق دەيسىلەر: تېمەن بۇقىدىن بىرنى سويۇپ، گۆشىنىڭ ئەڭ ياخشى يېرىنى نەزىر قىلىپ، قالغىنىنى يەپ قورساق توقلايلى. ئاندىن كېيىن، ئەتاكېغا بېرىپ قۇياش تەڭرىسىگە ئاتاپ ئىبادەتخانا سېلىپ، نەزىر ـ سەدىقە بېرىپ، ئەپۇ سورايلى. مېنىڭچە، مۇشۇ چارە ئارقىلىق سەۋەنلىكىمىزنى تۈزىتىپ، كەچۈرۈم قىلىنىشقا ئېرىشەلەيمىز! — دېدى.

ئادەم قورسىقى ئېچىپ كەتكەن چاغدا ھېچنېمىنى ئويلىمايدۇ، ئەس ـ يادى يېمەك ـ ئىچمەكتىلا بولىدۇ. شۇڭا، ئورىلوكۇسنىڭ تەكلىپىگە كۆپچىلىك شۇئان كۆندى. سەرۋازلار شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ، سېمىز بۇقىدىن بىرنى سويدى. ئۇلار ئاۋۋال بۇقىنىڭ ئىچ ـ قارنىنى ۋە سان گۆشىنى تەڭرىگە نەزىر قىلدى. قالغان گۆشىنى كاۋاپ قىلدى. ئۇلار قوللىرىنى ئېرتىشىپ، بۇقىنىڭ گۆشىنى راسا مەززە قىلىپ يېيىشكە تەييارلاندى.

ئوتقا تامچىلاپ چۈشكەن بۇقىنىڭ مېيىدىن ئەتراپقا تارالغان گۆشنىڭ مەززىلىك ھىدى ئۇخلاپ ياتقان ئودىسسۇسنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇلدى، ئاشقازىنى لۆمۈلدەشكە باشلىدى، مەززىلىك پۇراق ئىشتىھاسىنى قوزغىغاچقا، ئويغىنىپ كەتتى ۋە كاۋاپنىڭ ھىدى كەلگەن تەرەپكە قارىدى. سويۇلغان بۇقىنى كۆرگەن ئودىسسۇس يوتىسىغا ئۇرۇپ، ئالاقزادە بولغان ھالدا:

— تۈگىدى، ھەممە ئىش تۈگىدى! — دېدى ـ دە، ئالمان ـ تالمان ئورنىدىن تۇرۇپ يۈگۈرۈپ بارغىنىچە، سەرۋازلىرىنى قاتتىق ئەيىبلەپ، قەسىمگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى راسا تىللىدى. لېكىن، ئۇ تولىمۇ كېچىككەنىدى. ئادەملىرى ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا

ئىمكان يوق ئىدى. شۇ چاغدا بالايىئاپەتتىن دېرەك بېرىدىغان ئاللامەتلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى: سويۇۋېلىنغان بۇقا تېرىسى خۇد-دى جان كىرگەندەك مىدىرلىدى، زىققا ئۆتكۈزۈلگەن بۇقا گۆشى گويا تىرىك بۇقىدەك مۆرەشكە باشلىدى!

يۇنانلىق سەرۋازلار ئېچىرقاپ كەتكەچكە، بۇ بەختسىزلىك ئاللامەتلىرىگە قارىماي، بۇقىنىڭ گۆشىنى ئاچ بۆرىلەردەك يۇتۇپ يېيىشمەكتە ئىدى. جان كىرىپ ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ كەتكەن بۇقا تېرىسىنىڭ قۇياش تەڭرىسىگە ئەرز - شىكايەت قىلغانلىقىنى ھېچكىم بايقىمىدى.

قۇياش تەڭرىسى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ دەرغەزەپكە كەلدى ۋە زېۋسقا ئەرز قىلىپ:

— ئىنسانلارنىڭ يۈرىكى قاپتەك بولۇپ كېتىپتۇ! ئۇلار مېنىڭ ئىلاھىي كالامىنى ئۆلتۈرۈشكە جۈرئەت قىپتۇ! تەڭرىلەر-نىڭ ئاتىسى زېۋس، مەيلى نېمە بولسۇن، سىلى ماڭا ئىگە بولۇپ تەڭرىلەرگە چېقىلغان ئاسىي بەندىلەرنى قاتتىق جازالىسىلا، بۇ مەلئۇنلارنى بىر تەرەپ قىلمىسىلا، مەن ئىشتىن قول ئۈزىمەن. قۇياش هارۋىسىنى ھەيدەپ چىقىپ پانىي دۇنياغا نۇر بەرگۈزمەي، باقىي دۇنيادا مېيىتلەرگە نۇر بەرگۈزىمەن. پانىي دۇنيانى قاراڭ-غۇلۇق ئىلكىگە چۈشۈرۈپ قويىمەن، كىم ئۇلارنى ئىلاھىي كا-لامنى ئۆلتۈرسۇن دەپتۇ! — دېدى.

زېۋسنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، قاپىقى سىلىنىپ كەتتى. ئۇ جىددىي تەرىزدە:

— قۇياش تەڭرىسى، ئوغلۇم، كىچىك بالىدەك قېيدىما، ئىشىڭنى قىلىۋەر، پانىي ئالەمدە يورۇقلۇق بولمىسا بولمايدۇ. كالاڭنى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرگىنى يوق. بۇ ئاز ساندى-كى قاپ يۈرەك ئادەملەرنىڭ قىلغان ئىشى، ئۇلارنى جازالاشنى ماڭا قويۇپ بەر. مەن چاقماق چاقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كېمىسىنى كۇكۇم - تالقان قىلىپ، دېڭىزغا چۆكتۈرۈۋېتىمەن، — دېدى.

يۇنانلىق سەرۋازلار باشلىرىغا كېلىدىغان بالا ـ قازادىن بىخەۋەر، ئارالدا يەپ ـ ئىچىپ ئالتە كۈن تۇردى. يەتتىنچى كۈنى دېڭىزدا دولقۇنلار تىنچىغاندەك بولدى، كۆپچىلىك دېڭىزنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ئىلگىرىلەپ كەتتى. كېمە قۇرۇقلۇقنى كۆرگىلى بولمايدىغان يەرگە بارغاندا، زېۋۇس بىر پارچە قارا بۇلۇت كەلتۈردى، دېڭىز قارىيىپ دولقۇنلىنىشقا باشلىدى. غەرب تەرەپتىن سوققان شىددەتلىك بوران كېمىدىكى يەلكەننىڭ ئارقانلىرىنى ئۈزۈۋەتتى. ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ماچتىنىڭ ئېغىرلىقى رولچىنىڭ بېشىغا چۈشۈپ، مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋەتتى، ئۇ دومىلىغان پېتى دېڭىزغا چۈشۈپ كەتتى. ئاندىن چاقماق كېمىدىكى باشقا سەرۋازلارغا ھۇجۇم قىلدى، ھاۋادىن گۈڭگۈرت



پۆرقى كېلەتتى. ئورىلوكۆس ھەم باشقا يۆنانلىق سەرۋازلار چاق-
ماق زەربىسىدە دېڭىزغا چۆشۆپ كېتىشتى، ئۆلار دېڭىزدا قازاندا
ۋاراقلاپ قايناۋاتقان جۆۋاۋىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. كېمىدە يال-
غۆز ئوٚدىسسۆسلا قالدى، ئۆ كېمىنىڭ تېگى ئاجراپ كەتكۆچە
پالوبىدا ئۆياق - بۆياققا مېڭىپ يۆردى. ئۆ ناھايىتى پاراسەتلىك
ئىدى، كالا تېرىسىدىن ئېشىلگەن ئارقان بىلەن تاختاينى چەگ-
دى، كېمە ۋەيران بولۆپ كەتسە، ئودىسسۆس تاختاي ئۆستىدە
يېتىپ دېڭىزدا لەيلەپ يۆرۆشنى كۆزلىگەنىدى.

كېمە غاراسلاپ سۆنۆپ پۆتۆنلەي تۆگەشتى، ئودىسسۆس تاخ-
تايغا چىڭ يېپىشىپ، تەڭرىلەردىن نىجاتلىق تىلىگەچ، دولقۆنلار
ئارىسىدا لەيلەپ يۆرەتتى. دېڭىز دولقۆنلىرى ئۆنى بىرنەچچە
قېتىم يۆگەپ ئاچىقىپ، كىچىك ئاراللاردىكى قىيا تاشلارغا ئۆر-
ماقچى بولدى. ئەمما، ئۆ ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ،
بىر بولسا ئەنجۆر دەرەخلىرىنىڭ شاخلىرىغا ئېسىلىۋېلىپ، بىر
بولسا خادا تاشلاردىن ئەپچىللىك بىلەن يانداپ ئۆتۆپ دېگۆدەك
كۆكۆم - تالقان بولۆپ كېتىش خەۋپىدىن ئامان قالدى. رەھىم-
سىز دېڭىز ئۆنى يەنە دولقۆنلار قوينىغا ئەكىرىپ كەتمەكچى
بولاتتى، شۆ تەرىقىدە، ئۆ توققۆز كېچە - كۆندۆز دېڭىزدا لەيلەپ
يۆردى.

## تۆتىنچى قىسسە

# دېڭىز تەڭرىسىنىڭ ئودىسسۇسقا زىيانكەشلىك قىلغانلىقى

تەڭرىچە كالوپسو ئۆزى يالغۇز ئوگوگىيە ئارىلىدا تۇراتتى. ئۇ گۈزەل، ئىقتىدارلىق، لېكىن بەختسىز بولۇپ، كۆڭلىرى زېرىكىشلىك ئىچىدە ئۆتۈۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە سەندەل ياغىچى بىلەن ئوچاقتا ئوت ياقاتتى، ئوچاقتىن خۇش پۇراق ئىس كۆتۈرۈلەتتى. ئاندىن چاچلىرىنى يەلكىسىگە چۇشۇرۇپ قانداقتۇر بىر ئاھاڭغا غىڭشىغاچ، ئالتۇن مۇكا بىلەن نەپىس شايى توقۇيتتى.

بىر كۈنى، كالوپسو دەستىگاھ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، دېڭىزدا لەيلەپ تۇرغان قاپقارا بىر نەرسىنى بايقاپ قالدى. ھېلىقى نەرسە مىدىرلىمۇ دېمەيتتى، گويا جېنى يوقتەك دېڭىز سۈيىنىڭ ئۇرۇ-شىغا ئۆزىنى تۇتۇپ بېرىپ سۇدا لەيلەپ يۈرەتتى. ئۇزاقتىن بۇيان تەنها ياشاپ كېلىۋاتقان كالوپسو بۇ ئىشقا قىزىقىپ، كارامىتىنى ئىشقا سالدى ـ دە، بىر پارچە رەختنى ھاۋاغا قويۇپ بېرىپ، ھېلىقى قارا نەرسىنى شۇ بىر پارچە رەختكە ئوراپ، قىرغاققا ئاچىقتى. بۇ قارا نەرسە باشقا بىر نەرسە بولماستىن، دەل ئودىس-سۇسنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇنىڭ دېڭىزدا لەيلەپ يۈرگىنىگە توققۇز كېچە ـ كۈندۈز بولغان، بۈگۈن ئونىنچى كۈنى ئىدى. ناۋادا كالوپسو قۇتۇلدۇرۇۋالمىغان بولسا، ئۇ جەزمەن دېڭىزدا ئۆلگەن بولاتتى. ئۇ شۇ تاپتا ھېچنېمىنى سەزمەي بىھوش ھالەتتە ياغاچ-

تەك قېتىپ كەتكەن قوللىرى بىلەن تاختاينى چىڭ تۇتۇپ ياتاتتى.

كالوپسو ئودىسسۇسنىڭ تىتىلىپ كەتكەن بۇلجۇڭ گۆشلىرىگە شىپالىق دورىلارنى سۇرۇپ، ئۇنى قۇۋۋەتلىك يېمەكلىكلەر بىلەن باقتى. كالوپسونىڭ كۆڭۈل قويۇپ كۈتۈشى نەتىجىسىدە، ئودىسسۇس ناھايىتى تېزلا ئەسلىگە كېلىپلا قالماي، تېخىمۇ قاۋۇل، تېخىمۇ ياشىرىپ كەتتى. كالوپسو تەڭرىچە، ئوگوگىيە تەڭرىچە ئارىلى بولغاچقا، بۇ يەردىكى بۇلاق سۇلىرى، ئۆسۈملۈك دورىلىرىنىڭ ھەممىسى ئادەمنى ياشارتىۋېتەتتى.

كالوپسونىڭ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىقىدىن بەكلا مىننەتدار بولغان ئودىسسۇس ئوڭلىنىپ ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن بەك ئىشچان بولۇپ كەتتى. قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئىشلارنى قىلىپ كالوپسوغا ھەمدەمدە بولدى: سۇ توشۇدى، ئوتۇن ياردى، ئۆي جاھازلىرىنى رېمونت قىلدى. كالوپسو ئۇنىڭ ئىشچان ۋە قابىللىقىنى بەكرەك ياقتۇرۇپ قالدى. شۇڭا، ئۇنى يولغا سېلىپ قويغۇسى كەلمىدى. لېكىن، ئودىسسۇسنىڭ بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇش خىيالىمۇ يوق ئىدى، ئۇ ھەر ۋاقىت ئەل - يۇرتىنى ياد ئېتەتتى، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىپ بولۇپ، قىيا تاش ئۈستىدە ئولتۇرغىنىچە دولقۇنلۇق دېڭىزغا قاراپ ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى. بۇنىڭ ھەممىسى كالوپسونىڭ كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان ئىشلار ئىدى. ئودىسسۇسنىڭ نېمىنى ئويلايدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. كالوپسو بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىشتىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. ئۆز كۆڭلىدە: ئودىسسۇس مەڭگۈ مۇشۇ يەردە قېلىپ، ماڭا ھەمراھ بولسا، مېنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىپ مەن بىلەن بىللە ئۆتسە، شۇنىڭدا غېرىبچىلىقتىن قۇتۇلغان بولاتتىم، دەپ ئويلايتتى.

ئودىسسۇس ئاخىرى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، يۇرتىغا قايتماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ مۇلايىملىق بىلەن:

— قەدىرلىك تەڭرىچە، سىز مېنىڭ نىجاتكارىم، بۇ ياخشى-
لىقىڭىزنى قايتۇرۇپ بولالمايمەن. لېكىن، مېنىڭ ئائىلەم،
بالا - چاقام بار. خوتۇنۇم پېنېلوپې گەرچە قولىڭىزغا سۇ قويۇپ
بېرەلمىسىمۇ، ئەمما ئۇ بىر ئاددىي ئىنسان، خۇددى ماڭا ئوخ-
شاش. سىز بولسىڭىز تەڭرىچە، سىز سالاھىيەت ۋە رەڭگى -
رۇخسار جەھەتتە تەڭداشسىز، مەن ئېگىز ئوقۇرغا ئېسىلىشقا
پېتىنالمايمەن، بۇ گويا قاغا بىلەن توز توي قىلغانغا ئوخشاش
بىر ئىش، بىز بىر - بىرىمىزنىڭ خىلى ئەمەس. مەن ھەر كۈنى
ئىتاكىنى ياد ئېتىمەن، يۇرتقا قايتقۇم، ئەل - يۇرتۇم ئۆزگىرىپ
قانداق بولۇپ كەتتى، كۆرگۈم كېلىدۇ. دېڭىزدا مەيلى قانچىلىك
غايەت زور دولقۇنلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراي، ئەل - يۇرتۇمنى
يېڭىۋاشتىن كۆرۈش نىيىتىمدىن يانمايمەن، — دېدى.

كالوپسو:



— مەن سالاھىيەت ۋە گۈزەللىكتە پېنېلوپېدىن ئېشىپ
چۈشمەن، بۇ يەردە ئەۋلىيالاردەك ياشايمەن، ئودىسسۇس، سىلى
ئەلۋەتتە ئۆزلىرىنى ئويلاشلىرى كېرەك. ئويلاپ باقتىلىمۇ! بۇ
يەردە ئادەم قېرىمايدۇ، سىلى يېمەك - ئىچمەكتىن غەم قىلمايدى-
لا، يۇرتلىرىغا قايتىسىلا قانداق قىلىدىلا؟ ئۇ يەردە سىلىنى نېمە
ئىشلار كۈتۈپ تۇرىدۇ؟ ئېلىشىش، نامراتلىق، غەم - ئەندىشە،
بۇنىڭدىن باشقا ئۆلۈم كۈتۈپ تۇرىدۇ. سىلى نېمىشقا بەخت -
سائادەتنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، جاپا - مۇشەققەتنى تاللايلا؟
مەن سىلىنى قويۇپ بەرمىسەم، سىلى قانداق كېتەلەيدىلا؟ —
دېدى.

ئودىسسۇستىن خاپا بولغان كالوپسو ئۇنى دېڭىز بويىدا يال-
غۇز قالدۇرۇپ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ شايى توقۇغىلى كەتتى، ئو-
دىسسۇس ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قەتئىي ھالدا:

— مېنىڭ كۆڭلۈم بۇ يەرنى خالىمىسا، مەن قانداقمۇ بەخت-
لىك بولاي! مېنى مەجبۇرى ئېپقالىمەن دېسىڭىز ئېپقېلىۋېرىڭ.
كىشىلىك ھايات ئازاب - ئوقۇبەتكە تولغان، مېنىڭ بۇنىڭدىن
باشقا تەلىپىم يوق! — دېدى.

ئۇ شۇنداق دەپ دېڭىزغا قارىدى، كۆزلىرىدىن ياشلار تارام-
لاپ تۆكۈلدى، سەپەرگە يول چىقمايۋاتقانلىقى ئۈچۈن قايغۇردى.
ئۇ ئادەمزات تۇرسا، تەڭرىگە قانداقمۇ تەڭ كېلەلىسۇن. تەڭرى
ئۇنى ياقتۇرغان ھالەتتىمۇ، ئۇ بۇنى پەقەت خالىمايتتى. ئۇلار
بىر تۆشەكتە ياتسىمۇ، لېكىن ئوي - خىياللىرى باشقا - باشقا
بولۇپ، ھەرقايسىسى ئۆز غېمىدىلا بولاتتى.

تاڭ نۇرى تەڭرىسى ئورنىدىن تۇردى، پۈتكۈل ئولىمپىيە
تېغى تاڭ نۇرىغا چۆمكەلدى. ئافېنا بۈگۈن تولىمۇ بالدۇر تۇرۇپ
كەتتى، تەڭرىلەر ئارىسىدا ئودىسسۇسنىڭ تەقدىرىگە ھەممىدىن
شۇ بەكرەك كۆڭۈل بۆلەتتى. شۇ كۈنى تەڭرىلەرنىڭ جىمىسى
ئولىمپىيە تېغىغا يىغىلىپ كېڭەشمە ئۆتكۈزۈپ، ئودىسسۇسنىڭ

يۆرتىغا قايتىشىغا ياردەم بېرىش ئىشىنى مۆزاكىرە قىلماقچى بولۇشقانىدى. شۇڭا، ئافېنا بۇ ئىشقا بەك كۆچەپ كەتتى. ئۇ تەڭرىلەر ئاتىسى زېۋسنى ئويغاتتى، ھەرقايسى جايلاردىكى تەڭرىلەرنى كېڭەشمىگە تەكلىپ قىلدى ۋە ئودىسسۇسنىڭ دېڭىزدا شۇنچە يىل لەيلەپ يۈرگەنلىكىنى، بۇ جەرياندا تۇرلۈك كۈلپەت ـ جاپالارنى چەككەنلىكىنى تەڭرىلەرنىڭ سەمىگە سالدى.

ئافېنانىڭ زېۋسنى كېڭەشمە ئۆتكۈزۈشكە قىزىقتۇرۇشىدا باشقا بىر سەۋەبمۇ بار ئىدى: دېڭىز تەڭرىسى پوسېيدون سەپەرگە چىقىپ كەتكەنىدى، ئۇ كېڭەشمىگە كېلەلمەيتتى. ئۇ ئودىسسۇسنىڭ رەقىبى ئىدى، ناۋادا ئۇ كېڭەشمىگە قاتناشسا، ئودىسسۇسنىڭ يۇرتىغا قايتىش ئىشىغا ياردەم بېرىشكە پوسېيدون ھەرگىز ئۇنىمايتتى، توسقۇنلۇق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن يانمايتتى.

پوسېيدون نەگە كەتتى؟ ئۇ مېھمان بولغىلى ھەبەشىستانغا كەتكەنىدى. ھەبەشىستان دۇنيانىڭ چېتىگە جايلاشقان، ئىنسانلار ئولتۇراقلاشقان ئەڭ يىراق بىر جاي ئىدى. بۇ جاي ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەنىدى، بىر بۆلىكىدە كۈن چىقاتتى، يەنە بىر بۆلىكىدە كۈن ئولتۇراتتى. ئىككى بۆلىكى قۇياشقا بەك يېقىن بولغانلىقتىن، بۇ يەردىكىلەرنىڭ تېرىسى ساپلا قاپقارا ئىدى. ھەبەشلەر قوي ـ كالا ئۆلتۈرۈپ، پوسېيدونغا نەزىر بەردى. ئۇ نەزىرنىڭ تائاملىرىنى بولۇشچە يەپ ئولتۇراتتى. تەڭرىلەرنىڭ ئولىمپىيە تېغىدا كېڭەشمە ئۆتكۈزۈپ، ئوغلىنىڭ كۆزىنى قۇيۇۋەتكەن رەقىبى — ئودىسسۇسنىڭ يۇرتىغا قايتىش ئىشىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقانلىقى ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمىدى.

تەڭرىلەرنىڭ ھەممىسى ئودىسسۇسقا ھېسداشلىق قىلىشتى، بۇ ئافېنانىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئۇ قايتا ـ قايتا:

— پەم ـ پاراسەتلىك ھەم قەھرىمان ئودىسسۇسقا ھەقىقەتەن ئۇۋال بولدى. ئۇ نېمىدېگەن تەلەيسىز، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىپ شۇنچە يىل دېڭىزدا سەرسان بولۇپ يۈردى، خېيىمخەتەر

ھەم ئوڭۇشسىزلىقلارغا يولۇقتى. ئاخىرقى كېمىسىمۇ ۋەيران بولدى، ئۇ ھازىر ئوگوكىيە ئارىلىغا قامىلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كالوپسو ئۇنى ئارالدا تۇرۇپ قېلىشقا، ئۆزىگە ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولۇشقا زورلاۋاتىدۇ. ئويلاپ باقايلى، كالوپسو بىر ئۆزى قانائەتلەنگەن بىلەن، ئودىسسۇسنىڭ بالا - چاقىلىرى ئەلەم تارتىپ قالىدۇ. ئودىسسۇسنىڭ ئېلىدە پادىشاھ بولمىغاچقا، ئەل داۋالغۇش ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئىنسانلار تەڭرىنىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن ئاغرىنىۋاتىدۇ، — دېدى.

زېۋس ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى، ئۇ سۇرلۇك يوسۇندا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— كىم مېنى ئادالەتسىز دەيدىكەن؟ مۇشۇنداق ئىش ئۇزاق داۋام قىلسا، ئىنسانلار بىزنى ھۆرمەتلەمدۇ؟ ھېرمېس، ئوغلۇم، سەن كۆپ قېتىم پەرمانىمنى يەتكۈزگەن، ماڭا ۋاكالىتەن ئەلچى بولۇپ كالوپسوغا ئېيت، ئۇ بەختسىز ئودىسسۇسنى يۇرتىغا يولغا سېلىۋەتسۇن! — دېدى.

ھېرمېس ئالتۇن ھاسىسىنى قولىغا ئېلىپ، بۇلۇتنىڭ چېتىدىن مېڭىپ ئوگوكىيە ئارىلىغا چۈشتى — دە، ساھىبجامال تەڭرىچە كالوپسونى تاپتى. كالوپسو ھېرمېسنى بىر قاراپلا تونىدى، تەڭرىلەر بىر - بىرىدىن يىراق تۇرۇشسىمۇ، ئەمما بىر - بىرى بىلەن تونۇشاتتى.

— سىلىنى قانداق شامال ئۇچۇرۇپ بۇ يەرگە ئەكەلدى؟— دەپ سورىدى كالوپسو ئۇنىڭدىن،— بۇ ئارالغا قەدەملىرى كەمدىن - كەم يېتەتتى! مەن بېجىرىدىغان قانداق ئىشلار بار، ئېيتسىلا، قولۇمدىن كەلسىلا، تىرىشچانلىق كۆرسىتىمەن.

ھېرمېس كېلىش مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈپ:

— گۈزەل تەڭرىچە، مەقسەتلىرىنى ئېيتسىلا دېگەن ئىكەنلا، سىزگە گەپنىڭ ئوچۇقىنى دەي، مەن بۇ يەرگە ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن كەلگەن ئەمەسمەن، مېنى زېۋس ئەۋەتتى. ئۇنىڭ

دېيىشىچە، بۇ يەردە ئودىسسۇس ئىسىملىك بىر باتۇر بار ئىكەن. ئۇنىڭدەك رىيازەت چەككەن ئادەم يوقمىش، ھەمراھلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كەتكەنىكەن، دولقۇن ئۇرۇپ ئۇنى مۇشۇ ئارالغا چىقىرىپ قويغان ئىمىش. زېۋس ئۇنى دەرھال يولغا سېلىپ قويۇش توغرۇلۇق سىزگە بۇيرۇق قىلدى، چۈنكى ئۇ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىپ سەرسان بولۇپ يۈرسە بولماسمىش، —



دېدى.

زېۋسنىڭ بۇيرۇقىغا ھېچكىم بويۇنتاۋلىق قىلالمايتتى، كالىپسو ئودىسسۇسنى يولغا سېلىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى. كېمە تېپىش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى، ئۇ ئودىسسۇسقا ئوزۇق - تۈلۈك قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى يوللۇق تۇتۇش، نىشاننى كۆرسىتىپ بېرىشقا ئوخشاش ئىشلارنىلا قىلالايتتى. ئۇ بۇ ئىشلارنى ئازاب بىلەن قىلدى، ئودىسسۇسنىڭ كېتىپ قېلىشىغا زادى كۆڭلى ئۇنىمايتتى.

يۇرتىغا قايتىش ئىجازىتى بېرىلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئودىسسۇس روھلىنىپ كەتتى. ئۇ قولىغا تەڭرىچە بەرگەن تۆچ پالتىنى ئېلىپ، ھەش - پەش دېگۈچە ئون ئىككى دەرەخنى كېسىپ يىقىتىپ، كېمە ياساشقا كىرىشتى. ئۇ تەڭرىلەرنىڭ ئەتىۋارلىشىغا مۇناسىپ باتۇر ئىدى. ئودىسسۇس لەشكەر باشلاپ جەڭ قىلىشقىلا ئەمەس، يەنە دەرەخ كېسىپ كېمە ياساشقىمۇ ماھىر ئىدى. نەچچە كۈن ئۆتمەستىن، ئودىسسۇس يېڭى كېمىگە چۈشۈپ يولغا ئاتلاندى.

قېرىشقاندەك دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، دېڭىز تەڭرىسى پوسېيدون ھەمبەشىستاندىن يۇرتىغا كېتىۋاتقانىدى. ئۇ دېڭىز ئاستىدا كېتىۋېتىپ، جەسۇر ئودىسسۇسنى كۆرۈپ دەرغەزەپكە كەلدى - دە، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ئۆز - ئۆزىگە: «ئودىسسۇس سەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىشنى بىلىدىكەنسەن! تەڭرىلەر سېنى مەيلى قانچىلىك ھىمايە قىلسۇن، ساڭا يەنىلا نوچىلىقىمنى كۆرسىتىپ قويىمەن! كىم سېنى ئوغلۇمنىڭ بىر تال كۆزىنى قۇيۇۋەتسۇن دەپتۇ، ھېلىمۇ دەل ۋاقتىدا كەپتىمەن، ئاكىيا تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن بولساڭ، سېنى جايلىماق تەس بولاتتى!» دېدى.

پوسېيدون شۇنداق دەپ بۇلۇتلارنى يىغىپ، ئۈچ ئاچىلىق ئارىسى بىلەن دېڭىزنى قوچۇشقا باشلىدى، دېڭىزدا غەلىتە دولقۇنلار كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. قارا بۇلۇتلار يەر - زېمىن ۋە

دېڭىز ـ ئوكيانىنى قاپلىدى، جاھاننى قاراڭغۇلۇق ئۆز ئىلكىگە
ئالدى. تۆت تەرەپتىن چىقىۋاتقان بوران بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇپ،
قىيامەت قايىم بولدى، ئودىسسۇسنىڭ پۇت ـ قولىدا جان قالمى-
دى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تىترەكتىن توختىمايتتى، ۋەھىمىدە قالغان
ئودىسسۇس ئۆز ـ ئۆزىگە: «دۇنيادا مېنىڭدەك شور پېشانە ئادەم
يوق ئىكەن! مېنى قانداق تەقدىر كۈتۈۋاتىدىغاندۇ! تەرەپ ـ
تەرەپتىن چىقىۋاتقان بوران ماڭا مۇشۇنداق ھۇجۇم قىلسا، مەن
جەزمەن پاجىئەلىك ئۆلۈپ كېتىمەن. پوسېيدوننىڭ قولىدا ئۆل-
گۈچە ترويادىكى جەڭدە ئۆلسەمچۇ كاشكى. مىڭلىغان نەيزىلىك
سەرۋازلار ماڭا ھۇجۇم قىلغان جەڭگاھتا، ئۇلار بىلەن جان
تىكىپ ئېلىشىپ ئۆلگەن بولسام، شەرەپ بىلەن ئۆلمەسمىدىم،
ئاكىيالىقلار مېنى تەنتەنىلىك ئۇزىتىپ قويغان، شەنىمگە ھەدىيە
ئوقۇغان بولاتتى، ئەمدى مانا نام ـ نىشانسىز كېتىدىغان بولدۇم»
دېدى.

شۇ ئارىلىقتا يۇپۇرۇلۇپ كەلگەن تاغدەك بىر دولقۇن ئودىس-
سۇسنى دېڭىز تېگىگە ئەكىرىپ كەتتى. دېڭىز تېگىدىن سۇ
يۈزىگە فونتاندەك ئېتىلىپ چىققان باشقا بىر دولقۇن ئۇنى دېڭىز
تېگىدىن يەنە دېڭىز ئۈستىگە ئاچىقىۋەتتى. شۇ چاغدا ئودىسسۇس
كېمىسىدىن ئايرىلىپ قالدى، كېمە دېڭىزدا پاچاقلىنىپ كەتتى.
دولقۇن ئودىسسۇسنى يەنە دېڭىز تېگىگە ئەكىرىپ كەتتى، ئۇنىڭ
بېشىنى ئېغىر دولقۇنلار بېسىپ تۇراتتى. ئۇ بىر ھازاغىچىلىك
سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقالماي، قورسىقىغا توختىماي كىرىپ كېتى-
ۋاتقان ئاچچىق دېڭىز سۈيىدىن قېقىلىپ ھوشىنى يوقاتتى. شۇن-
داقتىمۇ ئۇ كېمىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇ دولقۇنلارنىڭ زەربىسى-
دە پاچاقلىنىپ كەتكەن كېمىنىڭ بىر تال تاختىيىنى تۇتۇۋېلىپ،
دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىشتىن ساقلىنىپ قالدى. ئودىسسۇس دەھ-
شەتلىك بورانغا سالماقلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇش ئۈيىغا كەلدى.
ئۇ ئۆزىنى تەرەپ ـ تەرەپكە ئۇرۇۋاتقان شاماللارغا ۋە خادا تاشلارغا

سوقۇپ ئۇنى كۇكۇم ـ تالقان قىلىۋېتىشكە ھازىرلانغان دولقۇن-
لارغا تۇتۇپ بېرىپ، دېڭىزدا قاڭقىپ يۈردى.

ئودىسسۇس دولقۇنلار ئارا جان تالىشىپ يۈرۈۋاتقان چاغدا، باشقا بىر دېڭىز ـ ئوكيان تەڭرىچىسى — لوكۇتىيە ئۇنى بايقاپ قالدى. لوكۇتىيەنىڭ پۇتلىرى چىرايلىق ھەم نازۇك بولغاچقا، تەڭرىلەر ئۇنى نازۇك پۇتلۇق تەڭرىچە دەيتتى. نازۇك پۇتلۇق تەڭرىچە ئودىسسۇسنىڭ چېكىۋاتقان رىيازىتىنى كۆرۈپ، پوسېي-دوننىڭ رەھىمسىزلىكىگە ئاچچىقلانغاچ، كۆڭلىگە بىر خىيالنى پۈكتى. ئۇ چايكىغا ئۆزگىرىپ ئۇچقان پېتى بېرىپ ئودىسسۇس-نىڭ بېشىغا قوندى ۋە ئۇنىڭغا:

— شور پېشانە ئودىسسۇس، دەرھال كىيىملىرىنى سالسى-لا، ھۆل كىيىملىرى بىلەن دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىدىلا، مەندە بىر خاسىيەتلىك چۇمبەت بار، ئۇنى كۆكرەكلىرىگە تاڭسىلا، سىلىگە ھەرقانداق بالا ـ قازا ھەم ھالاكەت زىيانكەشلىك قىلالماي-دۇ. قوللىرى قۇرۇقلۇققا تەگكەن چاغدا، كۆكرەكلىرىدىن چۇم-بەتنى ئېلىپ، دېڭىزغا تاشلىسىلا، مەن ئېلىۋالىمەن، — دېدى.

ئودىسسۇس شۇئان كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، چۇمبەتنى كۆكرىكىگە تاڭدى، ئاندىن غۇلاچ تاشلاپ دېڭىزدا ئۈزۈشكە باشلى-دى. ئۇ شۇ تاپتا خېلىلا ئارام تېپىپ قالغاندەك بولدى.

پوسېيدون بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ زەھەرخەندىلىك بىلەن:

— بۇ قېتىم تەلىيىڭ يەنە ئوڭدىن كەلدى، ئودىسسۇس! خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالساڭ سېنى ھەمىشە تەڭرىلەر قۇت-قۇزۇپ قالىدىكەن! كېمەڭنى پاچاقلاپ، ئۆزۈڭنى دېڭىزدا لەي-لەپ يۈرۈشكە مەجبۇر قىلىۋەتتىم، ھەر ھالدا دەردىم چىق-تى! — دېدى.

پوسېيدون شۇنداق دەپ دېڭىز مەخلۇقىغا مىنىپ ئوردىسىغا كەتتى. بۇ چاغدا زېۋسنىڭ قىزى ئافېنا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن چىقىۋاتقان شاماللارنى توختىتىپ ئۇخلاشقا



بويرۇدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ دېڭىزنى تىپتىنچ ھالەتكە ئەكېلىپ، ئودىسسۇسنىڭ ئاخىرقى كۈچ - ماغدۇرىنى ساقلاپ قىرغاققا چىقىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

ئودىسسۇس جاسارەت بىلەن تىركىشىش ئارقىلىق ئاخىر قىرغاققا يەتتى.

ئۇ كۈچلۈك بىلەكلىرى بىلەن يەرگە تايىنىپ ئۆمىلەپ يۈرۈپ قىرغاققا چىقتى. دېڭىز ئۇنىڭ ھالىنى قويمىغان، تېرىلىرى كۆكۈرۈپ ئىششىپ كەتكەن، ئاغزى - بۇرنىدىن دېڭىزدا ئىچىۋالغان سۇلار بۇلدۇقلاپ ئېقىپ تۇراتتى. ئۇ بىر ھازاغىچە مىدىرلىماي ياتتى. سەل ئۆزىگە كەلگەن چاغدا، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ چۈمبەتنى كۆكرىكىدىن ئېلىپ، دېڭىزغا تاشلىدى ۋە دېڭىزغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە كۆككە قاراپ:

— رەھمەت سىزگە، نازۇك پۈتلۈك تەڭرىچە! چۈمبىتىڭىز

ئۇچۇن سىزگە مىڭ تەشەككۇر! رەھمەت سىزگە، گۈزەل تەڭرىچە ئافىنا! شامالنى توختىتىپ، دېڭىزنى تىنجىتىپ بەرگەنلىكىڭىز ئۇچۇن سىزگىمۇ تەشەككۇر! — دەپ توۋلىدى.

ئودىسسۇس چاتقاللىقتا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ قىپيالىڭاچ ئىدى، شۇ پېتى داق يەردە ياتسا، جېنىدىن ئايرىلىپ قالاتتى. بۇك - باراقسان ئۆسۈپ كەتكەن چاتقاللىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدى. ئۇ يەردە نۇرغۇن يوپۇرماقلاردىن يۇمشاق ۋە ئىسسىق بىر تۆشەك هازىرلاپ قويۇلغانىدى. ئودىسسۇس يوپۇرماقلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ بەك هۇزۇرلىنىپ كەتتى - دە، بىردەمنىڭ ئىچىدە تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى.

تالاي سىناقلاردىن ئۆتكەن ئودىسسۇس يوپۇرماقلارنىڭ ئارىسىدا يېتىپ ئۇيقۇغا كەتكەن چاغدا، ئافىنا يەنە ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئەسلىدە، بۇ يەر ئاكىيا بولۇپ، ناهايىتى ئاۋات بىر يۇرت ئىدى. ئافىنا چاتقاللىقتىن خېلىلا يىراق بىر جايغا جايلاشقان پادشاھ ئوردىسىغا كىرىپ، هەشەمەتلىك بىر هۇجرىغا يوشۇرۇنۇۋالدى، هۇجرىدا بىر قىز ئۇخلاپ ياتاتتى، ئۇ ئاكىيا پادشاھى — ئالكىنوسنىڭ قىزى ناسىكا ئىدى. ئافىنا كېمىچى دومانىڭ قىزى سۇرىتىدە ناسىكانىڭ چۈشىگە كىردى. ئۇ ناسىكانى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، ئۇنى ئودىسسۇس بىلەن ئۇچراشتۇرماقچى ئىدى. ئافىنا چۈش كۆرۈۋاتقان ناسىكاغا:

— ناسىكا، سىز مېنى هېلىمۇ تونامسىز؟ مەن دومانىڭ قىزى، سىز بىلەن تەڭتۇش. ئىككىمىز كىچىكىمىزدە پومزەك ئوينايتتۇق، يادىڭىزدىمۇ؟ مەن سىز بىلەن ئوينىغىلى كەلدىم! يۈرۈك، دېڭىز بويىدىكى ئېقىنغا بارايلى! كىر يۇيىدىغان ۋاقتىڭىز بولۇپ قاپتۇ، ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ شۇ يەرگە بېرىڭ، سىزنى شۇ يەردە ساقلايمەن! — دېدى.

ئافىنا ناسىكانىڭ ئاق كۆڭۈل، باشقىلارغا خۇشاللىق بىلەن ياردەم بېرىدىغان قىز ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ناسىكانىڭ

چۈشىگە كىرىپ، ئودىسسۇسنى شەھەرگە باشلاپ كىرىشنى ئۈنىڭ-
غا ھاۋالە قىلماقچى بولدى.
تاڭ ئەمدىلا يورۇشىغا، دېڭىز بويىدىكى بۇلاقلارنىڭ ئەتراپى
جانلىنىپ كەتتى. ناسىكا بىر توپ قىزلارنىڭ ھەمراھلىقىدا بۇ-
لاقتا يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە كىر - قات يۇغاچ،
ئويۇن - تاماشا قىلىشتى. شۇ چاغدا، بىرسىنىڭ قوڭغۇراقتەك
زىل كۈلكىسى ئاڭلاندى. ۋاقىت چۈشكە يېقىنلاشقاندا، قىزلار
ئويناپ ھېرىپ قېلىشتى، ئۇلارنىڭ كىرلىرىمۇ قۇرۇدى. قىزلار
نەرسە - كېرەكلىرىنى هارۋىغا بېسىپ، شەھەرگە قايتىشقا جاب-
دۇندى. بۇ چاغدا دومانىڭ قىزى سۇرىتىگە كىرگەن ئافېنا:
— يەنە بىردەم پومزەك ئويناپلىچۇ! — دېدى.
ناسىكا خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى ۋە:
— ماقۇل، ئاخىرقى قېتىم بىر قول ئوينايلى، — دېدى.
شۇنىڭ بىلەن، ئافېنا پومزەكنى قەستەنگە ئودىسسۇس ئۇخ-
لاۋاتقان يەرگە ئېتىپ، ناسىكاغا ئەكەلدۈرمەكچى بولدى. پوم-
زەك گويا ناسىكا بىلەن ئويىنشىۋاتقاندەك ئۇنىڭغا تۇتۇق بەرمە-
دى. پومزەك خۇددى يول بىلىدىغاندەك چىغىر يولدا دوملاپ
ناسىكانى چاتقاللىققا باشلاپ كىردى. ناسىكا ھاسىراپ - ھۆمۈ-
دەپ پومزەكنىڭ كەينىدىن يۈگۈرگىنىچە نەچچە ئايلانمىدىن ئۆ-
تۈپ، ئاخىرى شاخ - شۇمبىلارنى قايرىپ، بىر دۆۋە يوپۇرماق-
نىڭ ئىچىدىن پومزەكنى تاپتى.
ناسىكا يەردىن پومزەكنى ئېلىشقا تەمشىلىۋېتىپ، چاتقال-
لىقتا ياتقان بىر نەرسىنى كۆرۈپ قالدى - دە، قورقىنىدىن
«ۋايجان!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ
كەتكەن ئودىسسۇس كۆزىنى «پاللىدە» ئېچىپ، ئالدىدا چىرايلىق
بىر قىزنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى - دە، خىجىل بولغىنىدىن
قوپۇپ ئولتۇردى. ئۇ ھەيران بولدى ھەم ھودۇقۇپ كەتتى.
لېكىن، چىرايىدا ئېھتىياتچانلىق ئەكس ئېتەتتى.

— ھۆرمەتلىك خان قىز، سىزنىڭ سالاھىيىتىڭىزنى قىياس قىلالمىدىم. رەڭگى - رۇخسارىڭىزغا، قەددى - قامىتىڭىزگە قارىغاندا، سىز تەڭرىچىدەك قىلىسىز، قەلبىڭىزنىڭمۇ رۇخسارىڭىزغا ئوخشاش گۈزەل بولۇشىنى تىلەيمەن. مەن بىر بەختسىز بەندە، دېڭىزدا كۆپ دەرد - ئەلەم تارتتىم. تۈنۈگۈن تەقدىر مېنى مۇشۇ يەرگە ئەكېلىپ قويدى، يەنە قانچىلىك رىيازەت چېكىمەن، بۇنىڭغا بىرنېمە دېمەك تەس. مەن بۇ يەرگە كېلىپ بىرىنچى قېتىم سىزنى كۆردۈم، بۇ بەختىنىڭ ياكى ئاپەتنىڭ ئالامىتىمۇ، بۇ ماڭا قاراڭغۇ. ناۋادا بەختىنىڭ ئالامىتى بولسا، زېھنىڭىزنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلىپ، ماڭا بىر قۇر كونىراق كىيىم ئەكېلىپ بەرسىڭىز، هارۋىڭىزدا شەھەرگە كىرىۋالسام بولاتتى. ماڭا كۆرسەتكەن شەپقىتىڭىز ئۈچۈنلا تەڭرىلەردىن سىزگە ياخشىلىق تىلەيمەن. ئۇلار سىزگە باتۇر بىر ئەرنى نېسىپ قىلغاي، بەختلىك بىر ئائىلە ئاتا قىلغاي، سىز مەڭگۈ مۇشۇنداق چىرايلىق ھەم ساغلام ياشاپ ئۆتكەيسىز، — دېدى.

ناسىكا ئودىسسۇسنىڭ سەممىي سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان قورقۇنچ بېسىلدى، ئۇ چۆچۈپ كەتكەن دىدەكلىرىنى چاقىرىپ، ئودىسسۇسنى ئۆز كۆرۈپ:

— ھەي مۇساپىر، سىلى يامان ئادەم ئەمەستەك قىلىلا، نۇرغۇن قىسمەتلەرنى باشلىرىدىن ئۆتكۈزۈپلا، مەن ئەمدى ياخشى ئادەملەرنىڭ تەقدىرى خەيرلىك بولىدۇ، دېگەن گەپكە ئىشەنمەيمەن. بۇ ئاكىيا تۇپرىقى. ئاتامنىڭ ئىسمى — ئالكىنوس، مۇشۇ ئەلنىڭ پادىشاھى ھەم تەڭداشسىز پالۋان. سىلىنىڭ قىينچىلىقلىرى بىلەن تەلەپلىرىنى چوقۇم ئاتامغا دەيمەن. ئۇ سىلىگە قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىدۇ. سىلى ھازىر بۇلاق سۈيىدە يۇيۇنۇپ، بەدەنلىرىدىكى پاسكىنىچىلىقلاردىن تازىلانسىلا، مەن پاكىزە كىيىملىرىنى چۆپلۈككە قويۇپ قويىمەن، ئاندىن ھارۋامغا ئەگىشىپ شەھەرگە كىرسىلە، — دېدى.

باتۇر ئودىسسۇس دېڭىز دولقۇنلىرى بەدىنىگە يۇقتۇرۇپ قويغان پاسكىنىچىلىقلارنى، كۆپۈكلەرنى يۇيۇپ تازىلاپ، جەسۇر قىياپەتكە كىردى. هارۋىنىڭ كەينىدە ئاستا كېتىۋاتقان ئودىسسۇسنى كۆرگەن قىزلار هەيران بولۇپ، ئاغزىلىرىنى ئېچىپ قېلىشتى. ئۇلار بىر - بىرىگە پىچىرلاپ:

— قەددى - قامىتىگە قارىغىنا، نېمىدېگەن روهلۇق ئۇ! تەقى - تۇرقىدىن ئېسىلزادىلىكى چىقىپ تۇرىدۇ! چوقۇم تەڭرى بىزنىڭ ئاكىياغا كەلدى! — دېيىشتى.

قىزلارنىڭ قوڭغۇراقتەك زىل كۈلكە ئاۋازلىرى ئۇلارنىڭ باتۇرغا قىزىقىپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى، ئودىسسۇسنىڭ كۆڭلى تەسكىن تاپتى.

## بەشىنچى قىسسە

# مۇسابىقە مەيدانىدا باھادىرلىق كۆرسەتكەنلىكى

قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن ئېگىز دېڭىز ساھىلىغا جايلاشقان ھەربىر شەھەر دۆلىتى قەرەللىك ھالدا تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزەتتى، ھەر قېتىملىق مۇسابىقىدە غەزەل ئوقۇپ، ئۇسسۇل ئوينىشاتتى، ئات بەيگىسى قىلاتتى، چېلىشاتتى، ئەمگەك ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىشىپ، مول - ھوسۇلنى قۇتلۇقلىشاتتى، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشقا بولغان قىزغىن سۆيگۈسىنى ئىپادىلەيتتى. بۇنداق تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى فېنىكىيە شەھىرىدىمۇ ئۆتكۈزۈلەتتى، كىشىلەر بىر يەرگە جەم بولۇپ ھاپىزلارنىڭ غەزەللىرىنى، مەدداھلارنىڭ جەڭنامىلىرىنى ئاڭلىشاتتى. يۈگۈرۈش، ئېگىز سەكرەش، كۈچ سىنىشىش، مۇشتلىشىش قاتارلىق مۇسابىقە تۈرلىرىنى كۆرۈشەتتى. مەقسەت: قۇتلۇق ئىشلارنى قۇتلۇقلاپ، تىرىكچىلىك داۋامىدا مەيدانغا كەلگەن ماھارەتلەر بويىچە مۇسابىقىلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئىپادىلەش ئىدى. ئودىسسۇس شەھەرگە تەبرىكلەش پائالىيىتى بولۇۋاتقان پەيتتە كىرىپ كەلدى.

پادىشاھ ئالكىنوس ئۆزىگە خاس ھەيۋىسى ۋە جاسارىتى بىلەن سەھنىدە تىك ئولتۇرۇپ تەبرىكلەش پائالىيىتىنى باشقۇرۇۋاتقان ئىدى. ئۇ مىس قوڭغۇراقنىڭكىدەك بوم ئاۋازى بىلەن ئېچىلىش مۇراسىمى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆز قىلدى:

— فىنىكىيىلىك ۋەزىرلەر، مۆتىۋەرلەر، قەھرىمان سەر-
كەردە ۋە سەرۋازلار، پادىچىلار، بېلىقچىلار، پۇقرالار! بۇ يىلقى
تەبرىكلەش پائالىيىتى باشلاندى! ھەر قېتىملىق كاتتا يىغىلىش-
لاردا ئارىمىزدىن ماھىر سازەندىلەر، غەزەلخانلار، شىر يۈرەك
ئەزىمەتلەر، تاغ تېكىسىدەك چاققان ئېگىز سەكرەش ماھىرلى-
رى، يا ئوقىنى دەل جايىغا تەگكۈزىدىغان مەرگەنلەر، دىسكىنى
يىراققا ئاتقۇچى پالۋانلار، كامالەتكە يەتكەن چىلىشچىلار
چىقىدۇ... بۇ باتۇرلار ئۆزلىرىنىڭ كارامىتى ئارقىلىق ئېلىمىزنى
گۈللەندۇرۇپ، ئەل - يۇرتىمىزنىڭ روناق تېپىشىنى ئىلگىرى
سۈرۈپ كەلمەكتە. مەن ئۇلارغا تەشەككۇر بىلدۇرىمەن، ئۇلاردىن
پەخىرلىنىمەن! كۆپچىلىكنىڭ ئۆز ماھارىتىنى كۆرەك قىلىدىغان
پەيت يېتىپ كەلدى! ئۈمىدىم شۇكى، ھەممە ئادەم ماھارىتىنى
تولۇق ئىشقا سالسۇن، مۇسابىقە ئادىل بولسۇن، ئالدىنقى قاتار-
دىكى ماھىرلارغا كۆپ سوۋغات بېرىشقا ۋەدە بېرىمەن! سىلەرگە
يەنە بىر ئىشنى دەپ قويماقچىمەن، — دېدى گېپىنى داۋاملاشتۇ-
رۇپ، — بۈگۈن بىر مېھمان كەلدى. ئۇنىڭ كىملىكى، كۈن
پېتىشتىن ياكى كۈن چىقىشتىن كەلدىمۇ، بۇ بىزگە نامەلۇم،
بۇ مۇساپىر ئۇزاق يىل دېڭىزدا سەرسان بولۇپ يۈرگەنىكەن، ئۇ
مەندىن ئۆزىنى يولغا سېلىپ قويۇشۇمنى تەلەپ قىلدى. كىشى-
لەرگە خۇشاللىق بىلەن ياردەم قىلىش بىزنىڭ قائىدە - يوسۇنى-
مىز. مەن ئۇنىڭغا باشقىلارغا قانداق ياردەم قىلغان بولسام شۇن-
داق ياردەم قىلىپ، ئۇنى ئىمكان بار رازى قىلىمەن، ئۇنى
خۇشال - خۇرام يولغا سېلىپ قويىمەن. مەن مۇنداق ئويلاۋاتى-
مەن: فىنىكىيىلىكلەرنىڭ ياخشى ئوبرازىنى ھەممە جايغا تارقى-
تىش ئۈچۈن، ئۇنى مۇسابىقىنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىدە يېڭىۋال-
غۇچىلار يولغا سېلىپ قويسۇن! قېنى ئەمسە مۇسابىقە باشلان-
سۇن، كۆپچىلىكنىڭ ئەلا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىنى تى-
لەيمەن!

تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ سەھىپىسى ھاپىزلار ئورۇندىغان
نومۇرى بىلەن باشلاندى، ھۆرمەتكە سازاۋەر تۆھپىكارلار، غە-
زەلخانلار بەس - بەستە ماھارەت كۆرسىتىپ، مۇڭلۇق غەزەللەر-
نى ئوقۇشقا باشلىدى. لەرزان ئوقۇلۇۋاتقان غەزەللەردىن كىشى-
نىڭ كۆڭلى شادلىققا چۆمەتتى: بەزى غەزەللەرنى ئاڭلاپ كىشى-
نىڭ يىغلىغۇسى كەلسە؛ شوخراق غەزەللەرنى ئاڭلىغاندا، ئۇس-
سۇل ئوينىغۇسى كېلەتتى. بۇلبۇل زۇۋان غەزەلخانلار، تىلى
پاساھەتلىك مەدداھلار بەس - بەستە شوخ، مۇڭلۇق غەزەللەرنى
ئوقۇشاتتى، تەسىرلىك ھەم شانلىق تارىخي قىسسەلەرنى ئېيتى-
شاتتى. غەزەللەردە تەڭرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك
ئەپسانىلەر؛ باتۇرلارنىڭ شانلىق ئىش - ئىزلىرى، شىددەتلىك
ترويا ئۇرۇشى كۈيلىنەتتى. ھەتتا ئارىلىقتا ئودىسسۇس ۋە ئۇنىڭ
ياغاچ ئات ھىيلىسىمۇ تىلغا ئېلىندى.

ئودىسسۇس ئۆز ئىسمىنىڭ ۋە ئىش - ئىزلىرىنىڭ تىلغا
ئېلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ، چاپىنىنىڭ پېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ،
ھەسرەتلىك چىرايىنى يوشۇرۇپ، ھاياجاندا يىغلاپ كەتتى. كۆز
يېشىنى فېنىكىيىلىكلەرگە كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن، ھەر قېتىم
غەزەل توختىغان چاغدا، يېشىنى ئېرتىۋېتىپ، بېشىدىن چاپىنى-
نىڭ پېشىنى ئېلىۋېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قەدەھنى قوش
قوللاپ تۇتۇپ، تەڭرىلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرەتتى. كۆپچىلىك
ھاپىزلارنىڭ غەزەل ئوقۇشىنى تەلەپ قىلىپ چاۋاك چالغاندا،
ئودىسسۇس يەنە بېشىنى چاپىنىنىڭ پېشىغا تىقىپ يىغلايتتى.
ئۇنىڭ ياش تۆكۈۋاتقانلىقىنى ياندىكىلەر بىلمىدى، بۇ ئىش پادى-
شاھنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ ئودىسسۇسنىڭ پىغان چېكىۋاتقان-
لىقىنى بايقاپ قالدى، پادىشاھ يېنىدا ئولتۇرغان مېھماننىڭ
ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسلىكىنى سەزدى، پادىشاھ ئۇنىڭ قايغۇسىنى
يېنىكلىتىش مەقسىتىدە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— كۆپچىلىك، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار، تەسىرلىك غە-



زەللەرنى ئاڭلىدۇق، ئەمدى مۇسابىقە باشلانسۇن! مېھمان مۇشت-
لىشىش، كۈچ سىنىشىش، ئېگىزگە سەكرەش، يۈگۈرۈش قاتار-
لىق تۈرلەرنى كۆرۈپ، فېنىكىيىلىكلەرنىڭ قانچىلىك باھادىر
ئىكەنلىكىنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا دېسۇن، — دەپ جاكارلىدى.

مۇسابىقە باشلاندى، ئالكىنوسنىڭ ئۈچ ئوغلى مۇسابىقىگە
چۈشتى، مۇسابىقىدە ئۇلارنىڭ ئىپادىسى ناھايىتى ياخشى بولدى.

دەسلەپتە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى بولدى. كۆپچىلىك مۇسا-
بىقە باشلىنىش بىلەنلا يۈگۈرۈشۈپ مەيداننى توپا ـ تۇمانغا تولدۇ-
رۇۋەتتى. ئالكىنوسنىڭ ئوغلى كىلىتونوس ھەقىقەتەن يۈگۈرۈك
ئىدى. ئۇ ھەربىر قېتىم يۈگۈرگەن چاغدا، كۆپچىلىك بىرسى-
نىڭ غۇۋا سىماسىنى كۆرگەندەك، شامال ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك

بولاتتى. ئۇ ئاخىر ھەممىنى كەينىگە تاشلاپ بىرىنچىلىككە ئې-
رىشتى.

كۆچ سىنىشىش مۇسابىقىسى كىشىنى ھەيرەتكە سالدى. ماھىرلارنىڭ تەقى - تۇرقى ئۇلارنىڭ كۆچ - قۇدرىتىنى ۋە ئالىيجانابلىقنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. ئىككى ئادەم قول قايرىشقاندا، بۇلجۇڭ گۆشلەر قۇياش نۇرىدا مىستەك پارقىراپ كېتەتتى. ياش ئاقسۆڭەك ئورئالۇس بىرىنچى بولدى، ئەپچىل ھەرىكەتلىرى ئۇنىڭغا شان - شۆھرەت ئاتا قىلدى.

ئېگىز سەكرەشتە پادىچى ئامفىئالۇس ئۇتتى. ئۇ يىلبويى تاغدا مال بېقىپ، تاشتىن - تاشقا سەكرەپ يۈرگەچكە، تاغ تېكىسىگە ئوخشاش ئېگىز سەكرەيدىغان ماھارەتنى يېتىلدۈرگەن-



ـدى.

دىسكا ئېتىشتا ئېيلاتروس بىرىنچى بولدى. ئۇ قۇرۇلۇش مەھكىمىسىدە تاشچى ئىدى، بىر ئۆمۈر تاش بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتكەن، قولىدا تاشنى ئالمىنى ئويناتقاندەك ئوينىتاتتى.

ئالكىنوسنىڭ چوڭ ئوغلى لائوداماس مۇشتلىشىشتا چېمپىـ يون بولدى.

......

مۇسابىقىنى كۆرۈۋاتقان كىشىلەر باتۇرلارغا ئاپىرىن ئوقۇشـ تى، ئۇلارنىڭ نەزەرى ئودىسسۇسقا ئاغدۇرۇلدى. باتۇرلارنىڭ كاللىسىدا ئودىسسۇسنى ئۆزلىرى بىلەن كۈچ سىنىششقا سېلىپ بېقىش خىيالى تۇغۇلدى. لائوداماس باتۇرلارغا قاراپ:

— دوستلار، قاراڭلار، مېھماننىڭ بەدىنى ناھايىتى مىقتا ئىكەن! بىلەكلىرى، يوتىلىرى، بۇلجۇڭ گۆشلىرى چىڭ، ئۆزىـ مۇ بەستلىك ئىكەن، جاپالىق دېڭىز سەپىرى ئۇنىڭ كۈچىنى خورىتىۋېتىپتۇ، ئۇ رازى بولسا، نېمىشقا ئۇنى مۇسابىقىگە تەكـ لىپ قىلىپ باقمايسىلەر؟ — دېدى.

ئورئالۇس تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرماستىن:

لائوداماس، توغرا دېدىڭ! لېكىن ئۇ قارىماققا شۇنداق ساغـ لاممىدۇ؟ ئۇ توشقان يۈرەكمۇ ـ ئەمەسمۇ، سەن ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىپ باقە! — دېدى.

ئورئالۇسنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن لائوداماس قەدىمىنى يۆتـ كەپ، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئودىسسۇستىن:

— تاغا، ناۋادا تەنھەرىكەت تۈرلىرىدىن قايسىنى بىلسىلە، شۇ تۈردە مۇسابىقىلىشىپ باقسىلا! سىلى بوش ئادەم ئەمەستەك قىلىلا! پۇت ـ قولىنىڭ گۈمپىسى ھەرقانداق ئادەمگە ئەسقاتىدۇ! ئۇ سىلىگە شۆھرەت ۋە ئىناۋەت ئاتا قىلىدۇ، غەم ـ ئەندىشىدە بولماي، ئۇرۇنۇپ كۆرسىلە، بۇنىڭ سەپەرلىرىگە دەخلىسى بولـ مايدۇ. قارىسىلا، كېمە پورتتا تۇرۇپتۇ، كېمىچىلەرنىڭ ھەممىـ



سى تەقمۇتەق، قانداق؟ — دەپ سورىدى.

ئودىسسۇس تولىمۇ كەمتەرلىك بىلەن فىنىكىيىلىكلەرنىڭ ماھارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى، ئۆزىنىڭ مۇسابىقىگە رايى يوقلۇقىنى، يۇرتىغا قايتىش خىيالىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى.

ئورئالۇس كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا قەستەنگە چىشىغا تېگىپ، ئۇنى مەسخىرە قىلدى ۋە:

— بولدىلا، مۇساپىر! بولمايدۇ دېسلە بولمىدىمۇ، جۈرئەت قىلالمىسىلا، جۈرئەت قىلالمايمەن دېسلە، ئىقتىدارسىزلىق- لىرىنى يالغان گەپ بىلەن ياپمىسىلا! قولىدىن ئىش كېلىدىغان- لارنى مەن كۆپ كۆرگەن، سىلىدەك ئادەمنى كۆرمەپتىكەنمەن. سىلى جازانىخور سودىگەرگە ئوخشايدىكەنلا، پۇل تېپىشنى، كۆپ- رەك كىرا تارتىشنى، كېمىلىرىگە جىقراق يولوچى سېلىشنىلا بىلىدىكەنلا، باھادىرلىقتىن قىلچە خەۋەرلىرى يوق ئىكەن، — دېدى.

بۇنداق ھاقارەتلىك گەپنى ئاڭلىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئاچچىقى كېلىشى تۇرغان گەپ. ئودىسسۇس بۇنىڭغا چىداپ تۇرا- لىسۇنمۇ! زەھەردەك ئاچچىق گەپ ئۇنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويـ- دى. ئۇ چەكچەيگەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ:

كۆچ سىنىشىش چېمپىيونى، سىز بەك ئورۇنسىز گەپ قىلدىڭىز، كىيىنىشىڭىز، تەقى - تۇرقىڭىز قىلغان گېپىڭىزگە ماس كەلمەيدۇ. بەزىلەر نامرات، كۆرۈمسىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئەدەپلىك، گەپ - سۆزلىرى سىلىق، كىشىلەر ئۇلارنى ئوخشاشلا ھۆرمەت قىلىشىدۇ؛ بەزىلەر ئېسىل كىيىنگەن، كې- لىشكەن، ئەمما گەپ - سۆزدە سىلىق ئەمەس، قەلبى رەزىللىككە تولغان، سىز مۇشۇنداق يىگىتكەنسىز. مەن مۇسابىقىنى ئاز - تولا بىلىمەن، ھەتتا ھەممىدىن خەۋىرىم بار دېسەممۇ بولىدۇ. كۆڭۈل قويۇپ مۇسابىقىلەشسەم، ئاجايىپ نەتىجە يارىتىمەن. گەرچە مېنى جاپا - مۇشەققەت ۋە ئۇرۇش كاردىن چىقىرىۋەتكەن، قايغۇ - ھەسرەت تۇگەشتۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، بۈگۈن سىز بىلەن مۇسابىقىگە چۈشىمەن. چۈنكى سىز مېنى ھاقارەتلىدىڭىز. مەن ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ سىزدىن كۈچلۈك ئىكەن- لىكىمنى ئىسپاتلايمەن! — دېدى.

ئودىسسۇس شۇنداق دېگەن پېتى چاپىنىنىڭ پېشىنى كۆتۈ- رۈپ يەردىن يوغان ھەم قېلىن دىسكىنى قولىغا ئالدى. بۇ بايام

مۇسابىقىدە ئىشلەتكەن دىسكىدىنمۇ كۆپ ئېغىر ئىدى. ئۇ سەلگىنە ئېگىشىپ، چىرايلىق قىياپەتتە دىسكىنى ھاۋاغا ئاتتى. دىسكا ئۆزىنىڭ شامالدەك سۈرئىتى ۋە كۈچى بىلەن فېنىكىيىلىكلەرنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتتى. قورقۇپ كەتكەن كىشىلەر يەرگە يېتىۋالدى. دىسكىنىڭ يەرگە چۈشكەن چاغدىكى ئاۋازى ئاڭلانغان چاغدىلا، ئۇلار ئاندىن باشلىرىنى كۆتۈرۈشتى.

كۆپچىلىك دىسكا چۈشكەن جايىنى كۆرۈپ «ياپىرىم» دەپ تۇۋلىشىپ، ياقىلىرىنى تۇتۇشتى. ئېيلاتروس بايام دىسكا چۈشىدىغان يەرگە بىر ياغاچنى بەلگە قىلىپ سانجىپ قويغانىدى.

ئودىسسۇس ئاتقان دىسكا ئاشۇ بەلگە ياغىچىدىنمۇ خېلى يىراقتا چۈشكەنىدى! شۇ ئەسنادا، كىشىلەر ئودىسسۇسقا ئاپىرىن ئوقۇپ، تاماقلىرىنى چىكىلدىتىپ كېتىشتى ۋە ئۇنىڭغا قايىللىق نەزەرى بىلەن قارىدى.

ئازاب - ئوقۇبەتنى يەتكۈچە تارتقان ئودىسسۇس ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ كۈلدى، ئۇ نەتىجىسى بىلەن تاماشىبىنلارنى قايىل قىلغانلىقى ئۈچۈن تەنتەنە قىلىۋاتاتتى.

— يىگىتلەر، كىم مەن بىلەن مۇسابىقىلىشىدۇ. مەن مەرگەنلىكتە ماھىر، مېنىڭ بىلەن مەيلى قانچىلىك كىشى مۇسابىقىگە چۈشسۇن، ئاتقان ئوقۇم ھەمىشە بىرىنچى بولۇپ نىشانغا تېگىدۇ. بۇنىڭدا پەقەت بىرلا كىشى مېنى بېسىپ چۈشىدۇ. ئۇ بولسىمۇ فىلوكتېتېس. ئۇ تروييا ئۇرۇشىدا ھەر قېتىم يادىن ئوق ئۈزۈپ مېنى يېڭىۋالاتتى. نەيزە ئېتىشتا مەن يامان ئىدىم، مېنىڭ ئاتقان نەيزەم باشقىلار ئاتقان يا ئوقىدىنمۇ يىراق يەرگە باراتتى. لېكىن، ئۇزۇنغا يۈگۈرۈشتە سىلەر مېنى بېسىپ چۈشۈشۈڭلار مۇمكىن، چۈنكى دېڭىز دولقۇنلىرى مېنىڭ كۈچ - مادارىمنى بەك خورىتىۋەتتى. كېمىدە ئاچلىق بىلەن ئۇسسۇزلۇقنىڭ دەردىنى يىگىرمە كۈن تارتتىم، — دېدى.

ياش پالۋانلار ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، گەپ - سۆز قىلماي

تۇرۇپ قىلىشتى. بەزىلىرى تولىمۇ خىجىل بولۇشتى؛ قاۋۇل
ياشلارنىڭ تاغنىسىغا ئوخشاش بىرەيلەن بىلەن مۇسابىقىگە چۈشۈپ
ماھارەت سىنىشىشى، ئەسلىدىمۇ نومۇسلۇق بىر ئىش ئىدى.
ناۋادا ئودىسىسۇسنى يېڭەلمىسە، ئۇلارنىڭ خىجالەتچىلىكتە قىلى-
شى تۇرغان گەپ ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى، پادىشاھ ئورنىدىن
تۇرۇپ مەيداندا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان قاتمال ھالەتنى بۇزۇپ تاشلى-
دى.

— ئەي مۇساپىر، سىلى بىزگە ئۆزلىرىنىڭ كۈچ - قۇدرەت-
لىرىنى كۆرسەتتىلا. ھازىردىن باشلاپ بۇ يەردىكىلەر سىلىگە
قايىل بولدى. سىلى ھەقىقەتەن ماھارەتتە ۋايىغا يەتكەن پالۋان
ئىكەنلا. لېكىن، شۇنى كۆرۈشلىرى كېرەككى، بىزنىڭ ئادەملى-
رىمىزمۇ كۈچلۈك ھەم زېرەك، ئۇلار تەڭدىشى يوق مۇشتلاشچى
ۋە كۈچ سىناشقۇچى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۈزۈنغا يۈگۈرۈش ما-
ھىرلىرى، پىشقان كېمىچىلەر. غەزەل ئوقۇش ۋە ئۇسسۇل ئوي-
ناشقا كەلگەندە، بىز يەنىلا ھەممە ئادەمنى بېسىپ چۈشىمىز.
يۇرتلىرىغا قايتقاندىن كېيىن، بالا - چاقىلىرىغا بىزنىڭ ئارتۇق-
چىلىقلىرىمىزنى كۆپرەك تەشۋىق قىلسىلا. يەنە بىر گەپ، ئەي
مۇساپىر، باتۇر ئادەم ئۆزىنىڭ نام - شەرىپىنى قالدۇرۇشى
كېرەك. سىلىنىڭ نام - شەرىپىلىرىنى بىلسەك، سىلىگە مەدھى-
يە ئوقۇيمىز. سىلىنىڭ ئاتا - ئانىلىرى كىم؟ نەدىن كەلدىلە؟
بىز قېنىكىيىلىكلەر سىلىنى يۇرتلىرىغا يولغا سېلىپ قويىمىز.
ئاۋۋال ئەل - يۇرتلىرىنى بىلىشىمىز كېرەك، كېمىچىلەر تۇ-
رۇشلۇق جايلىرىنى بىلسىلا، سىلىنى قويۇق تۇمان ۋە قاراڭغۇ-
لۇق ئارىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، كۆزلىگەن نىشانلىرىغا ئاپىرىپ قويى-
دۇ، — دېدى.

كەچمىش - كەچۈرمىشلىرى تىلغا ئېلىنغان ھامان، ئودىس-
سۇسنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى، شۇنداقتىمۇ پادىشاھنىڭ سوئاللى-
رىغا جاۋاب بېرىش زۆرۈر، ئۇنىڭ تەلىپى مۇۋاپىق ئىدى. ئۇ

ھەسرەتلىك تىنىپ:

— ھۆرمەتلىك پادىشاھ ئالكىنوس، مېھماندوست فېنىكىيە-لىك پالۋانلار، مېنىڭ كەچمىشلىرىمنى سوراپ قالدىڭلار، مەن شۇ تاپتا ھەسرەتلىنىپ كېتىۋاتىمەن، كەچمىشلىرىم تولىمۇ ئا-زابلىق، گەپنى نەدىن باشلاپ نەدە ئاخىرلاشتۇرۇشنى بىلمەيۋاتى-مەن. ئالدى بىلەن، گەپنى نام - شەرىپىمدىن ۋە ئائىلە نەسەبىم-دىن باشلاي، — دېدى ئودىسسۇس، — مەن ئودىسسۇس بولىمەن، ئاتامنىڭ ئىسمى لائېرتېس، ئۇ زېۋسنىڭ ئوغلى. دېمەك مەن زېۋسنىڭ نەۋرىسى بولىمەن. زېۋسنىڭ نەۋرە - چەۋرىلىرى ناھايىتى كۆپ، ئۇ مېنى تازا ياخشى كۆرۈپ كەتمەيدۇ، شۇڭا جىق ئازاب چەكتىم. لېكىن، تالاي تەڭرىلەر ماڭا كۆڭۈل بۆل-دى، ھايات - ماماتلىق پەيتلەردە ئۇلار كۈچ - قۇدرىتىنى ئىشقا سېلىپ مېنى خەتەرلەردىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. ئىتاكې مېنىڭ ۋەتىنىم. مېنىڭ دۇنيادا خېلىلا شان - شۆھرىتىم بار، ئەقىل - پاراسەت ۋە باتۇرلۇقتا داڭق قازانغان ئادەممەن. سىلەر بايام تروپا ئۇرۇشى توغرۇلۇق غەزەل ئوقۇدۇڭلار. تروپا ئۇرۇ-شىدىكى ئاساسلىق قوماندانلارنىڭ بىرسىمەن. ياغاچ ئات ھىيلە-سىنى مەن ئويلاپ تاپقان، تروپا ئۇرۇشىدىن كېيىن تەقدىرىم قارار تېپىپ قالدى. ئاكىيالىق باشقا باتۇرلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ۋەتىنىگە قايتتى. مەن بولسام دېڭىزدا لەيلەپ يۈردۈم، بۇ جەرياندا كۆرمىگەن كۈنۈم قالمىدى. يەكچەشمە دىۋىگە يەم بولۇپ كەتكىلى تاس قالدىم: ھەمراھلىرىم سىياق ئۆزگەرتىۋېتى-دىغان چۆپنى يېۋېلىشتى؛ باقىي ئالەمدە يۈرىكىم قېپىدىن چى-قىپ كېتەي دېدى؛ كالوپسو مېنى مەجبۇرى تۇتۇپ قالدى؛ دېڭىز تەڭرىسىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ئامان قالدىم... شۇنداق دېيەلەي-مەنكى، مەن بارغان جايلارنىڭ ئىچىدە مېنى چىن كۆڭلىدىن كۈتۈۋالغانلار سىلەر فېنىكىيىلىكلەر، شۇڭا پادىشاھ ئالكىنوسقا يەنە بىر مەرتىۋە رەھمەت ئېيتىمەن، — دېدى.

پادىشاھ ئالكىنوس ۋە فېنىكىيىلىكلەر ئودىسسۇسنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا چوڭقۇر خەيرخاھلىق قىلىشتى، چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساشتى، ئۇلار دېڭىزدا لەيلەپ يۈرگۈچىلەرنىڭ كۆڭلىنى قەۋەت چۈشىنەتتى، ئودىسسۇسنى يۇرتىغا تېزرەك يولغا سېلىپ قويماقچى بولۇشتى.

كۆپچىلىك ئودىسسۇسنى دېڭىز قولتۇقىغا ئۇزىتىپ قويۇشتى. بەزىلەر ساندۇقلارنى، بەزىلىرى شاراب ۋە ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى ۋە بەزىلىرى كىيىم - كېچەكلەرنى كۆتۈرۈشتى. ئۇلار ئودىسسۇسنى خاتىرجەم ئۇخلىسۇن دەپ كېمىگە پاخال، پاخالنىڭ ئۈستىگە چىمىلداق راسلاپ بەردى. ماھىر كېمىچىلەر ئۆز ئورۇنلىرىدا تەق بولۇشۇپ تۇرغانىدى، ئۇلار رىتىملىق پالاق ئۇرۇپ، ئودىسسۇسنى ئېلىپ تېز سۈرئەتتە دېڭىز قولتۇقىدىن چىقىپ كەتتى.



## ئالتىنچى قىسسە

# باتۇر ئوغۇل

ئودىسسۇس دېڭىزدا لەيلەپ يۈرگەن چاغدا، ئۇنىڭ دۆلىتى مالىمانچىلىق ئىچىدە قالدى. بۇنىڭغا ئودىسسۇسنىڭ يۇرتىغا ۋاقتىدا بارالمىغانلىقى سەۋەب بولدى. ترويا شەھىرى ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، باشقا ئاكىيالىق باتۇرلار كەينى ـ كەينىدىن يۇرتلىرىغا قايتىشتى. ترويا شەھىرىنىڭ ئىشغال قىلىنغانلىق خەۋىرىنى ئىتاكې پۇقرالىرى بىلىپ كەتتى، لېكىن شۇڭغىچىلىك ئودىسسۇس قايتىپ كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، بەزىلەر ئۇنى ئۆلۈپ كېتىپتۇ دېگەندەك ئۆسەك سۆزلەرنى تاپتى ۋە تارقىتىپ يۈرۈشتى. يالغان ـ ياۋىداق گەپ قانچە كۆپ تەكرارلانسا، ئادەملەر بۇ گەپكە شۇنچە ئاسان ئىشىنىپ قالىدۇ. ئۆيدە قاتتىق قول ئەر كىشى بولمىسا، باشقىلار بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئەسكىلىك قىلىشىدۇ. ئودىسسۇسنىڭ چىرايلىق خوتۇنى ۋە ئوغلى تىلىماكوس دۆلىتى بىلەن ئوردىسىنى تۇتۇپ تۇرالمايدىغان هالغا چۈشۈپ قالدى. چۈنكى پېنېلوپې ياش هەم ساهىبجامال، مال ـ مۈلكى كۆپ ئايال ئىدى. شۇڭا تالاي كىشىلەر ئۇنىڭغا توي قىلىش تەلىپىنى قويۇشتى. ئىتاكېنىڭ ئۆزىدىلا ئۇنىڭغا ئون ئىككى شاهزادە لايىق چۈشتى، يېقىن ئەتراپتىكى لايىق چۈشكەنلىرىنى هېسابلىغاندا، ئۇلارنىڭ سانى يۈزدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلار ئوردىدىن كەتمەي، ئۈچ يىلغىچە يەپ ـ ئىچىپ ئودىسسۇسنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇزۇپ چېچىشتى.

ئەنسىرەپ قالغان ئەرشتىكى ئافېنا ئانا ـ بالا ئىككىسىگە
ياردەم بېرىش، ئۇلارغا يول كۆرسىتىش قارارىغا كەلدى. شۇنىڭ
بىلەن، ئۇ كەشىنى كىيىپ، نەيزىسىنى ئېلىپ ئولىمپىيە تېغى-
دىن يەر يۈزىگە چۈشتى. ئافېنا يۇناننىڭ غەربىي دېڭىز قىرغىقى-
غا كېلىپ ئەر كىشىگە — تافۇسلىقلارنىڭ رەھبىرى مېنتېسنىڭ
قىياپىتىگە كىرىپ، ئاندىن ئىتاكى ئارىلىغا چىقتى ـ دە، ئودىس-
سۇسنىڭ ئوردىسىغا كىردى.

پېنېلوپېغا لايىق چۈشكەنلەر زىياپەت داستىخىنىدا ئولتۇ-
رۇپ كۆڭۈل ئېچىشىۋاتاتتى. ئودىسسۇسنىڭ ئۇستىخىنىنى قاتمى-
غان ئوغلى ئاتىسىنى سېغىنىپ قايغۇلۇق ھالدا پەرىشان ئولتۇرات-
تى. تېلىماكوس ئاتىسىنىڭ دەرھال كېلىپ، بۇ بىر توپ لۈك-
چەكنى بۇ يەردىن ھەيدىۋېتىشىنى تىلەيتتى. گەرچە ئۇ
پىشىپ ـ يېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى قائىدە ـ يوسۇن-
لۇق ئىدى. ئۇ سىياقىنى ئۆزگەرتكەن ئافېنانى كۆرۈپ، ئۇنى
قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە ئۇنىڭدىن



تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىدى.

ئافىنا ئاۋازىنى ئۆزگەرتىپ، مېنتېسنىڭ ئاۋازىنى دوراپ:

— قايسى سىزنىڭ ئاتىڭىز؟ ئۇلار ئۆيىڭىزدە نېمە قىلىدۇ؟ كىم توي قىلماقچى؟ ياكى بۇ تۇغۇلغان كۈن زىياپىتىمۇ؟ — دەپ سورىدى تىلىماكوستىن.

تىلىماكوس ئۇھسىنىپ تۇرۇپ:

— مېنتېس، قەدىرلىك مېھمان، قەھرىمان ئودىسسۇس مېنىڭ ئاتام بولىدۇ! ئۇ ترويا ئۇرۇشىغا كەتكەن پېتى ھازىرغىچە قايتىپ كەلمىدى. ياقا يۇرتلاردا ئۆلۈپ كەتتىمۇ ياكى جەسىتى دېڭىز تېگىدە قالدىمۇ، بىلمەيمىز. سىلى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان بۇ ئەبلەخلەر ئاپامغا لايىق چۈشكەنلەر، ئۇلار ئىلىكىمىزنى شوراپ بىزنى كۆك نامرات قىلىپ قويىاي دېدى! مەن ئاتامنىڭ ھېلىمۇ ھايات بولۇشىنى، قايتىپ كېلىپ بۇ مەلئۇنلارنى جازالاشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلىمەن! بۇرۇن بىز بەك باي ئىدۇق، ھازىر ئىشلار پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى. بۇ مۇتتەھەملەر مال ـ دۇنيايىمىزنى بۇزۇپ ـ چېچىپ تۈگىتەي دېدى. ئاپامنىڭ زادىلا ياتلىق بولغۇسى يوق، بىچارە ئاپام ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ كەلدى. لېكىن، بۇ بىر توپ نىجىسلار بەك قېلىن ئىكەن، چۈشەندەك بىزەڭلىك قىلىپ ئۆيىمىزدىن كەتمەيۋاتىدۇ، ئۇلاردىن قۇتۇلماق بىزگە تەس كېلىۋاتىدۇ. ئائىلە بېساتىمىز مۇشۇنداق خوراۋەرسە، ئائىلىمىز ئۇزاق ئۆتمەي ۋەيران بولىدۇ، — دېدى.

ئافىنانىڭ تىلىماكوسقا ئىچى ئاغرىدى ھەم لايىق چۈشكەنلەرگە غەزەپلەندى. ئۇ تىلىماكوسقا ئەقىل كۆرسىتىپ:

— تىلىماكوس، سىز ھەقىقەتەن بەختسىز ئىكەنسىز! ئاتىڭىزغا بەك موھتاج بولۇپ كېتىۋېتىپسىز! بۇ ئەبلەخلەرنى قانداق قوغلاش كېرەكلىكىنى مەن سىزگە ئۆگىتىپ قويىاي، سىز ئۇلارغا ئۆز ئۆيلىرىگە كېتىش كېرەكلىكىنى ئېيتىڭ. چۈنكى ئاتىڭىز ئۆيدە يوق، ئاپىڭىزنىڭ توي ئىشىغا بوۋىڭىز ئىگە بولۇشى كې-

رەك. لايىق چۈشكەنلەر سىلەرنىڭكىدە ئەسكىلىك قىلماي، بوۋد-
ڭىزنىڭكىگە بېرىپ، ئاندىن ئاپىڭىزغا تەلەپ قويسا توغرا بولى-
دۇ. شۇ يەردە توي تەييارلىقىنى قىلىپ، نىكاھ مۇراسىمىنى
ئورۇنلاشتۇرسۇن. ئەمدى سىز پۇختا كېمىدىن بىرنى تەييارلاپ،
قاۋۇل كېمىچىلەرنى باشلاپ، دېڭىزدا ئاتىڭىزنى ئىزدەڭ. ئاۋۋال
پىلوس ئارىلىغا بېرىپ نېستوردىن سوراڭ. ئۇ بىلمىسە، سپارتا-
غا بېرىپ مېنېلائوستىن سۈرۈشتە قىلىڭ. ئۇ ترويادىن ئەڭ
ئاخىرىدا قايتقان ئادەم. ناۋادا ئۇ ئاتىڭىزنى ھېلىمۇ ھايات دېسە،
سىز بىر يىل تەخىر قىلىڭ؛ ئەگەر ئۇ ئاتىڭىزنى ئۆلۈپ كەتتى
دېسە، دەرھال قايتىپ كېلىپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپ، ئاتى-
ڭىزغا قەبرە قاتۇرۇڭ. لايىق چۈشكەنلەر شۇ چاغدىمۇ بىزەڭلىك
قىلىپ سىلەرنىڭكىدىن كەتمىسە، ئەقىل ئىشلىتىپ ئۇلارغا تاقا-
بىل تۇرۇڭ، پەم - پاراسەت بىلەن ئۇلارنىڭ جېنىنى ئېلىڭ.
چۈنكى سىز دېڭىز سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھازىر-
قىدەك سالاپەتىڭىز بىلەن تۇرمايسىز، سىز ماھارەت ۋە پەم -
پاراسەت ئۆگىنىسىز، ئەقىلدە پىشقان، قاۋۇل بىر ئەر بولۇپ
كېلىسىز، — دېدى.

تېلىماكوس چارە - تەدبىر كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن قىممەت-
لىك بۇ مېھمانغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنىڭغا ئازراق سوۋغا - سالام
بەردى. مېنتېس ئۆزىنىڭ يەنە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئاندىن
كۆكۈش ئىسقا ئايلىنىپ، ئۇچار قۇشقا ئوخشاش ھاۋاغا ئۆرلەپ
ئۇچۇپ كەتتى. تېلىماكوس ھەيران بولدى، ئۇ بايام ئۆزىگە يول
كۆرسەتكەن زاتنىڭ تەڭرى ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىپ جەزمەن
شۇ تەڭرىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

ئوردا پەلەمپەيدە، تېلىماكوس بېلىگە شەمشەر ئاسقان ھال-
دا لايىق چۈشكەنلەرگە ۋە پۇقرالارغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ مەردانى-
لىق بىلەن سۆزلىدى. ئۇ دۆلەتنىڭ مۇشكۇل ئەھۋالدا قالغانلىقى-
نى، ئودىسسۇسنىڭ مال - دۇنياسىنىڭ تۈگەپ كېتىۋاتقانلىقىنى

بايان قىلدى. لايىق چۈشكەنلەرگە پېنېلوپېنىڭ ئاتىسىنىڭكىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا شۇ يەردە تەلەپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. لايىق چۈشكەنلەر بۇ ياشنىڭ مەردانە سۆزلىرىنى ئاڭلاپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ ئوردىدىن كەتكۈسى، تىلىما-كوسنىڭ بوۋىسىنىڭكىگە بارغۇسى يوق ئىدى. لېكىن، تىلىما-كوس ئۇلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلماسلىقىنى، ياۋاشلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشنى، ئەسكىلىك بىلەن شۇغۇللانماسلىقنى، ئۆي ئىگىلىرىنىڭ يوسۇنىغا ئەمەل قىلىشى كېرەكلىكىنى قەيت قىلدى. لايىق چۈشكەنلەر ئاچچىقلاپ قايىل بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما كەسكىن سۆزلۈك ياش شاھزادىنىڭ ئالدىدا لام - جىم دېيەلمەي، كەيپى بۇزۇلغان ھالدا تارقىلىپ كېتىشتى. ئاز ساندىكى تەلۋىلەر يەنىلا بىردەم مالىمانچىلىق چىقاردى. دېپىغا ئۇسسۇل ئوينايدىغان ئادەم چىقمىغاچقا، ئۇلارمۇ سالپىيىشىپ ئارام



ئالغىلى ماڭدى. كۆڭلىدە بىر ئىشنى دىتلاپ قويغان تىلىماكوس غەيرەت - جاسارەت بىلەن ئاپىسىنىڭ يېنىغا — ئوردىغا قاراپ يول ئالدى.

تىلىماكوس ئوردىدا بىرىنچى قېتىم ئاپىسىغا چوڭ ئادەمدەك گەپ قىلدى، لېكىن مۇلايىم تەلەپپۇزدا:

— قەدىرلىك ئاپا، سىزگە بەكمۇ خەيرخاھلىق قىلىمەن. ھەربىر كۈنىڭىزنى تەنھالىق ۋە زېرىكىشلىك ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋاتىسىز. قايتىپ كەلمىگەن يالغۇز مېنىڭ ئاتاملا ئەمەس، ئويلاپ بېقىڭ، قانچىلىغان باھادىرلار قۇربان بولۇپ كەتتى! ئودىسسۇسنىڭ ئوغلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەنمۇ ئاتامنى سېغىنىمەن. بىراق، مېنىڭ سېغىنىشىم سىزنىڭ سېغىنىشىڭىزغا ئوخشىمايدۇ، سىز ئۇنى ئۆمۈر بويى سېغىنىسىز، ناۋادا سىز... قەدىرلىك ئاپا... مېنى ئەيىبلىمەڭ. ياتلىق بولۇش ئويىڭىز بولسا، ئوغلىڭىز بۇ ئىشىڭىزغا ئارىلاشمايدۇ... ئەمما توينى بۇ يەردە قىلىسىڭىز قاملاشمايدۇ، بوۋامنىڭكىگە بېرىپ قىلىسىز. شۇنداق قىلىسىڭىز، دۆلىتىمىز قالايمىقانچىلىقتىن ساقلىنىپ قالىدۇ، يەنە كېلىپ، بۇ ئودىسسۇس بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىش بولىدۇ... يەنە بىر گەپ، سۆيۈملۈك ئاپا، مەن چوڭ بولدۇم، بۇنىڭدىن كېيىن ئەركەكلىك مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلىمەن، ئەل - يۇرتنى باشقۇرىمەن. سىز ئەمدى ئارقا ھويلىدا تۇرۇڭ! ئاياللارنىڭ كىمخاب توقۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىڭ، سىزگە مۇشۇ كۇپايە، — دېدى.

پېنېلوپې ئوغلىنىڭ كەسكىن گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ پىشىپ - يېتىلگەنلىكىنى ھېس قىلغاندەك بولدى، ئۇ كۆڭلىدە ئوغلىدىن خۇرسەن بولدى ھەم ئاغرىندى، ئوغلىنىڭ چوڭ ئادەم بولغانلىقىدىن، ئودىسسۇسنىڭ بېساتلىرىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان ئادەم چىققانلىقىدىن خۇش بولدى. ئەمىسە نېمىدىن ئاغرىندۇ؟ ئوغلىنىڭ ئۆزىنى چۇشەنمىگەنلىكى، ئۆزىگە ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاغرىندى. ئۇ ئوغلىغا كۆڭلىنى ئىزھار قىلىپ ئۆز -



ئۆزىگە: «تېلېماكوس، گەپلىرىڭنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇش بولدۇم، سەن چوڭ بوپسەن، بىر ئەركەكنىڭ ئىرادىسىنى ئىپادىلىدىڭ. سەن ئودىسسۇس ئىككىمىزنىڭ ئوغلى، لېكىن سەن مېنى خاتا چۈشىنىپ قاپسەن. مەن ئاتاڭنى ھەر ۋاقىت ياد ئېتىمەن، ھەرگىز ياتلىق بولمايمەن! مەن ھايات بولاي ياكى ئۆلۈپ كېتەي، ھامان ئاتاڭغا مەنسۇپمەن. مەن ئەمدى ياتلىق بولمايمەن، شۇڭا بوۋاڭنىڭكىگە بېرىشىم بىھاجەت. بالام، سەنمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسەن، بىز بىر توپ مۇتتەھەملەرنىڭ ئارىسىدا قالدۇق. مەن شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا ئوچۇق پوزىتسىيە بىلدۈرمىدىم، چۈنكى ئۇلارغا تەدبىر بىلەن تاقابىل تۇرۇشۇم كېرەك، بىزنىڭ كۈچىمىز بەك ئاجىز. مەن ۋاقىتنى كەينىگە تارتىپ، ئاتاڭ قايتىپ كەلگەندە، ئۇلارنى بىرلىكتە ھەيدەيمىز!» دېدى.

پېنېلوپې ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق قىلىۋاتاتتى. لايىق چۈشكەنلەر كۆزىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغاندا، ئۇلارغا قېيناتامغا ئاخىرەتلىك ئۈچۈن بىر كىمخاب توقۇۋاتىمەن. شۇنى قاچان توقۇپ بولسام، شۇ چاغدا ياتلىق بولىمەن دېگەنىدى. بۇ بىر پارچە كىمخابنى توقۇپ بولۇش مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى پېنېلوپې كۈندۈزى توقۇغان كىمخابنى كېچىسى چىراغ يورۇقىدا ئولتۇرۇپ پۈتۈنلەي سۆكۈپ تاشلايتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ بىر پارچە كىمخابنى ئىككى - ئۈچ يىل توقۇپ بولالماي، لايىق چۈشكەنلەرنى ئىككى - ئۈچ يىل ساقلىتاتتى. ئۇ شۇ تاپتىمۇ ئۆزىنىڭ مەڭگۈ توقۇپ بولالمايدىغان كىمخابىنى — كۈندۈزى توقۇپ، ئاخشىمى سۆكۈش بىلەن مەشغۇل ئىدى. پېنېلوپې كۈنلىرىنى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئودىسسۇسقا سادىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئوغلىغا ھەممە ئىشنى ئېيتىپ بەردى. تېلېماكوس بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ، ئاپىسىغا بولغان ھۆرمىتى ھەسسىلەپ ئاشتى، ئاپىسىنى قۇچاقلاپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. كۆڭلىدە ئاپىسىنى ياخشى ئاسراش،

ئاتىسىنى بالدۇرراق تېپىش كېرەكلىكىنى ئويلىدى.

تېلىماكوس ئوردىدىن چىقىپ، ئاسماندا قاناتلىرىنى كېرىپ ئۇچۇۋاتقان ئىككى بۈركۈتنى كۆردى. زېۋس ئۇنىڭغا بېشارەت بېرىۋاتاتتى. بۈركۈتلەر باشتا قاتارلىشىپ ئۇچۇشتى، كېيىن بىر - بىرىنى بوغۇشتى. ئىككى بۈركۈت ئوردا ئاسمىنىغا كەلگەندە، پەسكە قەھرى - غەزەپ بىلەن قارىدى. شۇنىڭ بىلەن، دەم ئۆرلەپ، دەم پەسلەپ سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ، بىر - بىرىگە ئېتىلىشتى، كەسكىن ئېلىشتى، ئاخىر بىر قېرى بۈركۈت ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، يەنە بىر بۈركۈت قان ئىچىدە قالدى، ھاۋادا پەيلىرى توزۇپ كەتتى. يېڭىلگەن بۈركۈت ئۇچۇپ ئارانلا ئورمانلىققا كىرىۋالدى. يېڭىۋالغان بۈركۈت ھاۋادا قاناتلىرىنى كەرگىنىچە، پەرۋاز قىلىپ، ئوردىنىڭ ئۈستىگە مەزمۇت قوندى. ئۇچار قۇشلارنىڭ ئۇچۇشىغا قاراپ كەلگۈسىنى بىلەلەيدىغان پالچىنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، بۇ لايىق چۈشكەنلەرنىڭ ئاخىرى ھالاك بولىدىغانلىقىدىن بېرىلگەن بېشارەت ئىدى. پالچى ئودىسسۇسنىڭ ھېلىمۇ ھايات ئىكەنلىكىدىن، مۇشۇ يەرگە يېقىن يەردە تۇرۇۋاتقانلىقىدىن مەلۇمات بەردى.

بېشارەت تېلىماكوسنىڭ ئاتىسىنى ئىزدەپ تېپىش ئىشەنچىسىنى ئاشۇردى. ئۇ دۆلەتمەن بىر پۇقرادىن بىر كېمە ئارىيەت ئېلىپ، قاۋۇل يىگىرمە كېمىچىنى تاللىدى. لايىق چۈشكەنلەرنىڭ مەسلىكىدىن پايدىلىنىپ، كېچىلەپ دېڭىزغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئويلىمىغاندا، بىر خىزمەتكار ئۇنىڭغا ساتقىنلىق قىلدى، لايىق چۈشكەنلەردىن ئازراق بىر نەرسە ئۇندۇرۇۋېلىش نىيىتىدە، تېلىماكوسنىڭ ئاتىسىنى ئىزدەپ دېڭىزغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى لايىق چۈشكەنلەرگە دەپ قويدى.

لايىق چۈشكەنلەر كۈتۈلمىگەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇشتى ھەم غەزەپلەندى. ئاغزىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرغان بىر

بالىنىڭ باتۇر ۋە كەسكىنلىكىدىن ھەيران بولدى. ئۇلارنىڭ غە-
زەپلىنىشى تەبىئىي ئىدى، چۈنكى ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك -
پوك، ئۇلار ئودىسسۇس قايتىپ، ئۆزلىرىنىڭ جايلىنىپ كېتىد-
شىدىن ۋايىم يېيىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئانتىنوس ئىسىم-
لىك بىرەيلەن بىر سۇيىقەستنى ئويلاپ تاپتى، شۇندىلا ئۇلارنىڭ
كۆڭلى سەل جايىغا چۈشكەندەك بولدى. ئانتىنوس بىر توپ
قاتىلنى باشلاپ، بىر تېز يۈرەر كېمە بىلەن ئىتاكې بىلەن سامىن
ئارىلىدىكى بوغۇزدا يۇشۇرۇنۇپ يېتىپ مەيلى ئودىسسۇس ياكى
تېلىماكوس كەلسۇن، ئۇلارنى دېڭىزدا ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەكچى بول-
دى. بۇ سۇيىقەست پېنېلوپېنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە، يۈرىكى
سېلىپ، نەپسى بوغۇلۇپ پۇتلىرى تىترەپ كەتتى ۋە:
— ئاھ خۇدا! بالام، سەن نېمىشقا كېتىپ قالدىڭ؟ ئاتاڭ-
نىڭ يوقلۇقى يېتىپ ئاشماسمىدى؟ تەڭرىلەر بىزنىڭ ئۇرۇقد-
مىزنىمۇ قۇرۇتۇۋېتىدىغان ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى يىغلاپ تۇرۇپ
ۋە دېدەككە قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۇ يولغا چىقىدىغان
چاغدا نېمىشقا ماڭا دېمىدىڭ؟ ئۇنى يولدىن توسۇۋالغان بولاتتىم
ئەمەسمۇ!
پېنېلوپې يىغلىغان پېتى دېدىكىنى قېيناتىسى لائېرتېسنىڭ
يېنىغا ئەۋەتىپ، تەجرىبىلىك بۇ بوۋاينىڭ بىرەر قۇتقۇزۇش چا-
رىسى ئويلاپ تېپىشىنى ئۈمىد قىلدى.
شۇ چاغدا، چاكار موماي ئورىكولىيە پېنېلوپېنىڭ كۆڭلىنى
ياساپ:
— خانىش، قايغۇرمىسىلا، مەن سىلىگە ھەقىقىي ئىشنى
ئېيتاي، ھەسرەتلىرى يىگىنگە ئوخشاش يۈرىكىمگە سانجىلىپ
مېنى ئازابلىمىسۇن، تېلىماكوسنىڭ سەپەرگە چىقىشىنى بىلەت-
تىم. ئۇنىڭغا لازىملىق نەرسىلەرنى مەن تەييارلاپ بەرگەن، ئۇ
ماڭا بۇ ئىشنى ئون ئىككى كۈندىن كېيىن سىلىگە دېيىشىمنى
تاپىلىغان، ئۇنىڭ يوقلۇقىنى ئۆزلىرى بىلىۋالغان بولسىلا، بۇ

باشقا گەپ. ئەمدى ماڭا ئوخشاش قېرى چاكارنىڭ گېپىگە ئىشەن-
سىلە، مېھرابىنىڭ ئالدىغا بېرىپ دۇئا - تىلاۋەت قىلسىلا، ئافې-
نادىن تىلىماكوسنىڭ ئامانلىقىنى تىلىسىلە، — دېدى.

پېنېلوپې قېرى چاكارنىڭ دېگىنى بويىچە دەرھال مېھرابىنىڭ
ئالدىغا بېرىپ، ئىخلاس بىلەن تىلىماكوسقا دۇئا قىلدى. ئۇنىڭ
بۇ ھەرىكىتىدىن ئافېنا شۇئان خەۋەر تاپتى، پېنېلوپې دۇئا قى-
لىپ بولغاندىن كېيىن، ئافېنا ئۇنى ناھايىتى تېزلا ئۇيقۇغا غەرق
قىلىۋەتتى.

پېنېلوپې چۈش كۆردى، چۈشىدە ئۇنىڭغا ئالتۇن كەش
كىيگەن، غۇنچە بوي ھەم چىرايلىق بىر پەرى ئاسماندىن چۈشكەن



ھالەتتە ئايان بولدى. ھېلىقى پەرى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— پېنېلوپې، سىز دېڭىزغا چىقىپ كەتكەن ئوغۇللىرىدىن غەم قىلىۋېتىپلا، مەن ئاڭلىدىم. يېنىڭىزغا ئالايىتەن شۇنى دەپ قويغىلى كەلدىم: ئۇ سپارتاغا كەتتى. خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇ ئامان - ئېسەن بولۇپلا قالماي، مەيلى نەگە بارسۇن، قىزغىن قارشى ئېلىنىدۇ. ئۇ بەك بىختەر، چۈنكى ئۇنىڭغا بىر تەڭرى پاناھگاھ بولۇۋاتىدۇ. ئۇ نامى مەشھۇر، مىليونلىغان كىشىلەر مەپتۇن بولغان ئافېنادۇر. ئۇ تىلىماكوسنىڭ لايىق چۈشكەنلەر-نىڭ سۈيىقەستىدىن غالىب چىقىشىغا ياردەم بېرىدۇ، — دەۋاتقۇدەكمىش.

پەرى شۇنداق دەپ خۇددى ئىس - تۈتەكتەك مەھكەم ئېتىلگەن ئىشىكتىن چىقىپ، كۆزدىن غايىب بولدى. پېنېلوپې ئويغىنىپ كەتتى - دە، پەردىنى قايرىپ ھېلىقى پەرىنى ئىزدىدى، گەرچە تاپالمىغان بولسىمۇ، لېكىن جاسارىتىگە جاسارەت، شادلىقىغا شادلىق قوشۇلغاندەك بولدى.

## يەتتىنچى قىسىم

# پادىشاھنىڭ قەلەندەرگە ئايلىنىپ قالغانلىقى

پۇختا ھەم كۆركەم كېمە ئون ئىككى كېمىچىنىڭ پالاق ئۇرۇشى بىلەن، تۇپتۇز يولدا كېتىۋاتقان تۆت چاقلىق ھارۋىدەك تېز كېتىۋاتاتتى، دېمىسىمۇ فېنىكىيىلىكلەر كېمە ھەيدەشكە ماھىر ئىدى. كېمە تاتلىق ئۇخلاۋاتقان يولوچىنى سىلكىمەي سىلىق كېتىۋاتماقتا ئىدى. يولوچى جاھاننىڭ خورلۇقلىرىنى يەتكۈچە تارتقان بولسىمۇ، لېكىن شۇ تاپتا ئۇرۇش ۋەھىمىسىنى ۋە جۇدۇن - چاپقۇننىڭ خەۋپ - خەترىنى تامام ئۇنتۇپ، ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ كەتكەنىدى.

تاڭ سۇزۇلۇشى بىلەن تەڭ كېمە ئىتاكىغا يېتىپ كەلدى - دە، ئاندىن فوركوس پورتىغا كىردى. فېنىكىيىلىك كېمىچىلەر غارغا يېقىن جايدا قىرغاققا چىقتى، ئۇلار ئۇخلاپ ياتقان ئودىسسۇسنى بورا بىلەن قوشۇپلا زەيتۇن دەرىخى ئۆسكەن قۇملۇققا قويدى. كېمىدىكى سوۋغىلارنى يولدىن ئۆتكەنلەر ئېلىۋالمىسۇن دەپ غارغا ئەكىرىپ قويدى. فېنىكىيىلىك كېمىچىلەر ئودىسسۇسنىڭ ئۇيقۇسىنى تەگرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى دەپ بىلىپ، ئۇنى ئويغىتىشقا جۈرئەت قىلالماي كېمىنى ھەيدەپ ئاستا كېتىپ قېلىشتى.

ئودىسسۇس ئويغىنىپ ئۆزىنىڭ ناتونۇش بىر يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلدى. ئۇنى شۇ زامات ھوشيارلىق تۇيغۇسى ئىلكىگە ئېلىۋالدى: يەنە جىن - ئالۋاستىلارغا ئۇچراپ قالارمەنمۇ؟

دەپ ئىچىدە دەرگۇمان بولۇپ تۇرغاندا، ئالدى تەرەپتىن ياش بىر مالچى چىقىپ كەلدى. كېلىشكەن بۇ مالچىنىڭ قولىدا نەي، چىرايىدىن مۇلايىملىق چىقىپ تۇراتتى. ئودىسسۇس ئالدى تەرەپ-تىن كەلگەن بۇ ياشنى كۆرۈپ بەك خۇرسەن بولدى. ئۇ ئەدەپ بىلەن ئۇنىڭدىن بۇ يەرنىڭ قەيەر ئىكەنلىكىنى، چوڭ قۇرۇقلۇق-مۇ ياكى ئارال ئىكەنلىكىنى سورىدى. مالچى قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭغا بۇ يەرنىڭ ئىتاكې ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. بۇ يەر ساپلا تاغلىق، مال - چارۋا كۆپ، زىرائەتلىرىدىن يىلمۇيىل ھوسۇل ئالغىلى بولىدىغان، سۇپسۇزۇك بۇلاق سۇلىرى شىلدىر-لاپ ئېقىپ تۇرىدىغان يەر ئىدى.

ئودىسسۇس ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ سۆيۈ-نۈپ كەتتى! لېكىن، ئۇ يەنىلا قاتتىق ئېھتىيات قىلىپ، خۇشال-لىقىنى ئاشكارىلىمىدى. ئۇ مالچىغا ئۆزىنى كرېت ئارىلىدىن كەلگەن، بىرسى مال - مۈلكىنى بۇلىماقچى بولغاندا، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، مال - مۈلكىنىڭ يېرىمىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ مۇشۇ يەرگە قېچىپ كېلىشكە مەجبۇر بولغان قىلىپ كۆرسەتتى... ئۇ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بولا - بولماي، مالچى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى - دە، كۈلگەن پېتى بىرلا سىلكىنىپ نۇرانە بىر قىزغا ئايلاندى. قىزنىڭ قولىدىكى نەي نەيزىگە ئۆزگى-رىپ، پۈتىدا ئالتۇن كەش پەيدا بولدى؛ يەلكىسىدە شايى يېپىنچا بار ئىدى. ئەسلىدە ئەقىل - پاراسەت تەڭرىسى، زېۋسنىڭ ئامراق قىزى ئافېنا ئىدى.

ئافېنا كۈلۈپ كەتتى ۋە خۇرسىنىپ تۇرۇپ:

— ئودىسسۇس، ھەي ئودىسسۇس! ئۆزلىرى ئەقىل - پارا-سەتتە ئىنسانلار ئارىسىدا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىلا! تەڭرىلەرمۇ سىلىدىن غالىب كېلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىدۇ، ۋەتەنلىرىگە قايتىپ كەلگەن تۇرۇقلۇق يەنە راست گەپ قىلمامىلا! سىلى يەنىلا مېنى تونىيالماي قېلىۋاتامىلا! يانلى-

ـرىدا پەيدا بولۇپ قالىدىغانلىقىمنى ئويلىمىغان بولغىيتتىلا! سىـ
لىگە دەپ قويای، مەن مەخسۇس سىلىنى قوغدىغىلى كەلدىم،
سىلى ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن، خەۋپ ـ خەتەردىن پەخەس
بولسىلا، ئەمدى بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش توغرۇلۇق مەسلىھەتلىـ
شەيلى! — دېدى.

ئودىسسۇس جەڭگىۋار ھالەتتە تۇرغان گۈزەل تەڭرىچىگە



قاراپ ھەيران بولدى ـ دە، ئالمان ـ تالمان تۆۋەنچىلىك بىلەن:
— ئۇلۇغ ئافىنا، زېۋسنىڭ بۈيۈك قىزى، سىز شۇنچە كۆپ ئۆزگىرىشلەرگە قادىر تۇرسىڭىز، سىزنى بەندە قانداق تونىيالىسۇن؟ مېنى كەچۈرۈشىڭىزنى سورايمەن. مەن نۇرغۇن مۇشكۈللۈكلەرگە دۇچار بولغان ئادەم، ئېھتىيات قىلمىسام بولمايدۇ. ۋەتەن تۇپرىقىغا قەدەم قويغان بولساممۇ، يەنىلا ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرۈشۈم كېرەكتە! سۆيىقەستكە ئۇچراپ كېتەرمەنمىكىن دەپ يۈرىكىم سۇ، — دېدى.
— توغرا دېدىلە، ئودىسسۇس، — دېدى ئافىنا بايىقىدەك جىددىي تەرىزدە، — ئەل ـ يۇرتلىرى مالىمانچىلىق ئىچىدە قالدى، بىر توپ لايىق چۇشكەنلەر ئۆي ـ ماكانلىرىدا شاراب ئىچىپ مۇتتەھەملىك قىلىشىپ، مال ـ مۈلۈكلىرىنى بۇزۇپ چېچىشىۋاتىدۇ. لېكىن، خوتۇنلىرى سىلىگە سادىق، ئوغۇللىرى باتۇر ۋە قەيسەر...
— سىزگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت، ئاق كۆڭۈل ئافىنا! — دېدى ئودىسسۇس ھاياجاندا، — بۇ ئىشنى ماڭا دېمىگەن بولسىڭىز، ئۆيگە بارغاندا ئۇ مۇتتەھەملەر مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولار ئىكەندۇق. شۇنداقتىمۇ مەن سىزنىڭ خاسىيىتىڭىزگە تايىنىپ، مالىمانچىلىقنى ئوڭشايمەن!
— ئەلۋەتتە، — دېدى ئافىنا، — قورقمىسىلا، قەھرىمان ئودىسسۇس، مەن مەڭگۈ سىلىدىن ئايرىلمايمەن. لېكىن، سىلىگە ياردەم بېرىشتىن ئاۋۋال، سىلىنىڭ چىراي شەكىللىرىنى ئۆزگەرتىپ، سىلىنى ھېچكىم تونىيالمايدىغان قىلىۋېتىمەن. سىلى بىر قەلەندەرگە ئايلىنىپ قالىلا: سىلىنى دۇمچەيگەن، چاچلىرى ئاقارغان، كۆزلىرى خىرەلەشكەن، بۇلجۇڭ گۆشلىرى ساڭگىلىغان بەتبەشىرە، ھەممە ئادەم كۆرسە يىرگىنىدىغان بوۋاي قىلىپ قويىمەن. سىلىنى لايىق چۇشكەنلەرلا ئەمەس، ھەتتا پېنېلوپپېمۇ قەلەندەر دەپ بىلىدۇ. سىلى ھازىرلا بېرىپ چوشقا

باققۇچى ئۇمائۇسنى تاپسىلا، ئۇ سىلىنىڭ سادىق چاكارلىرى. ئۇنى چوشقا باقار دەپ قالمىسىلا، ئۇ سىلىنى چىن قەلبىدىن ھۆرمەتلەيدۇ! ئۇ ھازىر تاغ باغرىدىكى بۇلاق تۇۋىدە چوشقا بېقىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن بۇ يەردىكى ئىشلارنى سورىسىلا. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئوغۇللىرىنى تېپىپ كېلەي، ئۇ سىلىنى ئىزدەپ دېڭىزغا چىقىپ كەتكەن، ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرىمىسىلە، — دېدى.

— سىز مېنىڭ ھەممە ئەھۋالىمنى بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا ئوغلۇمغا بالدۇرراق دەپ قويمىدىڭىز، — دېدى ئودىسسۇس بىئارام بولۇپ، — ياتلار مېنىڭ مال - مۈلكىمنى بۇزۇپ - چېچىۋاتقان، ئائىلەم بىرسىنىڭ كۆز - قۇلاق بولۇشقا موھتاج بولۇۋاتقان بىر چاغدا، ئۇنى خۇددى ماڭا ئوخشاش دېڭىزدا سەرگەردان



بولۇپ يۇرۇشكە مۇپتىلا قىلىپ قويۇپتىلا.

تەڭرىچە بېشىنى چايقاپ ئودىسسۇسقا تەسەللى بەرگەچ:

— گەپلىرى ئورۇنلۇق، لېكىن پۇتۇنلەي توغرا دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. بىرىنچىدىن، ئۇ تېخى پىشىپ يېتىلمىدى، ئۆيدە چوڭ رول ئوينىيالمايدۇ، تەلۋىلەرچە تىركىشىش ئاقىلانىلىق ئەمەس. ئىككىنچىدىن، مەن ئۇنى تاۋلانسۇن، تەجرىبىلىك بولسۇن، بالدۇرراق پىشىپ ـ يېتىلسۇن دېگەن مەقسەتتە دېڭىزغا ئەۋەتتىم. لايىق چۇشكەنلەر يولدا ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن شۇ تاپتا يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ پىلانى ئەمەلگە ئاشمايدۇ، نۇرغۇن ئادەملىرى هالاك بولىدۇ! — دېدى.

ئافېنا گېپىنى تۈگىتىپ، ئودىسسۇسنى يەڭگىل ئۇرۇپ قويدى. ئودىسسۇس شۇئان مۇكچەيگەن بەتبەشىرە قېرى قەلەندەرگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ تېرىلىرى تۇرۇم ـ تۇرۇم، كىيىملىرى جۇل ـ جۇل ئىدى، بەدىنىدىن بەتبۇي پۇراق كېلىپ تۇراتتى. ئۇنى كۆرگەن هەرقانداق كىشى بۇرنىنى ئېتىۋالاتتى، ئافېنا يەنە ئۇنىڭغا بىر تاياق، بىر يىرتىق خالتا بەردى، مۇشۇ ئىككى نەرسە بىلەن ئودىسسۇسنى هېچكىم تونىيالمايتتى.

ئەگرى ـ توقاي تاغ يولىدا ياشانغان بىر قېرى قەلەندەر كېلىۋاتاتتى. ئۇ دەلدەڭشىپ ماڭاتتى، توختىماي هاسىرايتتى. كۇن ئولتۇراي دېگەن چاغدا، قېرى قەلەندەر چوشقا بېقىلىۋاتقان قورۇققا يېتىپ كەلدى. چوشقا قورۇقى تاش بىلەن ياسالغان، قوتاندا ئاز كەم بەشيۈز سېمىز چوشقا بار ئىدى. چوشقىلار چىقىرىشىۋاتاتتى، بۇ چوشقىلارنى قوتان سىرتىدا بۆرىدەك تۆت ئىت باقاتتى.

ئومائوس بوۋاي ئاددىي ـ ساددا كىيىنگەن، ئۆمرىنىڭ غۇلىچىنى ياشاپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ چىڭ بۇلجۇڭ گۆشلىرى ماتا كۆڭلىكىنىڭ ئىچىدىن بىلىنىپ تۇرىدىغان بوۋاي ئىدى. ئۇ كالا تېرىسىدىن ئېتىلگەن چورۇق كىيەتتى، چورۇق

پىششىق ئىدى، تاغ يوللىرىدا راھەت ھەم چىداملىق كېلەتتى. ئومائوسنىڭ تۆت ياردەمچىسى بار بولۇپ، بىرى لايىق چۇشكەندەرگە چوشقا ئاپىرىپ بەرگىلى شەھەرگە كىرىپ كەتكەن، قالغان ئۈچىسى چوشقىلارنى بېقىۋاتاتتى.

ئودىسسۇسنى دەسلەپ ھېلىقى بۆرىدەك تۆت ئىت بايقاپ قالدى. ئىتلار ئودىسسۇسنىڭ ئالدىغا چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۇنى ئارىغا ئېلىۋالدى ـ دە، بىر ـ بىرىدىن بەكرەك خىرىس قىلىشىپ ھاۋشىپ كەتتى. ئودىسسۇس تايىقىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىتلارغا پەرۋا قىلمىدى. ئودىسسۇس شۇ تاپتا ئورنىدىن تىك تۇرالمايدىغان ئاجىز بوۋاينىڭ ھالىغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ تۇمەنلىگەن سەرۋازلارنى باشلاپ جەڭ قىلغان پادىشاھ، تەڭداشسىز قەھرىمان ئىدى. تۆت سولتەك ئىت ئۇنىڭ ئالدىدا نېمىدى، قايسىسى ئۇنى چىشلەشكە پېتىنسا، شۇ ئىتنىڭ بېشى يانجىلغان بولاتتى.

دەل مۇشۇ چاغدا ئومائوس يېتىپ كېلىپ، ئىتلارنى ۋارقىراپ تارقىتىۋەتتى. ئاندىن كەينىگە ئۆرۈلۈپ قەلەندەر بوۋايغا قارىدى. ئۇنىڭ چىرايىدا مەنسىتمەسلىك، يىرگىنىش ئالامەتلىرى يوق ئىدى، پەرىشانلىق ۋە خاپىلىق ئەكس ئېتەتتى.

— يەنە بىر ئاز كېچىككەن بولسام، بۇ ئىتلار سىلىنى قىيما ـ چىيما قىلىۋەتكەن بولار ئىكەن، — دېدى ئۇ قېرى قەلەندەرگە ئىچ ئاغرىتىپ، — شۇنداق بولغان بولسا قايغۇنىڭ ئۈستىگە قايغۇ قوشۇلاتتى.

— نېمە قايغۇڭىز بار، چوشقىچى بوۋاي؟— دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن ئودىسسۇس كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ.

— سىلى بىلمەيلا، مۇساپىر، — دېدى ئومائوس. ئالدىدا تۇرغان جۇل ـ جۇل كىيىملىك بۇ قەلەندەر ئۇنىڭ كۆزىگە نادان ئادەم ئەمەس، چىرايىدا نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقنىڭ ئىزناسى قالغان ئادەمدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئودىسسۇسنى

يېقىن كۆرۈپ ئۆنىڭغا كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى دەپ تاشلىدى:
— مەن ھەرۋاقىت يىراقتا لەشكەر تارتىپ خوجايىنىمنى ئەسلەيمەن، ئۆنى پاتراق كەلسىكەن دەيمەن! مەن بېقىۋاتقان مۈشۈ چوشقىلارنى ئاشۇ لەنەتگەردى ئەبلەخلەر يەپ كېتىۋاتىدۇ! مېنىڭ خوجايىنىم ناۋادا ھايات بولسا، ياقا يۇرتلاردا ئاچ - توق سەرسان بولۇپ يۈرگەندۇ، بەلكىم سىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىڭىزگە چۈشۈپ قالغاندۇر! بىچارە ئىكەنلا، كەپەمگە كىرىپ ئولتۇرسىلا، ھەر ھالدا ئازراق بىر نەرسە يەرسىز!
ئودىسسۇس كۆلۈپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ، چوشقا با-



قارنىڭ كەپسىگە كىردى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈتۈۋېلىنغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى خىزمەتكارنىڭ ئۆزىگە بولغان ساداقەتمەنلىكىدىن خۇرسەن ئىدى. چوشقا باقارنىڭ كەپىسى ناھايىتى ئاددى، شاخ - شۇمبا ۋە يوپۇرماقلاردىن ياسالغان تۆشەكتە بىر پارچە قوي تېرىسى بار ئىدى. قوي تېرىسىنىڭ تۈكلىرى چۇشۇپ، ئوتتۇرىسى ۋە چۆرىلىرى يىرتىلىپ كەتكەنىدى. بۇ تېرە ئۇزاق يىل بولۇپ كەتكەندەك قىلاتتى، ئومائوس قەلەندەرنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ۋە:

— بوۋاي، راستىنى دېسەم ئالدىلىرىغا قويغۇدەك ئوبدان نەرسەممۇ يوق ئىكەن. خوجايىنىم ئودىسسۇس بولسا، ئەھۋال ياخشى بولاتتى، ئۇ ماڭا ئۆي - ماكان ۋە يەر - زېمىن بېرەتتى، ئۇنداقتا مەنمۇ سىلىنى ئوبدانىراق مېھمان قىلغان بولاتتىم، ئەمما ھازىر ئۇنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكى مەلۇم ئەمەس، بىز چاكارلارنىڭ كۈنىمۇ تەس بولۇپ كەتتى، — دېدى.

ئومائوس شۇنداق دەپ كىيىملىرىنى يېشىپ، مېھماننى كۈتۈش ئۈچۈن قوتاندىن ئىككى چوشقا كۈچىكىنى تۇتۇپ ئاچىقتى. ئۇ چوشقا كۈچىكىنىڭ گۆشىنى ئوتتا قاقلىغاچ، كاسىدا قەلەندەرگە شاراب تۇتتى - دە!

— مۇساپىر، مەن سىلىنى مۇشۇ نەرسىلەر بىلەنلا مېھمان قىلالايمەن. چۈنكى بوداق چوشقىلارنى لايىق چۇشكەنلەر بۇلاپ كەتتى. ئۇلار مۇتتەھەم ھەم قاراقچى، ھەي! خوجايىنىمنىڭ جەسىتىنى تاپقىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ. ئۇ شۇ قەدەر شەپقەتلىك، شۇ قەدەر ئەقىل - پاراسەتلىك پادىشاھ ئىدى! مەن ئەمدى بۇنداق خوجايىننى تاپالمايمەن! ئۇ يادىمغا يەتسىلا، ئۇ ماڭا خوجايىن ئەمەس، بەلكى ئۆز ئاكامدەك تۇيۇلىدۇ، — دېدى.

ئودىسسۇس بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، دۆلىتىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتكە ھەقىقىي ئىشەندى. ئۇ ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويماسلىق ئۈچۈن بوۋاينى رىغبەتلەندۇرگەچ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ:

— بوۋا، سىز خوجايىنىڭىزنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنمەي گۇمانلىنىۋاتىسىز. چۈنكى سىز يالغان - ياۋىداق گەپ-لەرنى جىق ئاڭلاپ كېتىپسىز. مەن سىزگە كاپالەت بېرىمەنكى، ئودىسسۇس چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ! مەن سەدىقە ئېلىش مەقسى-تىدە بۇ گەپلەر بىلەن كۆڭۈللىرىنى ياساۋاتقىنىم يوق. جۇل - جۇل كىيىم ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بولسامۇ، بىراق گېپىم راست ھەم ئىشەنچلىك. زېۋس نامىدىن قەسەم قىلىمەن، خوجايىنىڭىز جەزمەن ئوردىغا يېنىپ كېلىدۇ. ئۇ خوتۇنىنى، ئوغلىنى بوزەك قىلغان لايىق چۈشكەنلەرنى جازالايدۇ، — دېدى.

كۆڭلۈمنى ياسىمىسىلا، — دېدى ئومائوس، — سىلى ئۆل-گەن ئادەم تىرىلىدۇ دېسىلىمۇ مەيلى، لېكىن ئودىسسۇس قايتىپ كېلىدۇ دېگەن گەپكە ئىشەنمەيمەن. مەن شۇ تاپتا تىلىماكوستىن ئەنسىرەۋاتىمەن، ئۇ ئودىسسۇسنىڭ بىردىنبىر ئۇرۇقى، بەك ئەقىللىق، پات ئارىدا چوڭ ئادەم بولىدۇ. كىم ئويلاپ تاپقان چارىكىن بىلمىدىم، بىرسى ئۇنى ئاتىسىنى ئىزدىگىلى دېڭىزغا چىقىرىۋېتىپتۇ، شۇ تاپتا بۇ بىر توپ لايىق چۈشكەنلەر تىلىما-كوسنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كېلەر يولىغا ئادەملىرىنى يوشۇرۇپ قويۇپتۇ، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق! ھەي، بۇ كىشىنى راستىنلا تىت - تىت قىلىۋېتىدىغان ئىش! بولدىلا، بۇ ئىشنى تىلغا ئالمايلى. ئۆزلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرى توغرۇلۇق سۆزلى-سىلە، نەدىن كەلدىلا، ئىتاكىدا نېمە ئىشلىرى بار؟

ئودىسسۇس بايام ئافىنا ئۆگەتكەن يالغان گەپلەرنى تەكرارلى-دى. بۇنىڭغا تەۋەككۇلچىلىككە ئائىت تەپسىلاتلاردىن ئازراق بې-مەنە گەپلەرنى توقۇدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ ئۆزىنىڭ تروپا ئۇرۇشىغا قاتناشقانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى، ئۆزىنى ئودىسسۇس-نىڭ تونۇشى ھەم ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتە جەڭ قىلغان قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇ مۇشۇنداق دەپ ئومائوسنى ئودىسسۇسنىڭ چوقۇم قايتىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشەندۇرۇشكە بولىدىغانلىقىغا كۆزى يەت-

كەندى.

— ئىشەنمىسىڭىز باغلىشايلى، — دېدى قېرى قەلەندەر ساقىلىنى سىقىمداپ، ئۇنىڭ كۆزى چوشقا باقار بوۋاينىڭ خالد-تىدا ئىدى،— ئودىسسۇس جەزمەن قايتىپ كېلىدۇ. مەن ئۇتتۇ-ۋالسام، سىز ماڭا بىر خالات بېرىسىز. ئۇتتۇرۇپ قويسام، ياردەمچىلىرىڭىز مېنى قىيالىقتىن دېڭىزغا تاشلىۋەتسۇن، باشقا يالغانچىلارغا ئىبرەت بولاي.

بوۋاي ئۇمائۇس ئالمان - تالمان قوللىرىنى شىلتىپ، بۇن-داق رەھىمسىز باغلىششقا ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە مېھماننى



ئۆلتۈرۈش تەڭرىنىڭ ئالدىدا گۇناھ ئۆتكۈزۈش بىلەن باراۋەر
ئىدى. قەلەندەرنىڭ گېپى بىلەن ئومائوس ئۆزىنى بىلىپ، يۇم-
شاق بىر پارچە قوي تېرىسىنى ئېلىپ، ئوچاق تۈۋىگە تۆشەك
راسلاپ، قەلەندەرنى ياتقۇزدى ۋە ئۈستىگە قېلىن خالات يېپىپ
قويدى. ئۆزى قوي تېرىسىنى يېپىنىپ، نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ،
چوشقىلارغا قارىغىلى قوتانغا چىقىپ كەتتى. ئودىسسۇس ئوما-
ئوسنىڭ تالاغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق
ساداقەتمەن چاكىرىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. ئومائوس گەرچە خوجا-
يىنىنى ئۆلگەنگە چىقىرىۋەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا خوجايىنىنىڭ
چوشقىلىرىنى ئېھتىيات بىلەن بېقىپ كېلىۋاتاتتى، ئودىسسۇس-
نىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم پارلىدى ـ دە، ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇيقۇغا
كەتتى.

## سەككىزىنچى قىسسە

# ئاتا - بالىنىڭ ئۇچرىشىشى

جاھان كۆكۈچ، دېڭىزمۇ كۆپكۆك ئىدى. كۆكۈچ ۋە كۆپ-
كۆك رەڭ ئارىسىدا قەد كۆتۈرگەن كاتتا بىر ئوردا تاغ ئۈستىدىن
ئورۇن ئالغانىدى. سپارتانى سۈيۈپ ئۆتكەن دېڭىز شامىلى ھەشە-
مەتلىك ھۇجرىنى ساپ ھاۋاغا تولدۇرۇۋەتكەنىدى. تۆشەكتە بىر-
نەچچە ياش غەرق ئۇيقۇدا، پەقەت بىرسىلا كۆزىنى يوغان ئېچىپ،
بىر خىل ھۇدۇقۇش ئىلىكىدە تورۇسقا قارىغىنىچە خىيالغا پاتقا-
نىدى.

تېلىماكوس مېنېلائوسنىڭكىدە مېھمان بولۇۋاتاتتى. ئۇ ئو-
دىسسۇسنىڭ سەپدىشى، مەشھۇر سەركەردە ئىدى. تېلىماكوس
ئاتىسىنىڭ دېرىكىنى قىلىپ سپارتاغا كەلدى ۋە پادىشاھ مېنېلا-
ئوس ۋە خانىش ھېلېننىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.
پادىشاھ بىلەن خانىش ئودىسسۇسنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئىس-
پاتلاپ بېرەلمىدى. ئىشقىلىپ، ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمىدى.
شۇڭا تېلىماكوسنىڭ گېلىدىن تاماق ئۆتمىدى، كۆزلىرىدىن ئۇي-
قۇ قاچتى، ئۇ ئاتىسىنىلا ئويلايتتى.

شۇ چاغدا، ئافېنا سپارتاغا كۆكتىن ئۇچۇپ چۈشتى، دېرى-
زىدىن كىرىپ تېلىماكوسنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. بۇ ھالنى
كۆرگەن تېلىماكوس ھەيران بولغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.
ئافېنا ئۇنى ئۆيگە قايتىشقا ئالدىرىتىپ، خېيىمخەتەردىن ساقلى-
نىش كېرەكلىكىنى ئۇنىڭ ئېسىگە سالدى ـ دە:

— تېلېماكوس، بۇ يەردە ئۇزاق يېتىۋەرمەڭ، سىز يۇرتىڭىزدىن يىراقتا تۇرۇۋاتىسىز. ھېلىقى بىر توپ لايىق چۈشكەنلەر ھېلىمۇ ئوردىدا، ئۇلارنىڭ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى. ئۇلار ئاپىڭىزنى ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىن بىرىنى كۈيئوغۇللۇققا تاللىۋېلىشقا مەجبۇرلاۋاتىدۇ. يەنە بىر ئەھۋال يۈز بەردى، بوۋىڭىز بىلەن تاغىڭىز ئورىماكوسنىڭ پارىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئاپىڭىزنى ئۇنىڭغا تېگىشكە زورلاۋاتىدۇ. يەنە بىر گەپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزى كۆچلۈكلەر سىزگە زەربە بېرىش ئۈچۈن ئىتاكې بىلەن سامى ئارىلى ئارىلىقىدا يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ. سىز ئايلىنىپ مېڭىڭ، قاراڭغۇدىن پايدىلىنىپ كەچتە يولغا چىقىڭ. تەڭرىلەر سىزگە شامال ئەۋەتىپ بېرىدۇ، خەتەردىن قۇتۇلۇشىڭىزغا شۇلار ياردەم قىلىدۇ. سىز ئىتاكېغا بارغاندىن كېيىن، ھەمراھلىرىڭىزنى شەھەرگە كىرگۈزۈۋېتىپ، ئۆزىڭىز چوشقا باقار ئۇمائۇسنىڭ يېنىغا بېرىڭ. شۇ يەردە بىر كېچە تۇنەڭ، ئەتىسى ئۆزىڭىزنىڭ ئامان - ئېسەن قايتىپ كەلگەنلىكىڭ خەۋىرىڭىزنى ئىككىلىك باغاقچە بىلەن ئاپىڭىزغا يەتكۈزۈپ قويۇڭ، — دېدى.

ئافېنا گېپىنى تۈگىتىپ، تېلېماكوسنىڭ رەھمەت - ھەشقاللىسىنى، ئۇنىڭ يەنە سورايدىغان قانداق سوئاللىرى بار كۆتمەيلا ئولىمپىيە تېغىغا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. تېلېماكوس جىددىي ھەرىكەتكە كېلىش كېرەكلىكىنى چۈشەندى. ئۇ شۇئان ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇيقۇدا ياتقان ھەمراھلىرىنى ئويغىتىپ، يولغا چىقىش توغرۇلۇق ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلەشتى، يىگىتلەر كىيىملىرىنى كىيىشىپ، مېنېلائوس بىلەن خوشلاشقىلى ئوردىغا ماڭدى.

مېنېلائوس تەختتە روھلۇق ئولتۇراتتى؛ يۇنان بويىچە ئەڭ ساھىپجامال ئايال — خانىش ھېلېن پادىشاھنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالغانىدى. تېلېماكوس مېنېلائوسقا ئېگىلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ ئىلتىماسىنى بايان قىلدى:



— باتۇر پادشاھ مېنېلائوس ئالىيلىرى، سىلى ئاتامنىڭ يېقىن سەپدىشى، مېنىڭ دەرھال يولغا چىقىشىمغا ئىجازەت بېرىشلىرىنى سورايمەن. مەن ئاتامنى ئىزدەپ چىققان، ئۇ توغرۇلۇق ئىشەنچلىك خەۋەرگە ئېرىشەلمىدىم. ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ، بالدۇرراق قايتمىسام بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىمۇ خەتەرلىك، خېيىمخەتەرنى يېڭىشىمگە توغرا كېلىۋاتىدۇ، شۇڭا ئوردامغا قايتىشقا مەجبۇرمەن.

مېنېلائوس ئۇنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندى ـ دە، ئىلتىماسىغا ماقۇل بولدى. يول تەييارلىقىنى باشقىلارغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى ھېلېن بىلەن خەزىنىگە كىرىپ تېلېماكوسقا سوۋغا تەييارلىدى. مېنېلائوس ئۇنىڭغا ئالتۇن قەدەھ، خانىش ھېلېن ئۆز قولى بىلەن تىككەن خاتىرە بۇيۇم — ياش قىزلارنىڭ تويلۇق كۆڭلىكىنى ھەدىيە قىلدى.

خانىش ھېلېن:

— تېلېماكوس، قەدىرلىك بالام. بۇ سوۋغامنى قوبۇل قىلىڭ! سىزگە زېرەك ھەم چىرايلىق بىر قىزنىڭ خوتۇنلۇققا نېسىپ بولۇشىنى تىلەيمەن! بۇنى تويۇڭلاردا بولغۇسى رەپىقىڭىز كىيسۇن. تويۇڭلار بولغىچىلىك ئاپىڭىز ئوبدان ساقلاپ قويسۇن، ئىتاكىغا ئامان ـ ئېسەن قايتىشىڭىزغا تىلەكداشمەن! — دېدى.

تېلېماكوس سوۋغا ـ سالاملارنى قوبۇل قىلدى، ئۇ بۇ سوۋغىلارنى، بولۇپمۇ ھېلېن ھەدىيە قىلغان كۆڭلەكنى ئالاھىدە ياقتۇرۇپ قالدى.

— بۇ كۆڭلەكنى كۆز قارىچۇقىمنى ئاسرىغاندەك ئاسرايمەن، — دېدى تېلېماكوس ھاياجانلىنىپ، — چۈنكى، بۇ ئەڭ چىرايلىق كۆڭلەك دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق ئايالنىڭ قولىدىن چىققان. ساھىبجامال ئايالنىڭ سوۋغىسىغا ئېرىشكەنلىكىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن! بۇ ئىشتىن بولغۇسى خوتۇنۇممۇ پەخىرلى-

نىدۇ.

ئېسىل شارابلاپ كەينى ـ كەينىدىن قۇيۇلدى، بىر ـ بىرىدىن قىيالماسلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ تۇرغان گەپلەر يېنىش ـ يېنىش دېيىلدى. مېنېلائوس يۇرتىغا تەلپۈنۈپ تۇرغان مېھمانلارنى تۇتۇپ قېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، ئارتۇقچە تەكەللۇپ ياخشى مېھمانلارنى تەڭلىككە سېلىپ قويىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ساھىبخان مېھمانلارنى ئۇزىتىپ ئوردىدىن چىقىۋاتقاندا، بىر قارچۇغا كۆكتىن ئوقتەك چۈشۈپ، ئوردىدىكى سېمىز بىر كەپتەرنى چاڭگاللاپ تۇتتى. پۇقرالار بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ چاۋاك چېلىشتى. بۇ ئاسان كۆرگىلى بولمايدىغان مەنزىرە ئىدى، كۆپچىلىك بۇنى ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى دەپ بىلىشتى ھەم خۇرسەن بولۇشتى. ھېلېن:

— دوستلار، مېنىڭ ھۆكۈمىمگە قۇلاق سېلىڭلار، بۇ تاغ قۇشى ئودىسسۇسنىڭ قايتىپ كېلىشىدىن دېرەك بەردى، ئۇ ھېلىقى سېمىز كەپتەرنى ئوردىدىن تۇتۇپ كەتتى. ئوردىدىكى سېمىز كەپتەر كىمگە ۋەكىللىك قىلىدۇ؟ ئەمگەك قىلماي ئوردىدا يەپ ـ ئىچىپ ياتقان ھېلىقى بىر توپ لايىق چۈشكەنلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇزاق يىل سەرسان بولۇپ يۈرگەن ئودىسسۇس قايتىپ كېلىپ، بۇ ھۇرۇن بىكار تەلەتلەرنى ئوردىدىن تازىلايدۇ. گەپ مانا مۇشۇ! — دېدى.

تېلىماكوس خۇشاللىقىدا ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— بۇ بېشارەت توغرا بولۇپ چىقسىدى! ناۋادا راست شۇنداق بولۇپ چىقسا، ئالدى بىلەن سىزگە، گۈزەل خانىش ھېلېنغا تەڭرىچە سالام بەرگەندەك سالام بېرىمەن! — دېدى.

دۇنيادا ئاخىرى چىقمايدىغان زىياپەت يوق، قونمىغان مېھمانىنىڭ كەتكىنى ياخشى. تېلىماكوس كېمىگە چىقىپ، ئارقانىنى يەشتى ـ دە، يەلكەن چىقىرىپ، خاسىيەتلىك شامالنىڭ يۆنىلى-



شىنى بويلاپ يادىن ئايرىلغان يا ئوقىدەك تېز يۈرۈپ كەتتى.

ھەممە ئىش ئافىنانىڭ تاپىلىغىنىدەك بولدى، كېچىسى ماڭ-
دى. دېڭىز بوغۇزىدىن داجىپ ئۆتتى؛ قىرغاققا چىققاندىن كې-
يىن، تىلىماكوس ھەمراھلىرىنى شەھەرگە كىرگۈزۈۋەتتى؛ ئۆ-
زى چوشقا باقارنىڭ يېنىغا ماڭدى.

ئودىسسۇس شۇ كۈنى كەچتە بەش چوشقا باقار بىلەن بىللە
غىزا يېدى. غىزادىن كېيىن، چوشقا باقارنىڭ ئۆزىنى قانچىلىك
ئۇزاق تۇرغۇزالايدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئۇنى چېكىپ
باقتى ۋە:

— مەن سەرسان بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىمدا «كەمبەغەل
كەمبەغەلنىڭ قاياشى» دېگەن بىر گەپنى ئاڭلىغان. كۆپچىلىك
مېنى ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى كۈتكەندەك كۈتتى، بۇنىڭ-
غا گەپ كەتمەيدۇ! لېكىن سىلەرمۇ باياشات ئەمەس ئىكەنسىلەر!
بىر پارچە بولكىنى بىر ئادەم يېسە، قورسىقى تويىدۇ. ئىككى
ئادەم يېسە، قورسىقىنىڭ بىر يېرى كامدەك بولۇپ قالىدۇ، ئۈچ

ئادەم يېسە، قورسىقى تويمايدۇ. مەن بىر كۈن ئارتۇق تۇرسام، سىلەرگە بىر ئۆلۈش ئېغىرلىقىم چۈشىدۇ. مەنمۇ خىجىل بولۇپ قالىدىكەنمەن. باشقا بىر يول تۇتاي، ماڭا شەھەرگە بارىدىغان يولنى كۆرسىتىپ قويۇڭلار، تايىقىمنى كۆتۈرۈپ، ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلسام، نان ـ شاراب تاپارمەن! مەن يەنە ئوردىغا كىرىپ پېنېلوپېغا ئودىسسېۇسقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىمەن. لايىق چۈشكەنلەرنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىنى قىلىپ بەرسەم، ئۇلار ماڭا ئاش ـ نان ۋە ياتىدىغان جاي بەرسە ئەجەب ئەمەس. مەن ئوتۇن يارالايمەن، ئوت قالالايمەن، تاماق ئېتەلەيمەن، مېھمان كۈتەلەيمەن. ھەممە ئىشنى لايىقىدا قىلالاي-مەن، كىم بىزنى نامرات بولسۇن دەپتۇ! مەن بايلارغا خىزمەت قىلىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن، — دېدى.

ئودىسسېۇس شۇنداق دەپ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئومائوسقا قا-راپ، ئۇنىڭ ئىنكاسىنى كۆزەتتى. ئومائوس بېشىنى چايقاپ، قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا:

— ئۇنداق ئويلاپ كەتمىسىلە بوۋاي. سىلىنى ھېچكىم قوغ-



لىغىنى، پەس كۆرگىنى يوق. بىز نېمە يېسەك، سىلىمۇ شۇنى
يەيلا. كەتمىسىلە، شەھەرگە كىرىپ ئۆزلىرىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ
بەرمىسىلە، سىز ئاشۇ ۋىجدانسىز لايىق چۈشكەنلەر مېنى ئىشقا
سالىدۇ دەملا؟ ئۇنداق بولمايدۇ، ئۇلار سىلىنى قېرى، يارىماس
دەپ كۆزگە ئىلمايدۇ. ئۇلارنى كۈتىدىغانلار سامانەك، ئۇلار
چاچلىرىنى مايلىغان، رەتلىك كىيىنگەن ياش باللار، ئۇلاردىن
ئەتىر پۇراپ تۇرىدۇ. ئۇلار مۇشۇنداق باللارنى چاققان، يېقىش-
لىق دەپ بىلىشىدۇ. ئۇلار سىلىنى ئىشلەتمەيدۇ، ئىشلەتكەن
تەقدىردىمۇ سىلىدىن ئېۋەن تېپىپ، سىلىنى تىللايدۇ ۋە دۇمبا-
لايدۇ. ئۇلار تاش يۈرەك ئادەملەر، يەنىلا بىز بىلەن تۇرغانلىرى
تۈزۈك، بوۋاي. تىلىماكوس قايتىپ كەلسە، ئۇ سىلىگە كۆپرەك
يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەك بېرىدۇ، — دېدى.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئودىسسۇسنىڭ كۆڭلى ئىللىپ قالدى، بۇ
ئاق كۆڭۈل چاكىرىدىن قاتتىق تەسىرلەندى - دە، ئومائوس
بىلەن بەھۇزۇر پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭدىن ئۆز ئائىلىسىنىڭ ۋە
ئاتىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. چوشقا باقار ئۇنىڭغا لائېرتېس-
نىڭ ھېلىمۇ ھايات ئىكەنلىكىنى، لېكىن ئەھۋالىنىڭ تازا ياخشى
ئەمەسلىكىنى ئېيتتى، ئۇ ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن
ئوغلى ئودىسسۇسنى، بىمەھەل ئۆلۈپ كەتكەن خوتۇنىنى ياد ئې-
تىپ، جۇدالىق دەردىدە، بۇ دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىدىن قول
ئۈزۈپ ئۆڭكۈرنى ماكان تۇتۇۋالغانىدى.
ئۇزاق تۇنلەردە گەپ - سۆز دېگەن تۈگەپ قالمايدۇ. ئودىس-
سۇس بەش چوشقا باقار بىلەن ئۇزاق يىل ئايرىلىپ كەتكەن
دوستلاردەك قارا چىراغ يورۇقىدا شاراب ئىچكەچ، پاراڭغا چۈ-
شۈپ كەتتى. ئۇلار ئەسلەشكە تېگىشلىك كۈنلەرنى ئەسلىپ،
جاھاندىكى ياخشى - يامان ئىشلار، باتۇرلارنىڭ شىجائىتى ۋە
يامانلارنىڭ زوراۋانلىقلىرى توغرۇلۇق پاراڭلاشتى. پاراڭ تۈگەي-
دىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئۇلار شۇ تەرىقىدە قىزىق پاراڭلىشىپ

شەرق تەرەپنىڭ ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قېلىشتى. كۆپ-چىلىك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ يېڭى بىر كۈننى كۈتۈۋېلىشتى. تۆت چوشقا باقار چوشقىلارنى يايلىتىپ ئوتلاقىقا ماڭدى. ئومائوس بىلەن قېرى قەلەندەر ناشتىلىق تەييارلاشقا تۇتۇندى.

كۆپچىلىك ئەمدىلا ناشتىغا ئولتۇرۇشىغا، سىرتتىن بىرد-نىڭ ئاياغ تىۋىشى بىلەن ئىتلارنىڭ سەكرىگەن چاغدىكى ئاۋازى ئاڭلاندى. ئودىسسېۇس قورۇققا بىرسى كەلدى دەپ پەرەز قىلدى. بۇ ئىتلار يات ئادەمگە ھەرگىز بۇنداق قىلمايتتى، ئىتلارنىڭ ئىپادىسىدىن ئۇلارنىڭ گويا خوجايىنىنى قارشى ئېلىۋاتقاندەك ئالامەت چىقىپ تۇراتتى.

ئودىسسېۇس گېپىنى قىلىپ بولۇشىغا، غەيۇر بىر يىگىت مىلەڭزىنى قايرىپ كەپىنىڭ بوسۇغىسىدا پەيدا بولدى. زېرەك ئودىسسېۇس بىرلا قاراپ ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى تېلېماكوسنى تونىدى! تېلېماكوسنىڭ ئىشىك تۈۋىدە تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئودىسسېۇس ئۆزىنى بېسىۋالدى، ئومائوس خۇشاللىقىدا كىچىك ئودىسسېۇسقا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ تېلېماكوسنى قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ چاچلىرىغا، كۆزلىرىگە ۋە قوللىرىغا سۆيۈپ كەتتى. ئون يىل سىرتتا سەرسان بولۇپ يۈرگەن ئوغلىنى كۆرگەن ئاتىدەك، ئۆ-لۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان تۇغقىنىغا يولۇقۇپ قالغان بوۋايدەك قايغۇ - خۇشاللىقلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن ئومائوسنىڭ كۆزلە-رىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

كەپىگە كىرمەي بوسۇغىدا تۇرغان تېلېماكوس ھېلى كېتىد-دىغاندەك ئالدىراپ تۇراتتى. ئومائوس ئوردىدا چوڭ ئىشلارنىڭ يۈز بەرمىگەنلىكىنى دېگەندىن كېيىن، تېلېماكوس خاتىرجەم بولدى. ئاندىن نەيزىسىنى ئومائوسقا بېرىپ كەپىگە كىردى. ئودىسسېۇس ئېگىلىپ تۇرۇپ تېلېماكوسقا ئورۇن بوشىتىشقا تەم-شەلدى. لېكىن، ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەشنى خوپ بىلىدىغان تېلېماكوس ئۇنىڭ يەلكىسىنى بېسىپ تۇرۇپ:



— مۇساپىر، سىلى ياشانغان كىشى ئىكەنلا، قوزغالماي ئولتۇرۇۋەرسىلە، مېنىڭمۇ ئاتام - بوۋام بار، سىلىنىڭ ئورۇنلىرىنى تارتىۋالسام بولامدۇ؟ خاتىرجەم ئولتۇرسىلا، ئومائوس ماڭا ئورۇن هازىرلاپ بېرىدۇ، — دېدى.

ئومائوس دېگەندەك ئورۇن تەييارلاۋاتاتتى، ئۇ شاخ - شۇمبا ۋە يوپۇرماقلارنى دۆۋىلەپ، ئۈستىگە بىر پارچە يۇمشاق تېرىنى يېيىپ سالدى. كىچىك خوجايىن جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئومائوس ئۇنىڭغا كاۋاپ ۋە بولكا تۇتتى، يوغان كاسىغا شاراب قۇيۇپ بەردى. تېلىماكوس تاماق يېگەچ، قەلەندەرنىڭ كەچمىشلىرى توغرۇلۇق سۆزلەۋاتقان ئومائوسقا قارىغىنىچە تۇرۇپ بې-

شىنى لىڭشىتىپ، تۇرۇپ چايقاپ قويدى. شۇ ئارقىلىق مۇسا-
پىرغا ھېسداشلىقىنى بىلدۈردى، ئومائوس سۆزىنىڭ ئاخىرىدا
قەلەندەر ئۈچۈن تىلىماكوسقا:

— كىچىك خوجايىن، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ
تولىمۇ بىچارە! ئۇنى ئېلىپ كەتسىلە، مۇۋاپىق ئىشلارغا ئورۇن-
لاشتۇرۇپ قويسىلا، جېنىنى جان ئەتسۇن. ئۇنىڭ ئۈستىگە،
ئودىسسۇس بىلەن بىللە جەڭ قىلغانىكەن، پادىشاھىمىزنىڭ
يۈز - خاتىرىسى ئۈچۈن بولسىمۇ، — دەپ ئىلتىماس قىلدى.

— مەن باغرى تاش ئادەم ئەمەسمەن، بۇ گېپىڭ مېنى
ھەقىقەتەن ئوسال ئەھۋالغا سېلىپ قويدى، — دېدى تىلىماكوس
ئومائوسنىڭ گېپىگە جاۋابەن، — شامال چىقسا كەينىگە ئۇچۇپ
كېتىدىغان بۇنداق ئاجىز بوۋاينى قانداقمۇ ئۆيگە باشلاپ بارالاي-
مەن؟ لايىق چۈشكەنلەرنىڭ قانداق بىرنېمىلەر ئىكەنلىكىنى سى-
لەرمۇ بىلىسىلەر! ئۇلار مۇتتەھەم، نامراتلارنى كۆزگە ئىلماي-
دۇ. چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش دېگەننى
قىلچە بىلمەيدۇ! ئۇلارغا ھەتتا مېنىڭمۇ ئامالىم يوق، شۇڭا
تەكلىپىم: ئۇ مۇشۇ يەردە يەنە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ تۇرسۇن،
نېمە كەم بولسا، شۇنى يەتكۈزۈپ بېرىمەن.

قەلەندەر سىياقىغا كىرىۋالغان ئودىسسۇس ھەقىقىي قىياپى-
تىنى ئاشكارىلاپ قويماسلىق ئۈچۈن، ھېچنېمىنى ئۇقمىغان قى-
ياپەتتە:

— ھە، مۇشۇ يەرنىڭ خوجايىنى ئىكەنسىز، لېكىن خوجا-
يىنلىق قىلالمايدىكەنسىز، نېمىشقا؟ سىزنى خەلق ھىمايە قىلما-
دۇ ياكى ئاكا - ئۇكىلىرىڭىز بىلەن جېدەللىشىپ قالدىڭىزمۇ؟
ناۋادا مەن ئودىسسۇسنىڭ ئوغلى بولۇپ قالسام، سىزدەك مۇشۇن-
داق نەۋقىران بولسام، ئاشۇ لايىق چۈشكەنلەر بىلەن جان تىكىپ
ئېلىشقان بولاتتىم! — دېدى.

تىلىماكوس ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى تەن

ئالدى، دۈشمەننىڭ كۈچلۈك، ئۆزىنىڭ ئاجىز بولۇشتەك ۋەزى-
يەتنى چۈشەندۈرۈپ، يالغۇز ئوغۇل ئىكەنلىكىنى، ئاكا - ئۇكى-
لىرىنىڭ يوقلۇقىنى، خەلقىنىڭ ئۆزىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى
ئودىسسۇسقا ئېيتىپ بەردى. كۆز ئالدىدىكى قەبىھ كۈچلەر كۈچ-
لۈك ئەھۋالدا قاراملىق قىلىشقا بولمايتتى. ئودىسسۇس بۇ گەپ-
لەرنى ئاڭلاپ ئوغلىنىڭ پىشىپ قالغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ئىچىدە
مەمنۇن بولدى. ئوغلى ئۆزىنىڭ پىشقان ھەم ئېھتىياتچان ئىكەن-
لىكىنى ئىپادىلىگەندى. ئۇ ئومائوسقا شەھەرگە ئۆزىنىڭ خېتى-
نى ئاپىرىپ بېرىش، ئۆزىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكى توغرۇلۇق
ئاپىسىنى خەۋەردار قىلىپ قويۇش، بۇ خەۋەرنى لايىق چۈشكەن-
لەرگە بىلدۈرۈپ قويماسلىق كېرەكلىكىنى تاپىلىدى.



ئودىسسۇسقا چىن كۆڭلىدىن ياخشىلىق تىلەۋاتقان ئافىنا بۇ ئىشلارنى ئالىلىبۇرۇن شەپەق كەينىدە تۇرۇپ كۆزىتىۋاتقانىدى، ئومائوس ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى كەيدىن چىقىپ كەتكەن ھامان، ئۇ يەر يۈزىگە چۈشتى. تەڭرىچە كۆز باغلاش سېھرىنى ئىشلەتتى، تىلىماكوس ئۇنى كۆرەلمەيتتى. ئۇ قول ئىشارىسى قىلىپ ئودىسسۇسنى سىرتقا چاقىردى - دە، ئۇنىڭغا يول كۆرسەتتى، ئەمدى بۇنى ئودىسسۇس ئۇزاقتىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدى.

— ئودىسسۇس، بۇ كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى! دەرھال بىر - بىرىڭلارغا تونۇشلۇق بېرىڭلار! ئوغۇللىرىدىن ئۆزلىرىنى يوشۇرۇپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى قالمىدى، چۈنكى مەن سىلەرنىڭ ئاشۇ مۇتتەھەملەرنى جازالاشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، ئاتا - بالا بىرلىكتە دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈرۈڭلار! قان - قېرىنداشلار بىرلىشىپ ياتلار بىلەن جەڭ قىلغاندا، بىر ئادەم ھامان ئون دۈشمەنگە تېتىيدۇ، بارسىلا، ئوغۇللىرىغا تونۇشلۇق بەرسىلە! — دېدى تەڭرىچە ئودىسسۇسقا.

تەڭرىچە ئالتۇن ھاسىسى بىلەن ئودىسسۇسنى نوقۇپ قويدى، ئۇ شۇ زامات ئەسلىگە كەلدى: پېشقەدەم پالۋاننىڭ مەڭزى قىپقىزىل، بويى ئېگىز ھەم بەستلىك كەلگەن، پۇت - قوللىرىنىڭ بۆلجۈك گۆشلىرى بەدىنىگە چىپپىدە كەلگەن كىيىملىرىدىن بۇرتۇپ چىققان، كۆركەم خالىتى ئۇنىڭغا تېخىمۇ سۈرلۈك سالاپەت بېغىشلاپ تۇراتتى.

ئودىسسۇس كەينىگە ئۆرۈلۈپ كەپىگە كىردى، بۇنىڭدىن ھەيران قالغان تىلىماكوس ئاغزى گەپكە كەلمەي بىر ھازادىن كېيىن دۇدۇقلاپ تۇرۇپ:

— سىلى... مۇساپىر... تەڭرى ئوخشىمامالا؟... كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا... قانداقمۇ بۇنچىلىك سۈرلۈك ۋە ھەيۋەتلىك قىياپەتكە كىرەلەيلا؟ سىلى راستىنلا تەڭرى

بولسىلا، ماڭا ياردەم قىلسىلا، مېنى ھىمايىلىرىگە ئالسىلا! — دېدى.

تېلىماكوس تىزلىنىپ باش ئۇرۇپ سالام قىلماقچى بولۇۋې-دى، ئودىسسۇس ئۇنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، قوڭغۇراق-تەك ئاۋازى بىلەن:

ياق، مەن تەڭرى ئەمەس، تېلىماكوس، مەن سېنىڭ قەھرى-مان ئاتاڭ، سېنىڭ ئۆز ئاتاڭ بولىمەن! سەن مېنى كىچە - كۈندۈز سېغىنغان، مېنى ئىزدەپ دېڭىزغا چىققان تۇرۇقلۇق ئەمدى مېنى تونۇماس بولۇپ قالدىڭمۇ؟ — دېدى. ئودىسسۇسنىڭ بۆرنى ئېچىشتى، كۆز ياشلىرىنى تۇتۇۋالماي، ئوغلىنى باغرىغا چىڭ بېسىپ يىغلاپ كەتتى.

تېلىماكوس كۆز ئالدىدىكى پاكىتقا يەنىلا ئىشەنمەي دەرگۇ-مان بولغىنىچە، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئۆز - ئۆزىگە: «ياق، ياق! بۇنداق چاقچاق قىلمىسىلا. سىلى مېنىڭ ئاتام ئەمەس، تەڭرى مېنى ئەخمەق قىلىۋاتىدۇ. مېنىڭ ئاتام دېگەن بەندە، بۇنداق قىياپەتكە كىرىش بەندىنىڭ قولىدىن قانداق كېلىدۇ؟» دېدى.

ھەرقانداق ئاتا ئۆز ئوغلىغا ئودىسسۇس كۆيگەندەك كۆيمەي-دۇ. ئۇ تېلىماكوسنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا: بۇ ئىشلارنىڭ تەڭرىنىڭ ئىرادىسى ئىكەنلىكىنى، تەڭرىچە ئافېنانىڭ ئۆزىگە يوشۇرۇن ياردەم بېرىۋاتقانلىقىنى دەپ بەردى ۋە ئاخىر تېلىماكوسنى ئىشەندۈردى. ئۇ ئاتام ھەقىقەتەن قايتىپ كەپتۇ! دېگىنىچە ئاتىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئاتا - بالا ئىككىسى ھەسرەت ۋە شادلىق ئىلكىدە ئۈن سېلىپ يىغلاپ كېتىشتى. ئۇلار بىر - بىرىگە جۇدالىق دەردلىرى، سېغىنىش پىراقلىرىنى ئىز-ھار قىلىشتى. ئودىسسۇس پۈتكۈل كەچۈرمىشلىرىنى ئوغلىغا سۆزلەپ بەردى، ئاندىن پاراخنىڭ تېمىسىنى كۆز ئالدىدىكى ۋەزى-يەتكە يۆتكەپ، ئوغلىدىن لايىق چۇشكەنلەرنىڭ ئىسمىنى سورىدى

ۋە ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىش تەدبىرلىرى توغرۇلۇق ئوغلى بىلەن مەسلىھەتلەشتى، ۋۇجۇدى غەزەپ - نەپرەتكە تولغان تىلىماكوس بولغان ۋە بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئاتىسىغا بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى:

— قەدىرلىك ئاتا، مەن سىلىگە چوقۇنىمەن! سىلىنىڭ شەرەپلىك تارىخلىرىنى، باتۇرلۇق ھەققىدىكى ئىش - ئىزلىرىنى تولۇق بىلىمەن. باتۇرلۇق، قەيسەرلىك ۋە ئەقىل - پاراسەت سىلىنىڭ ۋۇجۇدلىرىغا تولۇق مۇجەسسەملەنگەن، مەن بۇنىڭدىن قىلچە گۇمانلانمايمەن. لېكىن، ئاتا، لايىق چۈشكەنلەر قىرىق - ئەللىك ياكى يەتمىش - سەكسەن ئادەم ئەمەس، ئۇلار يۈزدىن ئارتۇق! ئۇلار بىزدىن ئەللىك - ئاتمىش ھەسسە كۈچ-لۈك، بىزنىڭ كۈچىمىز ھەقىقەتەن بەك ئاجىز، — دېدى.

— بىز بىر جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگىمىز، ئافېنا بىزگە ھەر ۋاقىت ياردەم بېرىدۇ، — دېدى ئودىسسۇس چوڭقۇر ئىشەنچ بىلەن ئوغلىغا مەدەت بېرىپ، — ئوردىدا جەڭ باشلانغان ھامان ئۇ شۇئان بىزگە ھەمدەمدە بولىدۇ.

تىلىماكوسمۇ نەچچە قېتىم ئافېنانىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن بولغاچ ناھايىتى تېزلا ئىشەنچىسى كۈچەيدى - دە، ئاتىسى بىلەن بىللە ئۇرۇش پىلانىنى كۆڭۈل قويۇپ تۈزۈشكە كىرىشتى. ئاتا - بالا ئىككىسى مۇنداق مەسلىھەتكە كەلدى: تىلىماكوس ئوردىغا قايتىپ، لايىق چۈشكەنلەر ئارىسىدا ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرىدىغان، ئودىسسۇس يەنىلا قەلەندەر قىياپىتىگە كىرىپ، چوشقا باقارنىڭ باشلىشى بىلەن ئوردىغا كىرىشكە تەييارلىنىدىغان بولدى. ئودىسسۇس ئوغلىنىڭ ئېسىگە مۇنۇ ئىشلارنى سېلىپ قويدى: ئاتىسى مەيلى كىم تىللىسۇن ياكى دۇمبالىسۇن، ئۈستۈۋېشىغا پاسكىنا نەرسىلەرنى ئاتسۇن ياكى ئۇنى سۆرەپ تالاغا چىقىرىۋەتسۇن، تىلىماكوس چوقۇم چىدىشى كېرەك ئىدى. ئاتىسىنى دەپ ئاچچىقىغا پايلىيالماي قېلىپ، چاندۇرۇپ قويسا بولمايتتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ لايىق چۈشكەنلەر-
نىڭ قەلەندەرنى كولدۇرلاتقان پۇرسىتىنى غەنىيمەت بىلىپ، تى-
لىماكوس مېھمانخانىنىڭ تېمىدىكى قورال - ياراغلارنى يىغىشتۇ-
رۇپ ئامبارغا ئەكىرىۋېتىشى لازىم ئىدى. ناۋادا لايىق چۈشكەنلەر
سېزىپ قېلىپ، قورال - ياراغلارنى يوشۇرۇشنىڭ سەۋەبىنى
سوراپ قالسا، تىلىماكوس ئۇلارغا، مېھمانخانىدا كۆندە زىياپەت
بولىدۇ، ئوچاقنىڭ ئىسىدا قورال - ياراغلار ئىس تارتىپ،
داتلىشىپ كەتتى، شۇڭا ئامبارغا ئەكىرىۋەتتىم دەپ يالغان ئېيت-
سا بولىۋېرەتتى. لېكىن، قورال - ياراغلارنىڭ ھەممىسىنى
ئەكىرىۋەتمەي، ئىككى شەمشەر، ئىككى نەيزە، ئىككى تېرە قال-
قاننى قالدۇرۇپ قويۇشقا توغرا كېلەتتى. بۇ قوراللارنى نېمە
قىلىدۇ؟ قالايمىقانچىلىقتا ئاتا - بالا ئىككىيلەنگە بۇ قورال -
ياراغلارنى لازىم بولىدۇ - دە. ئودىسسۇس تىلىماكوسقا ئۆزىنىڭ
قايتىپ كەلگەنلىكىنى ھېچكىمگە، ھەتتا چوشقا باقار، خوتۇنى
ھەم ئودىسسۇسنىڭ ئاتىسىغىمۇ دېمەسلىكىنى جېكىدى. چۈنكى
ئودىسسۇس قول ئاستىدىكىلەرنىڭ قايسىسىنىڭ ئۆزىگە خائىنلىق
قىلغانلىقىنى، قايسىسىنىڭ ئۆزىگە سادىق ئىكەنلىكىنى سىناپ
باقماقچى بولۇۋاتاتتى.

# توققۇزىنچى قىسسە

# ئىتتىن بەتتەر كۈنگە قالغانلىقى

بىر كېمىچى مەزمۇت قەدەم تاشلاپ كەلگەن پېتى ئوردىنىڭ پەلەمپىيىگە چىقىپ، خانىشقا ئوغلىنىڭ ئامان - ئېسەن قايتىپ كەلگەنلىك خەۋىرىنى يەتكۈزدى. پېنېلوپې ۋە ئۇنىڭ ئەر - ئايال چاكارلىرى يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتىلغان بۇ خەۋەرنى ئاڭلىدى، سىرتقا چىقىپ كېتىۋېتىپ ھېلىقى كېمىچى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان ئومائوسمۇ ئاڭلىدى. ئەمەلىيەتتە، چوشقا باقارمۇ تىلىما-كوسنىڭ قايتىپ كەلگەنلىك خەۋىرىنى دېگىلى كەلگەنىدى، لې-كىن ئۇ بۇ خەۋەرنى كۆپچىلىك ئالدىدا ئاۋازىنى قاتتىق چىقىرىپ ئەمەس، خانىشقا خالىي يەردە دېدى. ئومائوس ۋەزىپىسىنى ئو-رۇنداپ بولۇپ، چوشقىلىرىنى باققىلى شۇئان قورۇققا قايتتى.

«ھەرقانداق بىر ئانا سەپەرگە چىقىپ كەتكەن ئوغلىدىن ئەنسىرەپ ئولتۇرالمايدۇ»، ھەرقانداق بىر ئانا سەپەرگە چىقىپ كەتكەن پەرزەنتلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن تەشۋىش چېكىدۇ. مانا ئەمدى پېنېلوپېنىڭ چىرايىدا شادلىق ئىپادىلەندى. ئۇ يەڭگىل نەپەس ئالدى، دېدىكىگە بۇ خەۋەرنى تېزدىن شاھزادىنىڭ بوۋىسى-غا يەتكۈزۈپ قويۇشنى تاپىلىدى.

كىشىلەر دائىم ئاسىي، جاھاننىڭ رەپتارىغا باقىدىغان، ۋىجدانسىز ۋە خائىنلارنى ساداقەتسىز دەپ سۆپەتلەيدۇ. ئوردىدى-كى دېدەكلەرنىڭ ئارىسىدا مۇشۇنداق ئازغۇن بەندىلەر يوق ئەمەس ئىدى. ئۇلار لايىق چۈشكەنلەر بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ،

خوجايىنىنى سېتىپ، ئۆزلىرىنى شەرەپلىك ئىش قىلغان ئادەم-
دەك ھېس قىلىشىپ يۈرەتتى. مانا بۈگۈن، ئۇلار كىچىك خوجا-
يىنىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىك خەۋىرىنى شاھزادىنىڭ بوۋىسىغا دەپ
بولۇپ، لايىق چۈشكەنلەرگىمۇ يەتكۈزۈپ قويۇشتى. لايىق چۈش-
كەنلەر تىلىماكوسنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ لاسىدە
بولۇپلا قالماي، يەنە ئەندىشە ئىچىدە قېلىشتى. ئۇلار ئوردا ئالدى-
غا يىغىلىشىپ، سىلىق تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، بىر -
بىرى بىلەن كۇسۇرلىشىپ، تاقابىل تۇرۇش توغرۇلۇق ئۆز -
ئارا مەسلىھەتلەشتى. زەربە بېرىش ھەرىكىتى مەغلۇپ بولغاچقا،
ئۇلارنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى: تىلىماكوس بارغان-
سېرى زېرەكلىشىپ كېتىۋاتقاچقا، تىلىماكوسقا تاقابىل تۇرۇش
ئۇلار ئۈچۈن تەسكە توختاۋاتاتتى.

لايىق چۈشكەنلەرنىڭ ئارىسىدا ئورىماكوس ئەڭ پىلانچى ئى-
دى، ئۇ چۈشكۈن كەيپىياتنى لايىق چۈشكەنلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن
يوقىتىشقا تىرىشىپ:

— ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشماڭلار، قازانغا چۈشكەن چۈمۈ-
لىدەك بولۇپ كېتىۋاتىسىلەر! ئۇ قايتىپ كەلگەنىكەن ئۆكۈنگە-
نىڭ ۋە پۇشايمان قىلغىنىڭ پايدىسى يوق، كېلەر قەدەمدە قانداق
قىلىمىز، بۇ توغرۇلۇق ئويلىنايلى! مېنىڭچە، يول ئۈستىدە
پايلاپ ياتقان دوستلىرىمىزغا تېزدىن كېمە ئەۋەتىپ، ساقلاپ
ياتماي چاپسان قايتىپ كېلىش توغرۇلۇق خەۋەر ئەۋەتەيلى،
ھەي، تىلىماكوس دېگەن بۇ بىر نېمىنىڭ سپارتادىن ئامان -
ئېسەن قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ھەقىقەتەن ئويلىماپتىمەن! —
دەپ ئەقىل كۆرسەتتى.

ئورىماكوس گەپ قىلىۋاتقان چاغدا، لايىق چۈشكەنلەرنىڭ
ئارىسىدىكى ئامفېنوموس ئىسىملىك بىرسى ئوردىنىڭ ئېگىز پە-
لەمپىيىدە تۇرۇپ، يىراقتا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان پورتقا قاراپ
تۇراتتى. ئۇ پايلاپ تۇرۇش ئۈچۈن كەتكەن كېمىنىڭ شامالدا

قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

— ئادەم ئەۋەتمەيلى،— دېدى ئۇ توۋلاپ تۇرۇپ،— ئۇلار قايتىپ كەلدى، كېلىۋاتقان كېمىدىكىلەر شۇ. ئۇ ئەبلەخلەر تازا يارىماس، كېرەكسىز بىر نېمىلەر ئىكەن، ئاغزىدىن ئانا سۈتى كەتمىگەن بىر سويمىنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپتۇ! ھىم، قارىغاندا ئۇ بالىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئۇلارغا تەڭرى يەتكۈزگەن ئوخشايدۇ.

بۇ بىر توپ شاللاق بەگزادىلەر بىر ـ بىرىگە گەپ بەرمەي ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، دېڭىز بويىغا بېرىشتى، قايتىپ كەلگەنلەر بىلەن جەم بولۇپ، تاقابىل تۇرۇش توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن بازارغا قاراپ يول ئېلىشتى. ئانتىنوس پايلاش ئۈچۈن بارغانلارنىڭ باشلىقى ئىدى، ئۇ خىجىل بولۇش تۈگۈل ئۆز ئادەملىرىنى ئاقلاپ:

— بۇ بىزنىڭ سەۋەنلىكىمىز ئەمەس، ئىشەنمىسەڭلار ئۇلاردىن سوراپ بېقىڭلار؟ بىز كۈندۈزى تاغ چوققىسىغا ئادەم قويۇپ



پايلاپ ياتتۇق، كېچىسى دېڭىزدا چارلاپ يۈردۇق، بىر كۆزىمىز-
نى ئوچۇق قويۇپ ئۇخلىدۇق! ئۇ هارامزادىنى ئۆلتۈرۈۋەتمەي
تۇرۇپ، هېلىقى تۇل خوتۇننى هېچكىم ئۆز ئەمرىگە ئالالمايدۇ.
بۇنى كىم بىلمەيدۇ. شۇڭا، بىز ئۇ بالىنى تۇتۇۋېلىپ، هېچكىم-
گە تۇيدۇرماي ئۆلتۈرۈش قەستىدە بولدۇق. ئەمما، ئۇ بۇرنىمىز-
نىڭ تېگىدىن قېچىپ كەتتى. بۇ شۇنداق ئېنىق ئىشكى، ئۇنى
جەزمەن تەڭرىلەر هىمايىسىگە ئالدى! بولمىسا بىز قانداقسىگە
ئۇنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرەلمەيمىز؟ ئەمدى قەتئىي نىيەتكە كەلمى-
سەك بولمايدىغان ئوخشايدۇ، ئەھۋال بىزگە بارغانسېرى پايدىسىز
بولۇۋاتىدۇ. ئۇ خەلقنى قوزغاپ بىزگە قارشى چىقىشقا قۇترىتسا،
چاتاقنىڭ چوڭى شۇ چاغدا چىقىدۇ! بىز خۇددى چوشقىلارغا
ئوخشاش چېگرىدىن هەيدىلىمىز، شۇنداق بولسا، ئالدىن قول
سېلىپ، تىلىماكوسنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ مال - مۈلكىنى تەق-
سىم قىلىۋەتكەن تۈزۈك. ئوردىنى ۋە پېنېلوپېنى ئۇنىڭ كەلگۈ-
سى كۈيۈۋسىگە قالدۇرۇش كېرەك. كۆپچىلىك بۇنداق قىلىشقا
قوشۇلمىسا، تىلىماكوسنى هايات قالدۇرۇپ، بۇ يەردە يەپ -
ئىچىپ يېتىۋەرمەي، ئۆيلىرىمىزگە قايتىپ كەتكىنىمىز خوپ.
شۇنىڭدا ئابرۇيىمىزنى ساقلاپ قالىمىز، خەتەرگە يولۇقمايمىز.
ناۋادا خانىشقا كىم توي قىلىش تەلىپىنى قويىدىكەن، شۇ ئۆيدىن
سوۋغا - سالام ئەكەلسۇن، كۈيۈۋنى پېنېلوپې ئۆزى تاللىسۇن.
كىم كۆپ مال - دۇنيا چىقارسا، ئامەت تەڭرىسى كىمنى ياخشى
كۆرسە، پېنېلوپېنى شۇ ئۆز ئەمرىگە ئالىدۇ، — دېدى.
ئانتىنوسنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، لايىق چۈشكەنلەر بىر -
بىرسىگە قارىشىپ، بىر قارارغا كېلەلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ
قېلىشتى. بۇ بىر توپ قاپ يۈرەكلەر قارىغۇنى ياردا قىستايدىغان
مەلئۇنلار ئىدى. ئۇلار ئۆز قىلمىشىنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى،
ئىش ئەپلەشمەي قالسا، ئەل - يۇرتنىڭ نەپرىتىنى قوزغاپ قويى-
دىغانلىقىنى بىلىشەتتى. شۇڭا، ئۇلارغا ئانتىنوسنىڭ تەكلىپىگە

بىر نېمە دېيىش تەس كېلىۋاتاتتى، كېيىن يەنە ئامفېنومۇس قىسقا يۆتىلىپ، گېلىنى قىرىپ تۇرۇپ:

— مېنىڭچە، كۆپچىلىك گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار، ھە...— ئۇنىڭ گەپنى ئوچۇق قىلغۇسى يوق ئىدى. ئۇ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ ھەم ئىككى يېنىغا قاراپ گېپىنى داۋام قىلدى، — بولمىسا، تەڭرىمىزدىن پەرمان تىلەيلى. تىلىماكوسنى ئۆلتۈ- رۈشكە تەڭرىمىز رازىمۇ ئەمەسمۇ، قاراپ باقايلى. بىلىشىمىز كېرەككى، تىلىماكوس پادىشاھ جەمەتىنىڭ ئەزاسى، ئودىسسۇس- نىڭ بىردىنبىر ئوغلى! ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولۇش گۇناھ بولۇپ ھېسابلىنامدۇ يوق؟ مۇشۇنداق قىلىشىمىزغا زېۋس قو-



شۇلسا، چاتاق يوق، بۇ ھەرىكەتكە قاتنىشىشقا مەن رازى، ناۋادا تەڭرى قوشۇلمىسا، ئانتىنوس كۆرسەتكەن چارىدىن ۋاز كېچەيلى.

ئىشلار ھەمىشە موشۇنداق بولىدۇ. كۆپچىلىك ئوبدانىراق ئامال تاپالمىغان چاغدا، ئەقلىگە مۇۋاپىق دەپ قارالغان باشقا بىر تەكلىپ قوبۇل قىلىنىشقا سازاۋەر بولىدۇ، لايىق چۈشكەنلەر ئۆز ئارا پاراڭلىشىپ، ئامفىنومۇسنىڭ پىكرىنى توغرا تاپتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار تىلىماكوسنى ئۆلتۈرۈش پىلانىنى ۋاقتىنچە تاشلاپ قويىدىغان بولۇشتى. مۇزاكىرە ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتكەنلىكتىن، بۇ بەگزادىلەر ئولتۇرالماي قېلىشتى، بەزىلىرى ئەسنىشىپ، ئۇخلىغىلى ھۇجرىلىرىغا كىرىپ كېتىشتى؛ بەزىلىرى ئۈچ - تۆتتىن بولۇپ، شاراب ئىچىپ مالىمانچىلىق چىقارغىلى مېڭىشتى. ئەلچى مېدون ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئارقا ھويلىغا چىقىپ، كېڭەشمىنىڭ ئەھۋالىنى خانىشقا دەپ قويدى. مېدون باشتىن - ئاياغ پېنېلوپې بىلەن مەخپىي ئالاقە باغلاپ كېلىۋاتاتتى، ئۇ خانىشنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، بايىقى خەۋەرنى ئۇنىڭغا يەتكۈزدى.

بىرسىنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان پېنېلوپې ئاچچىقلانغان ھەم جىددىلەشكەن ھالدا چۈمبىلىنى تارتىپ ھېچنېمىگە قارىماي ئارقا ھويلىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇ پادىشاھ ئوردىسى زالىغا كەلدى. زالدا ئانتىنوس يوغان كاسىدا شاراب ئىچىپ، ئاچ كۆزلەردەك گۆش يەپ ئولتۇراتتى. خانىش ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، تىترەڭگۇ ئاۋازدا ئۇنى غەزەپ بىلەن سۆكۈپ:

— ئانتىنوس، سەن ئادەم تېرىسىگە ئورۇنۇۋالغان چىلبۆرىدەكسەن! سېنىڭ ۋىجدانىڭ نەگە كەتتى؟ ئۇدىسسۇسنىڭ ئائىلەڭدىكىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقى ھېلىمۇ يادىڭدىمۇ؟ ئاتاڭ باشقا ئەلدە بۇلاڭچىلىق قىلغانلىقتىن، ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن كى-

شىلەر ئارقىسىن قوغلاپ كېلىۋاتقان چاغدا، ئوردىمىزغا قېچىپ كىرىۋالغان، بولمىسا ئۇ ئۆلۈم جازاسىغا ئۇچرايتتى. ئودىسسۇس ئۇنى ئېپقالغان، كەيىندىن قوغلاپ كەلگەنلەردىن ئاتاڭنى تىلەپ قالغان، ئۇلار شۇندىلا ئاتاڭنى قويۇپ بەرگەنىدى، — دېدى.

پېنېلوپې غەزەپ ـ نەپرىتىنى باسالماي قالدى، غەزەپ ئوت-لىرى يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى خۇددى چىڭقى چۈش مەزگىلىدىكى كۈن نۇرىدەك ئانتىنوسقا مىختەك قادالدى، ئۇ نائىلاج يۈزىنى باشقا ياققا بۇراپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى. پېنېلوپې ئانتىنوسنى توختىماي تىللاپ قارغىدى:



— سىلەرنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىڭلار نېمىدېگەن قەبىھ! بولۇپمۇ سېنىڭ، ئانتىنوس! سەن ۋاپاغا جاپا قىلدىڭ! ئودىسسېۇسنىڭ مال - مۈلكىنى بۇزۇپ - چېچىپ، ئەمدى ئۇنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرۈش قەستىگە چۈشۈپسەن! نېمىدېگەن نومۇسسىز، قارا يۈرەك ئادەمسەن! مېنىڭ ياتلىق بولغۇم يوق، ياتلىق بولغان تەقدىردىمۇ ساڭا ياتلىق بولمايمەن، قاراپ تۇر، زېۋسسېنى هامان بىر كۈنى جازالايدۇ!

ئانتىنوس قىزىرىپ - تاتىرىپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى؛ ئامفېنومۇس پېنېلوپېنىڭ نەزەرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، باشقا لايىق چۈشكەنلەرگە ئوخشاش تاتارغان هالدا ئولتۇراتتى. پەقەت تىلى بىلەن دىلى بىر دەك ئەمەس ساختىپەز ئورىماكوسلا جاۋىلداپ سۆزلەپ كەتتى. ئۇ ئەشنى يىغىشتۇرۇپ، جېدەلنى تىنجىتىدىغان ئەلپازدا شېرىن - شېكەر سۆزلىرى بىلەن پېنېلوپېنىڭ كۆڭلىنى ياساپ:

— ئوغلىڭىزنىڭ هاياتىدىن ئەنسىرىمەڭ، پېنېلوپې، بۇ يەردە مەن بار! مەنلا بولسام، ئوغلىڭىزغا هېچكىم «تاك» قىلىپ چېكەلمەيدۇ. ئودىسسېۇسنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق، ئۇ ماڭا يۇمشاق پىرەنىك بېرەتتى، مېنى تىزىغا ئېلىۋېلىپ ئوينىتاتتى. ئېيتىڭا، مەن ئودىسسېۇسنى ئۇنتۇپ قالالايمەنمۇ؟ مەن شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوغلىڭىزنى پۈتۈن كۆچۈم بىلەن قوغدايمەن، تېلىماكوسنىڭ بەختەرلىكىدىن ئەنسىرىمەڭ. ئۇ هەرگىز بىزنىڭ قولىمىزدا ئۆلمەيدۇ. ناۋادا تەڭرىنىڭ ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىش نىيىتى بولسا، ئۇ چاغدا بىزنىڭمۇ ئامالىمىز يوق! — دېدى.

— بەزىلەر كۆرۈنۈشتە شەپقەتلىك بولغان بىلەن، ئەمما ئۇلارنىڭ قەلبى رەزىل! — دېدى پېنېلوپې.

پېنېلوپې دەيدىغان گېپىنى دەپ بولۇپ، كەينىگە ئۆرۈلۈپلا ئارقا هويلىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ هەر قېتىم خورلۇق تارتقاندا،

ھوجرىسىنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ ھەسرەت بىلەن يىغلايتتى، بوگوند-
مو ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىدىن، تەقدىرىنىڭ كاجلىقىدىن ئاغرىنىپ،
قەھرىمان ئېرىنى بەكرەك ياد ئېتىپ يىغلاپ كەتتى.

شو تاپتا شەھەر سىرتىدىكى كەپىسىدە باشقىچە بىر مەنزىرە ھۆكۈم سۈرەتتى. دېڭىزغا پېتىۋاتقان كەچكى قۇياشنىڭ شەپەق نۇرلىرىدىن دېڭىز ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. كۈن بويى سو-كۇلداپ يۈرگەن بىر توپ چوشقىلار ئېغىنىشىپ ئۇيقۇغا كەتكەند-دى. ئۇچار قۇشلار كەينى - كەينىدىن ئۇۋۇلىرىغا قايتىشتى، يېشىل جىلغا بۆلەكچىلا تىنچلىنىپ قالغان، پەقەت كىچىك كەپد-دىلا جۇشقۇن ھايات داۋام قىلماقتا ئىدى، ئۈچ ئادەم جىنچىراغ يورۇقىدا بىر خىلدا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار قەلەندەر، تىلىماكوس ھەم ئومائوس ئىدى.

ئافېنا ئودىسسۇسنى يەنە قەلەندەر قىياپىتىگە كەلتۈرۈپ قويد-غاچقا، ئومائوس ئۇنى تونىيالمىدى. قەلەندەر كۆزلىرىنى قد-سىپ، ھاسىسىغا تايانغان ھالەتتە جىنچىراغقا قاراپ ئولتۇراتد-



تى. تىلىماكوس چوشقا باقارغا ئەنسىز قاراپ قوياتتى. ئاتا ـ
بالا ئىككىسى ئومائوسنىڭ شەھەردىكى ئىشلار توغرۇلۇق قىلىۋاتـ
قان گەپلىرىگە قۇلاق سالماقتا ئىدى. ئومائوسنىڭ گېپى تۈگىـ
گەندىن كېيىن، ئاتا ـ بالا ئىككىسى بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك
كۈلۈمسىرەپ قويۇشتى، بۇنى ئومائوس سەزمىدى.

تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ تىلىماكوس شەھەرگە جابدۇندى. ئۇ
ماڭغۇچە ئاتىسىنىڭ تەۋسىيىسى بويىچە ئىش قىلىشنى ئۇنتۇپ
قالمىدى. ئۇ چوشقا باقارنى چاقىرىپ، ئۆزىنى گويا تەڭلىكتە
قالغاندەك تۇتۇپ:

— بوۋاي، مېنىڭ ئۆزۈمگە تۇشلۇق غېمىم، ئۆزۈمگە تۇشـ
لۇق مۇشكۇلۇم بار، بۇ مۇساپىرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا
ئامالسىز مەن، جىمى ئالەمدىكى يۈكنى كۆتۈرۈپ كەتكۈچىلىكىم
يوق! شۇ تاپتا بېرىپ ئاپام بىلەن كۆرۈشۈشۈم كېرەك. بۇ بىچارە
بوۋاينى شەھەرگە سەن باشلاپ كىر، ئۇ ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ تىلەمـ
چىلىك قىلسۇن. قالغان ئىشنى تەڭرىم ئۆزى ئورۇنلاشتۇرىدۇ،
ناۋادا بوۋاي رازى بولمىسا ياكى ئۆزىنىڭ باشقىچە ئوي ـ خىيالى



بولسا، ئۇنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بەر! — دېدى.
ئودىسسۇس چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي، ئىچىدە ئوغلىنىڭ زېرەكلىكىدىن خۇرسەن بولدى. ئۇ ئومائوسنىڭ جاۋاب بېرىشىنى كۈتمەيلا ئۇنىڭ ئورنىدا:
— توغرا، يىگىت، سىزنىڭمۇ ئەھۋالىڭىز تازا ياخشى ئەمەس ئىكەن. ئۆز ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ! ھېلىمۇ ۋاپادار بالىكەنسىز، بالدۇرراق بېرىپ ئاپىڭىز بىلەن يۈز كۆرۈشۈڭ. سىز مېڭىۋېرىڭ، مەندىن غەم قىلماڭ، پۇتلىرىمنىڭ ھەر ھالدا ماغدۇرى بار، چاكارلىرىڭىزنىڭمۇ كۆڭلى ناھايىتى ئوبدان ئىكەن، ھالىمدىن ئۇلار خەۋەر ئالىدۇ، شەھەرگە سەل تۇرۇپ كىرىمەن، شەھەردە ئادەم كۆپ، ئاش - نان تىلىمەك ئاسانراق، لېكىن توڭلاپ تۇرۇۋاتىمەن. ئوچاق ئالدىدا ئازراق ئىسسىنىۋېلىپ، كۈن يەنە ئازراق كۆتۈرۈلگەندە، ئاندىن يولغا چىقايلى، — دېدى.
تىلىماكوس شەھەرگە كىرگەچ بازاردىن ئۆتتى، بازار بەك قايناق ئىدى، ئادەملەر ئۇچتىن - تۆتتىن بولۇشۇپ يۈرۈشەتتى، بەزىلەر سودا - سېتىق بىلەن، بەزىلەر قۇرۇق پاراڭ سېلىش بىلەن بەند ئىدى. چىرايىدىن نۇر ياغدۇرۇپ كېلىۋاتقان تىلىماكوسنى كۆرگەن كىشىلەر ھەيران بولۇشتى. ئۇ ئۆزۈن نەيزىسىنى كۆتۈرۈۋالغان، بىرنەچچە باتۇر ئىتنى ئەگەشتۈرۈۋالغانىدى، تۇرقىدىن باھادىرلارغا خاس غەيۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى، لايىق چۇشكەنلەر باشلىرىنى لىڭشىتىپ، ئۇنىڭغا قاراپ ئىگىلىشتى. ئۇلار تىلىماكوسنى ئۆلتۈرۈش قەستىدە يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا يەنىلا خۇشامەت قىلىشاتتى. تىلىماكوس ئۇلارغا پەرۋا قىلمىدى. ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىمۇ خالىمايتتى، ئاتىسىنىڭ قەدىناس دوستلىرى — مېنتور، ئانتىفۇس ۋە خالىتىرسلار بىلەن بىللە ئىدى.
پېنىلوپې ئوغلىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ دەرھال ئارقا ھويلىدىن چىقتى. ئۇ ئارتېمىستەك زىلۋا، ئافرودىتتەك

كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان قىياپەتتە ئىدى. ئۇ خۇشاللىقىدىن كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ئوغلىنى قۇچاقلىدى، پېشانىسىغا، چاچ-لىرىغا ۋە يەلكىلىرىگە سۆيۈپ كەتتى، ھاياجانلانغىنىدىن بوغۇ-لۇپ تۇرۇپ:

— مەن سېنى ئەمدى كۆرەلمەيدىغان بولدۇم دەپ ئويلىغان، جېنىم ئوغلۇم! تېزرەك دېگىن، ئاتاڭنىڭ قانداق خەۋىرىنى ئېلىپ كەلدىڭ؟ خوش خەۋەرمۇ ياكى شۇم خەۋەرمۇ؟ دېگىنە، ئوغلۇم! ئاڭلاشقا، ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىساممۇ، ھەرقانداق قىسمەتنى قوبۇل قىلىشقا تەييارمەن، — دېدى.

— ئاپا، ھەي، بىر - ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن سۆزلەپ بولغىلى بولمايدۇ! — دېدى تىلىماكوس چىرايىغا قايغۇلۇق تۈس بېرىپ. شۇ تاپتا كۆڭلى يايراپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن خۇشال-لىقىنى ئاپىسىدىن يوشۇرمىسا بولمايتتى، چۈنكى بۇ ئاتىسىنىڭ تەلىپى، ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى ئىدى. ئۇ مىسكىن تەلەپپۇزدا:

— مەن ئاۋۋال پىلوس بىلەن سپارتاغا باردىم. سپارتادا مېنېلائوس بىلەن ھېلېنىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتىم. ئۇلار ماڭا نۇرغۇن قىممەتلىك سوۋغىلارنى بەردى، بىراق ئاتام توغرۇلۇق ئېنىق بىر خەۋەرنى ئۇلارمۇ بىلمەيدىكەن. مېنېلائوس تەڭرىدىن ئازراق مىش - مىش گەپ ئاڭلاپتۇ، ئاتام ئوگوگىيە ئارىلىغا قامىلىپ قاپتۇدەك. كالوپسو ئۇنى ھېچ ياققا چىقارغۇز-مايدىكەن، ئۇنىڭ كېمىسىمۇ، كېمىچىسىمۇ بولمىغاچقا، قايتىپ كېلەلمەيۋاتقۇدەك، — دېدى.

بۇ چاغدا، تىلىماكوستىن پاناھلىق تىلىگەن بىر ھۆكۈما پېنېلوپېنىڭ كەيپسىز ھالىتىنى كۆرۈپ، دەل ۋاقتىدا تىلىما-كوسنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى - دە، خانىشنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، تىلىماكوسنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغانلىقىنى، ئودىس-سۇسنىڭ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ لايىق چۈش-كەنلەرنى پۈتۈنلەي يوقىتىش ئۈچۈن، پۇرسەت كۈتۈپ ياتقانلىقى-

نى ئېيتتى. ئەسلىدە بۇ گەپنى تىلىماكوس دېيىشى كېرەك
ئىدى، ھۆكۈماغا دېگۈزۈپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئاپىسىدىن يوشۇ-
رۇپ قالدى ھەم ئاپىسىغا ئۈمىد بەخش ئەتتى.

قەدىمكى زامانلاردىكى شەھەرلەر ئۆزىدە تەبىئىي شەكىللەن-
گەن ئالامەتلەرنى ئاشكارىلاپ تۇراتتى: قۇرام تاشلاردىن قوپۇرۇل-
غان كالتە سوقما تاملار، ئات ھارۋىلىرىنىڭ مېڭىشىدىن ھاسىل
بولغان كاتاڭ يوللار كۆزگە چېلىقاتتى. بىرەر ئات ياكى بىرەر
ئات ھارۋىسى ئۆتسە، كوچىدا توپا - چاڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى،
قوي پادىلىرى ئۆتسە، يەردىن كۆتۈرۈلگەن توپا - تۇمان ئەتراپنى
بىر ئالاتتى. پېنېلوپې ئوغلى ۋە ھۆكۈما پاراڭلىشىپ تۇرغان



ئەسنادا، شەھەرگە ھەيدەپ كېلىنگەن سېمىز بىر توپ قوي سۈ ئىچكىلى قۈدۈقتىن چىققان — سۈ ئېقىپ تۇرغان ئېرىق بويىغا كەلدى. پادىچى مېلانتۇس قۈدۈق تۈۋىدە غېمىدە يوق ئىسقىرتىپ، قامچىسىنى ئوينىتىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئىككى ياردەمچىسى داق يەردە ئولتۇرغىنىچە چۆپ يىلتىزىنى چايناۋاتاتتى.

گەرچە ئۇلارمۇ ئىشلەمچىلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئوماقۇسقا ئوخشىمايتتى. ئۇلار لايىق چۈشكەنلەرنىڭ پايدىسىنى كۆرگەنلىكتىن، شۇ ئەبلەخلەرنىڭ خىزمىتىنى بەجاندىل قىلىپ، ھەمىشە ئۆزىگە ئوخشاش يوقسۇللارنى بوزەك ئېتەتتى.

— ھوي، قاراڭلارچۇ! — دېدى زېرىكىپ ئولتۇرغان مېلانتۇس گويا ئاجايىپ بىر ئىشنى بايقىغاندەك ئىككى ياردەمچىسىگە كۆزلىرىنى قىسىپ قارىغىنىچە، ئۇلارغا يول بويلاپ كېلىۋاتقان ئىككى بوۋاينى كۆرسىتىپ!

— چوشقا باقار بىلەن قەلەندەر تېپىشىپتۇ، گويا دۆت چوشقا بىلەن دۆت چوشقا، مىرەز بىلەن توڭۇر تېپىشقاندەك!

— راست دەيسىز! — دېدى ئىككى ياردەمچىسى ئۇنىڭ گېپىنى ماقۇللاپ، ئۇ ئىككىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قەلەندەرنىڭ يانچۇقىنى بىشەملىك بىلەن ئاختۇردى.

— پاسكىنا قېرى، يانچۇقىڭدا نېمە بار؟ ئومائۇس ساڭا چوشقا تېرىسى بەردىمۇ؟

ھە؟ ھا، ھا، ھا! — ئۇلارنىڭ ھاياسىز كۈلكىلىرى ياۋا ئىتلارنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش يېقىمسىز ئىدى.

مېلانتۇس تېخىمۇ يولسىزلىق قىلدى، ئۇ ياۋاشنى بوزەك ئېتىدىغان، ياماندىن قورقىدىغان، لۈكچەكتەك كۆڭلىكىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋېتىپ، مالخىينى قىڭغىر كىيىپ دولىسى بىلەن قەلەندەرنىڭ ئالدىنى توسىدى. قامچىسى قەلەندەرنىڭ بۇرنىنىڭ تېگىدە ئويناپ، ئاغزىدىن سەت گەپلەر چىقىپ، شۆلگەيلىرى چاچراپ تۇراتتى. ئۇ قەلەندەرنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، ئۇنى ئۆكتەم-

لىك بىلەن تەپتى ۋە ھاقارەتلەپ تۇرۇپ:
— قەلەندەر، پاسكىنا قېرى، چوشقىچىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ نېمىلەرگە ئېرىشەرسەن؟ ئۇنىڭ ساڭا چوشقا مايىقى يېگۈزۈشنى تەمە قىلىپ يۈرەمسەن؟ ھا، ھا، ھا، — دېدى - دە، كەينىدىن تۇرغان ھەمراھلىرىغا قارىدى. ئۇچىلىسى تەڭلا ياۋايىلارچە قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى، — قانداق، بىز بىلەن ماڭامسەن؟ بىزگە قىغ تازىلىشىپ بەر! سوۋغا قىلىنغان ئازراق پىشلاققا ئېغىز تېگىپ قالىسەن، ئۇ چاغدا بۇنچىلىك بىچارە بولۇپ كەتمەيسەن!
ئۇنىڭ ئىككى ياردەمچىسىمۇ بىر - بىرسىگە گەپ بەرمەي، خوجايىنىغا بولۇشتى:
— شۇنداق قىل، قەلەندەر، تىلەمچىلىك قىلغىنىڭدىن ياخشى ئەمەسمۇ!
— قېرى قەلەندەر، بىزنى ئوبدانراق كۈت!
......
ئېغىر مۇشكۈلاتلارنى بېشىدىن تالاي ئۆتكۈزگەن ئودىسسۇسنىڭ قەلبىدە غەزەپ - نەپرەت يالقۇندەك لاۋۇلداشقا باشلىدى. ئۇ بىلىكىنى شىلتىسىلا مېلانتۇس قوپالماس بولۇپ قالاتتى. ئۇ بۇ ۋاپاسىز ئەبلەخلەرنى راسا ئەدەپلەپ قويۇشنى ئويلىدىيۇ، لېكىن چوڭ ئىشلار ئالدىدا تۆگمىدەك ئىشنى دەپ تۆگىدەك ئىشتىن قۇرۇق قېلىشنى خالىمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئاچچىقىنى زورىغا بېسىپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.
ئومائوس ئاچچىقىدىن ئۆتى يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدى، ئۇ ئاجىز بىر بەندىنى بوزەك قىلغانلىقى ئۈچۈن مېلانتۇسنى ئەيىبلىدى؛ ئۇلارنى يامانغا يانتاياق بولغۇچىلار، لايىق چۈشكەنلەرنىڭ يۈندىسىنى ئىچكۈچىلەر دەپ تىللىدى؛ ھامان بىر كۈنى جاجاڭلارنى يېگەيسىلەر، دەپ قارغىدى.
مۇتتەھەملىك قېنىغا سىڭىپ كەتكەن مېلانتۇس بۇ گەپلەرنى قېتىغىمۇ ئېلىپ قويمىدى. ئىزا تارتماستىن ھىيلىگەرلىك قى-

لىپ، تىلىماكوسقا ئەگەشسەڭ ياخشىلىق كۆرمەيسەن، كەلگۈ-
سىدە دوزاختا ئودىسسۇسنىڭ روھى بىلەن ئۇچراشقايسەن، دەپ
ئومائوسنى ئۇمۇ قارغىدى. ئۇ شۇنداق دېگەچ، شاراب ئىچمۋاتقان
ئورىماكوسنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن زىياپەتكە داخىل
بولدى، ئۇ لايىق چۇشكەنلەرنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى ئىدى.

كۆپ ئۆتمەستىن، ئىككى قېرىمۇ ئوردىنىڭ ئالدىغا يېتىپ
كەلدى. قەھرىمان ئۆزاق يىل ئايرىلىپ كەتكەن ئائىلىسىنى
كۆرۈپ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. بۇ يەردىكى تاش ۋە
ھەربىر پەلەمپەينى ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ياتقۇزغانىدى. بۇ
نەرسىلەر ئۇنىڭغا شۇنچىلىك يېقىملىق ھەم شۇنچىلىك تونۇش
ئىدى! ئودىسسۇس كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ ھەربىر ئېغىز ئۆينى
سىلاپ تۇرۇپ تېپىۋالاتتى.

ئىككى قېرى مەسلىھەتلىشىپ، ئومائوسنىڭ ئاۋۋال زالغا
كىرىپ ئەھۋال ئىگىلەپ باقىدىغان، ئودىسسۇس سىرتتا ئۇنى
ساقلاپ تۇرىدىغان بولدى.

ئۇ ھاسىسىنى تايىنىپ، ئوردىنىڭ ئەتراپىغا نەزەر سالدى.
ئۆزىگە تەۋە بولغان مۇستەھكەم قەلئەدىن ياتلار كىرىپ - چىقىپ
يۈرۈشەتتى، ئوردىدىن مەززىلىك كاۋاپ ھىدى تارقىلاتتى. مۇت-
تەھەملەر شاراب ئىچىشىپ، بەزمە قىلىشماقتا ئىدى. شۇ ئارد-
لىقتا ئۇنىڭ نەزەرى كۇن نۇرى بەكرەك چۈشكەن بىر جايدا
توختاپ قالدى. بىر پۈتىنىڭ تۈكلىرى چۈشۈپ كەتكەن بىر قېرى
ئىت شۇ يەردە سوزۇلۇپ ياتاتتى، ئودىسسۇسنىڭ كۆزلىرى چاق-
ناپ كەتتى، كۆز ئالدىدا ئۇنىڭ ئامراق ئىتى — ئارگوس ياتات-
تى! ئۇ قېرىپ، ئورۇقلاپ بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ
قالغان بولسىمۇ، ئودىسسۇس ئۆز ئىتىنى بىرلا قاراپ تونۇۋالدى.
چۈنكى ئارگوسنى ئۆزى باققان، ئۇنىڭدىن بىردەممۇ ئايرىلىپ
باققان ئەمەس ئىدى. مانا ئاردىن يىگىرمە يىل ئۆتۈپ كەتكەن،



ئىگىسى بولمىغاچقا، ئۇنىڭدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم قالمىغاندى. ئۇ ئۇنتۇلغان، ئۇستۇۋىشىغا چىۋىن ئولاشقان هالدا ياتقاندى.

ئودىسسۇس كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئامراق ئوۋ ئىتى ئارگوس ياتقان جايغا قاراپ ماڭدى. گەرچە ئودىسسۇسنىڭ قىياپىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئارگۇس خوجايىنىنىڭ ۋۇجۇدىدىن كېلىۋاتقان پۇراقتىن ئۇنى تونۇۋالدى. ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، ئۇ ئورنىدىن تۇرالمايتتى، ئىت ئۆزىنىڭ شۇنچىلىك ئاجىزلاپ كەتكىنىگە قارىماي، خوجايىنىنى تونۇۋالغانلىقىنى ئىپادىلەشكە تىرىشاتتى. ئۇنىڭ قۇلاقلىرى سالپايغان، جاراهەتكە تولغان قۇيرۇقىنى ئارانلا شىپاڭلىتاتتى. خۇدىسىز كۆزلىرىدىن پەرىشانلىق ۋە هەسرەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى؛ ئاغزىنى قىينىلىپ تۇرۇپ ئېچىپ، ئارانلا ئاڭلىغىلى بولىدىغان ئاۋازدا ئىڭرىدى. ئۇ شۇ تاپتا ئودىسسۇسقا دەردىنى ئېيتىپ «خوجايىن، سىلى ئاخىر كەلدىلە! سىلىنى قانچىلىك سېغىنغانلىقىمنى بىلەملا؟ ئائىلىلىرى مۇشۇنداق مالىمان بولۇپ كەتتى. بۇنىڭدىن بەك ئازابلىنىپ كەتتىم! ناۋادا هازىرمۇ بۇرۇنقىدەك قاۋۇل بولسام، رەهىم قىلماي ئېتىلىپ بارغىنىمچە لايىق چۈشكەنلەرنى كارنىيىدىن ئالغان بولاتتىم! ئەمدى قېرىدىم، مەندە ئارمان بار، دەرمان يوق، ئۆزلىرى بىلىلا، قەدىرلىك خوجايىنىم، ئىت قانچىلىك ئۇزاق ياشىيالايدۇ؟ يىگىرمە يىل ياشىيالايدۇ! يىگىرمە يىل ياشىدىم! مۇشۇ كەمگىچە جان تالىشىپ ياشاپ كەلدىم. بۇنىڭغا سىلىنىڭ غايىبانە قوللىشى سەۋەب بولدى! مانا سىلى قايتىپ كەلدىلە، ئەمدى خاتىرجەم كۆز يۇمۇمەن» دېگەندەك قىياپەتتە ئېچىنىشلىق تەلمۈردى…

ئىت ئاستا ـ ئاستا كۆزىنى يۇمدى، ئۇ بېشىنى ئودىسسۇسنىڭ ئايىغىغا قويۇپ، پۇتلىرىنى تۈپتۈز سۇنغىنىچە جان ئۈزدى.

ئودىسسۇسنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى، كۆڭ-
لىدە: ئارگوس، ياخشى ئىتىم ئارگوس! دېدى. ئارقىدىنلا خو-
جايىنغا سادىق بولۇشنى ئىت بىلگەن يەردە، نېمىشقا بىر قىسىم
چاكارلار ۋىجدانسىزلىق قىلىشىدۇ، ئارگوسقا ئوخشاش ۋاپادار
ئىتنى باققان تۈزۈك ئىكەن، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

ئونىنچى قىسىم

# بوزەك قىلىنىشقا يول قويۇلمىغانلىقى

رەت - رەت تىزىۋېتىلگەن شىرەلەرگە چۆرىدەپ قويۇلغان ئۇزۇن ئورۇندۇقلاردا لايىق چۇشكەنلەر پەۋەس ئولتۇرۇپ كېتىشكەنىدى. ئىسسىق هور ئۆرلەپ تۇرغان چوشقا ۋە قوي گۆشلىرى داستىخانغا كەينى - كەينىدىن كەلتۈرۈلۈۋاتاتتى. قاندەك قىپقىزىل شارابلا ئاچ كۆز ئېغىزلارغا قۇيۇلاتتى. قەدەھلەر بوشىغان هامان شاراب يەنە تولدۇرۇلۇپ قۇيۇلاتتى، يەنە بوشىسا يەنە تولدۇرۇلۇپ تۇراتتى. داستىخان ئۈستى غاجىلىنىپ تاشلانغان سۆڭەك ۋە قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان قاچا - قۇچىلار بىلەن تولغانىدى. چوشقىغا ئوخشاش بۇ ئادەملەرنىڭ ئاشقازانلىرىمۇ چوشقىنىڭ ئاشقازىنىغا ئوخشايتتى، ئۇلار هەدەپ ۋارقىراپ، تىنىم تاپماي ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن چاكارلارنى تائام كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيتتى.

زالغا يەنە بىر ئادەم كىردى، ئۇ تائام كۆتۈرگەن چاكار بولماستىن، بەلكى بىر قېرى قەلەندەر ئىدى. ئۇنىڭ قەلەندەر سياقىغا كىرىۋالغانلىقىنى هېچكىم بايقىيالمايتتى، چۈنكى يۇرۇش - تۇرۇشلىرى هەقىقىي قەلەندەرنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرىدىن قېلىشمايتتى.

تىلىماكوس بىلەن ئومائوس بىر يەردە ئولتۇراتتى، قەلەندەرنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرگەن تىلىماكوس سېۋەتتىن پۈتۈن ناندىن بىرنى ۋە يوغان بىر پارچە كاۋاپ گۆشىنى ئېلىپ چوشقا

باقارغا ئۇزىتىپ:

— چوشقا باقار بوۋاي، بۇنى ئاۋۇ مۇساپىرغا بەر! ئۇ خىجىل بولۇپ يۈرمىسۇن، تارتىنماي تىلەۋەرسۇن، كىمدىن تىلىگۈسى كەلسە، شۇنىڭدىن تىلىسە بولۇۋېرىدۇ،— دېدى.

ئودىسسۇس نان بىلەن گۆشنى قولىغا ئېلىپ، سەدىقە بەرگەن كىشىگە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى. ئۇ ئىككى قولىنى جۈپلەپ، ئېگىلىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئۇ نان بىلەن كاۋاپ گۆشنى يىرتىق خالتىغا سېلىپ، ناننى ئوشتۇپ، بىر پارچىنى ئىككى قوللاپ، ئوبدان چايناپ ئاستا يۇتتى. ئۇ باشقىلارغا ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئېسىل تائاملارنى ناگاندا بىر يەپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتاتتى.

چىلتاردىن چىقىۋاتقان شادلىق كۈيلىرى، غەزەلخانلارنىڭ خۇشناۋالىرى شاراب ئىچىۋاتقانلارنىڭ كۆلكە سادالىرىغا قوشۇلۇپ سورۇن جانلىنىپ كەتكەنىدى.

ئافېنا بۇ قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ زالدا يەنە پەيدا بولدى. ئۇنى ئودىسسۇستىن باشقا ھېچكىم كۆرەلمىدى.

— باتۇر ئودىسسۇس!— دېدى ئۇ ئودىسسۇسنىڭ قۇلىقىغا،— سىلى نېمىشقا ئوغۇللىرىنىڭ دېگىنىدەك قىلمايدىلا؟ بارسىلا، مۇشۇ پۈرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ لايىق چۈشكەنلەرنىڭ ئالدىغا بىر - بىرلەپ بارسىلا. شۇنداق قىلسىلا، ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ قوپال، قايسىسىنىڭ رەزىل ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايلا، ئانچە قوپال ئەمەسلىرىنى كېيىنرەك، رەھىمسىزلىرىنى ئاۋۋال جەھەننەمگە يوللاش كېرەك!

ئودىسسۇس ئافېنانىڭ تاپىلىشى بويىچە، گويا پىشقان قەلەندەردەك داستىخاندا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەر بىرىسىنىڭ ئالدىغا قولىنى سۇنۇپ باردى. ئۇلارنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمى قەلەندەرلەرگە خەيرخاھلىق قىلىشىپ، ئۇنىڭغا ئاز - تولا بىر نەرسە بەردى. ئۇلار قەلەندەردىن نەدىن كەلگەنلىكىنى سوراشتى، قوي-

چى مېلانتۇس لايىق چۈشكەنلەرگە ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، سورۇن ئەھلىگە قېرى قەلەندەرنى چوشقا باقارنىڭ باشلاپ كەل-گەنلىكىنى ئېيتتى. گەرچە ئۇ ئاز گەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بار ئىدى. قاراشلىرىدىن ئۆچمەنلىك چى-قىپ تۇراتتى، بۇنداق قۇتراتقۇ گەپنى ئاڭلىغان ئانتىنوس دەرغە-زەپكە كەلدى ـ دە، ئومائوسقا ۋارقىراپ:

— ھەي چوشقاباقار، سەن بەتبەخت قېرى ئىكەنسەن! نې-مىشقا ئۇنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلدىڭ؟ بۇ يەردىكى تەييار تاپلار ئازلىق قىلىۋاتامدۇ؟ ئارىمىزغا تەييار تاپتىن يەنە بىرنى قوشۇپ،



ئۇنى بىزگە ھەمتاۋاق قىلماقچىمىدىڭ؟ — دېدى.
ئومائوس ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ قالمىدى، بەلكى ئې-
غىر - بېسىقلىق بىلەن:
— ئانتىنوس، بۇ يەرنىڭ خوجايىنى پېنېلوپې بىلەن تىلىما-
كوس، سەن خوجايىن ئەمەس، — ئومائوس لايىق چۆشكەنلەرگە
بىر قۇر قارىۋېتىپ يەنە گېپىنى داۋام قىلدى، — قەلەندەر ئۆزى
كەلدى. ئۇنى ھېچكىم كۆتمىدى، ئۇنىڭغا يەيدىغان نەرسە بېرەم-
سىلەر - بەرمەمسىلەر، بۇ ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشى، لېكىن ئۇنى بۇ
يەردىن قوغلايدىغان ھېچكىمنىڭ ھەددى ئەمەس. ئۇنداق ھوقۇق
ھېچكىمدە يوق، چۈنكى خانىش بىلەن شاھزادە بار، ئودىسسۇس
ئائىلىسىنىڭ يوسۇنى تاشلىۋېتىلمىگەنىكەن، قەلەندەرنى قوغلاشقا
بولمايدۇ.
تىلىماكوس قەلبىگە زور پىلانلارنى پۈككەن بولغاچقا، ئور-
نىدىن دەس تۇرۇپ بۇ ئىشقا ئارىلاشتى. جىددىي توقۇنۇشنى
تىزگىنلەش، ۋەزىنى بار گەپنى قىلىپ ئۆزىنىڭ خوجايىنلىق
سالاھىيىتىنى بىلدۈرۈش، لايىق چۆشكەنلەرنىڭ مۆتتەھەملىك
قىلىشىغا يول قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشى توغرا
ئىدى. ئۇ:
— ئومائوس، ئۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن! قېرى -
چۈرىلەرنى بوزەك قىلىش ئۇنىڭ دائىملىق ئىشى. ساڭا شۇنى
ئېيتىپ قوياي، ئانتىنوس، سەن قەلەندەرنى قوغلىما، سېنىڭ
ماڭا ۋەكىللىك قىلىدىغان ھوقۇقۇڭ يوق! — دېدى.
ئانتىنوس ئۆزىنىڭ يولسىزلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇ-
رۇپ مۆتتەھەملىك قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئۇ ئاچچىقىنى قەلەندەر-
دىن چىقارماقچى بولۇپ، قەلەندەرنى تىرىكتاپ دېدى ۋە قولىغا
ئورۇندۇقنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ھەيۋە قىلدى. ئودىسسۇس بىچارە
قىياپەتكە كىرىپ، ئۆزىنىڭ مىسىردىن سىپروسقا، تروپادىن
ئىتاكىغا كەلگەنلىكىنى، يولدا جىق جاپا تارتقانلىقىنى، سەپەرد-

ىنىڭ ئاسانغا چۈشمىگەنلىكىنى دېگەچ، تىلەمچىلىك قىلدى، ئول-
تۇرغانلارنىڭ بىر بۇردا نان بېرىشىنى تىلەپ، ئۇلاردىن شەپقەت
كۈتتى.

ئانتىنوس رەھىم - شەپقەت قىلىش بۇياقتا تۇرسۇن، زەھەر
خەندىلىك بىلەن:

— بۈگۈن تازىمۇ نەس باسقان كۈن بولدى! مەن بىلەن
قېرىشىۋاتقان قايسى تەڭرى بۇ ئاچ كۆز قەلەندەرنى بۇ يەرگە
ئەكېلىپ قويغاندۇ؟ يوقال، مەندىن يىراق تۇر! بولمىسا، مې-



گەڭنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋېتىپ، سېنى باشقىدىن مىسىر بىلەن
سىپروسقا ئاپىرىۋېتىمەن! — دېدى ـ دە، قولىدىكى ئورۇندۇقنى
ئودىسسېۇسقا قارىتىپ ئاتتى. ئورۇندۇق ئۇنىڭغا تاشقا ئۇرۇلغان
تۇخۇمدەك بىلىندى، ئۇ تەمكىن هالدا دەلدەڭشىپ مېڭىپ، ئانـ
تىنوسنىڭ هەددىدىن بەكمۇ ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن نارازى بولـ
دى. ئاندىن ئىشىك تۇۋىگە قاراپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئانتىـ
نوسنى قانداق جايلاش توغرۇلۇق خىياللار كېزەتتى. هەرىكەت
باشلانسىلا، بۇ ئەبلەخ بىرىنچى بولۇپ ئۆز جازاسىنى تارتاتتى.
ئۇ ئىشىك تۇۋىگە كېلىپ، نان بىلەن توشقان يىرتىق خالتىـ
نى يەرگە قويدى ـ دە، باشقىلارغا قاراپ ئانتىنوسنى سۆكتى.
ئانتىنوس چىچاڭشىپ، كارنىيى يىرتىلىپ كەتكۈدەك ئاۋازدا:
— ئاغزىڭنى يۇم، قەلەندەر! خالتاڭدىكى نېسىۋەڭنى يە!
مۇشۇنداق كاپشىۋەرسەڭ، سېنى سىرتقا سۆرەپ ئاچىقىپ، تېـ
رەڭنى تەتۈر سويۇۋالىمەن! — دېدى.
ئۇ مۇتتەهەملىكنى چېكىدىن ئاشۇرىۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلىـ
قى باشقا لايىق چۈشكەنلەرنىڭ كۆزىگە سىغمىدى، بەزىلەر قەلەنـ
دەرنى ئورۇندۇق بىلەن ئۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ تەڭرىلەرنىڭ
جازاسىغا ئۇچرايدۇ، دېيىشتى. ئاتىسىنىڭ هاقارەتلەنگەنلىكىنى
كۆرۈپ تىلىماكوس غەزەپلەندى. ئاتىسىنىڭ سالاهىيىتىنى ئاشـ
كارىلاپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇنىڭغا سۈكۈت قىلماقتىن ئۆزگە
ئامال يوق ئىدى.
زالدىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئارقا هويلىغا ئاڭلاندى. پېنېلوپې
دېرىزىنىڭ يېنىغا كېلىپ، زالدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى كۆزەتـ
تى. ئۇنىڭ قەلەندەرگە هېسداشلىقى قوزغالدى ـ دە، ئومائوسنى
چاقىرىپ ئۇنىڭغا:
— ئۇ بەك بىچارە قەلەندەر ئىكەن، هەممە يەردە سەرسان
بولۇپ يۈرگەندەك قىلىدۇ، جەزمەن نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىدۇ.
ئېرىمنىڭ دېرىكىنىمۇ بىلىشى مۇمكىن، ئۇنى چاقىرىپ كەل،

ئۇنىڭ ئاغزىدىن گەپ ئېلىپ باقاي، — دېدى.

— توغرا، خانىش! — دېدى ئومائوس، — ئۇ ئۆزىنىڭ ئودىسسۇسنى كۆرگەنلىكىنى دېگەن، ئاتىنوس چىشىغا تەگمىگەن بولسا، ئۇ كۆپ ئىشلارنى دېگەن بولاتتى...

— ئەمىسە ئۇنى چاقىقان چاقىر! — دېدى پېنېلوپې ھاياجانلىنىپ، ئۇ ئېرىنىڭ دېرىكىنى دەرھال بىلىشكە تەقەززا ئىدى.

ئومائوس خانىشنىڭ گېپىنى قەلەندەرگە يەتكۈزدى، قەلەندەر شۇئان ماقۇل بولمىدى. ئۇ سەل ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن ئومائوسقا:

— بوۋاي، خانىشقا ئودىسسۇس توغرۇلۇق كۆپ نەرسىلەرنى ئېيتىپ بەرگۈم بار، مەن ئودىسسۇس توغرۇلۇق جىق نەرسىلەرنى بىلىمەن. لېكىن، لايىق چۇشكەنلەرنىڭ قىلمىشلىرىدىن كۆڭلۈم يەنىلا دەككە - دۈككىدە... ھېلىقى ئورۇندۇق... يەلكەمگە تەگدى... مېنىڭچە... خانىشنىڭكىگە كۈن ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشكەندە باراي. شۇنداق قىلسام، ئۆزۈممۇ سەل خاتىرجەم بولۇپ قالىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كەچ قالغاندا، ئىسسىق مەش يېنىدا ئولتۇرۇپ، خانىشقا نۇرغۇن ئىشلارنى ئېيتىپ بېرەي، — دېدى.

پېنېلوپې قەلەندەرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، توغرا تاپتى. ئۇ سەۋر - تاقەت بىلەن كەچ كىرىشنى كۈتۈش قارارىغا كەلدى.

كونىلاردا: ئوخشاش كەسپتىكىلەر بىر - بىرىگە ئىچى تارلىق قىلىدۇ دەيدىغان گەپ بار. بۇ دېگەنلىك ئوخشاش بىر خىل ئىش قىلغۇچىلار سودىنى ۋە پايدىنى تالىشىپ، ئۆزئارا زىددىيەتلىشىدۇ، بىر - بىرىگە ئورا كولايدۇ، بىر - بىرى بىلەن پۇت تېپىشىدۇ، دېگەنلىك. قېرى قەلەندەر ئىتاكېغا كېلىپ ئۆزىدەك بىر قەلەندەرنىڭ ئىچى تارلىقىنى كەلتۈرۈپ قويدى.

ئوردىغا يەنە بىر قەلەندەر كەلدى، ئۇ قارنى يامانلىقتا داڭق چىقارغان، بويى ئېگىز ھەم بەستلىك ئادەم ئىدى. بۇلجۇڭ

گۆشلىرى بوش ھەم كۈچسىز ئىدى. ئۇنى كىشىلەر ئىرۇس دەپ چاقىرىشاتتى. ئۇ شەھەرگە ياقا يۇرتلۇق بىر قەلەندەرنىڭ كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆزى دائىم كىرىپ ـ چىقىپ تۇرىدىغان مېھمانخانا زالىدا تىلەمچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، غۇزژىدە ئاچچىقى كەلدى ـ دە، ھاسىراپ ـ ھۆمىدەپ ئوردىغا يېتىپ كەلدى.

— ھەي، قېرى، تېز يوقال! كىم سېنى مەن تىلەمچىلىك قىلىدىغان يەرگە كىر دېدى؟ بىلىپ قوي، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى تونۇيمەن، ئۇلار ماڭا مايىل! لايىق چۈشكەنلەرنىڭ ماڭا قاراپ كۆز قىسىشىۋاتقانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۆزۈڭنى بىلىپ دەرھال يوقال! سېنى دۇمبالىغان پېتى ئوردىدىن سۆرەپ چىقىرىۋەتمەي يەنە! — دېدى.

ئودىسسۇس ئۇنىڭغا ھومىيىپ قاراپ مەنسىتمىگەن ھالدا:

— دوستۇم، ئىككىمىز قەلەندەر ئىكەنمىز، بۇنداق جېدەل قىلىشىمىزنىڭ نېمە ھاجىتى، بۇ يەردە كىملا بولسا تىلەمچىلىك قىلسا بولۇۋېرىدىغۇ! سەن ماڭا ھەسەت قىلما، مەنمۇ سېنى يەكلىمەي، لېكىن ماڭا تاپا قىلما، خىرىسمۇ قىلما، مەن ياشىنىپ قالدىم. لېكىن، كۈچۈمدىن قالغىنىم يوق، سېنى ئۇرۇپ ئورنىڭدىن قوپالماس قىلىۋەتمەي يەنە! — دېدى.

ئودىسسۇسنىڭ گېپى ئۇنىڭ جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. بۇ دارازا قەلەندەر چۇقان كۆتۈرۈپ ئودىسسۇسنىڭ بۇرنىغا نوقىدى ۋە:

— قېرى ئەبلەخ، لاپ ئېتىشقا نېمە ھەددىڭ؟ مەن سېنىڭدىن جىق ياش، تۇتۇشۇپ باقامدۇق يا، بىر يۇتۇم شاراب ئىچكەن ئارىلىقتا، ئىككى قولۇم بىلەن مۇشت ئېتىپ، چىشلىرىڭنى خۇددى قوناقنىڭ دانلىرىنى تۆككەندەك تۆكۈۋېتىمەن، — دېدى.

لايىق چۈشكەنلەر بۇ ئىككى قەلەندەرنىڭ جېدىلىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى ـ دە، ئوتنىڭ ئۈستىگە

ياغ چېچىپ، جېدەلنى ئۇلغايتىۋەتتى. ئانتىنوس ئىككى قەلەنـ
دەرنىڭ تۇتۇشماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ داستىخاندىكى تائام ۋە
شارابنى كۆرسىتىپ:

— گېپىمگە قۇلاق سېلىش، ئىككى قەلەندەر، كاۋاپ قىـ
لىنغان ماۋۇ سېمىز قوي قېرىنىنى كۆردۇڭلارمۇ؟ بۇ يەڭگۈچىگە
بېرىلىدىغان مۇكاپات. كىم يېڭىۋالسا، كاۋاپ قىلىنغان ماۋۇ
قوي قېرىنى شۇنىڭ بولىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ زالغا تىلەمچىـ
لىك قىلغىلى شۇ كېلىدۇ، — دېدى.

بۇ تەكلىپكە باشقا لايىق چۇشكەنلەرمۇ قىزىقىپ قېلىشتى،
بۇ ئېلىشىش ئۇلارغا قىزىق تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇلار كەينى ـ



كەينىدىن جور تارتىشىپ، ئېلىشىشىنىڭ بالدۇرراق باشلىنىشى ئۈچۈن ئوتقۇير ۇقلۇق قىلىشتى. ئودىسسۇس باشتىلا ھېچكىمنىڭ بىر تەرەپكە يان باسماسلىقىنى ئەسكەرتىپ قويدى. كۆپچىلىك بۇنداق بىر قېرىنىڭ يېڭىپ چىقالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئىككىلەنمەيلا ئۇنىڭغا ماقۇل بولۇشتى، تىلىماكوس مۇشۇ پۇر-سەتتە ئورنىدىن تۇرۇپ، كىم بىر تەرەپكە يان باسسا، شۇنىڭ بىلەن ھېسابلىشىدىغانلىقى توغرۇلۇق بايانات ئېلان قىلدى، بۇ-نىڭغا لايىق چۈشكەنلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك قوشۇلۇشتى.

شۇ تاپتا ئودىسسۇس ئۈچىسىدىن جۇل - جۇل كىيىملىرىنى سالدى، ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كەڭ كۆكرىكىنى، يوغان بىلەكلىرىنى ھەم بۇلجۇڭ گۆشكە تولغان پاقالچاقلىرىنى كۆردى، ئافېنا ئۇنى ئەسلىدىكىدىنمۇ بەستلىك قىلىۋەتكەنىدى.

قەلەندەرنىڭ بەستىنى كۆرگەن لايىق چۈشكەنلەر ھەيران بولۇپ بىر - بىرى بىلەن كۇسۇرلىشىپ كېتىشتى. جۇل - جۇل كىيىم كىيگەن بۇ قېرىنىڭ بۇنچىلىك بەستلىك ئىكەنلىكىنى ئۇلار ھەرگىزمۇ خىيالىغا كەلتۈرۈپ قويمىغانىدى. ئۇلار ئىختى-يارسىز ئىرۇسنىڭ تارتقۇلۇقى بارئىكەن! دەپ ئويلاشتى. ئى-رۇسمۇ ئۆزىنىڭ خىرىس قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ قالدى، ئۇنىڭ پۇتلىرى توختىماي تىترەپ كەتتى، ئانتىنوس بۇنداق بولارىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇ ئىرۇسنىڭ قەلەندەرنىڭ راسا بىر دەككىسىنى بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئۈچىنى ئېلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلغانىدى. ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىنى كۆرۈپ، ئانتىنوس شۇئان ئېلىشىشنىڭ نەتىجىسىنى مۆلچەرلەپ بولدى، لېكىن ئەمدى ئامال يوق. تىلىماكوسنىڭ پىكرىگە ھەممەيلەن قوشۇلغان، ئانتىنوس ئاچچىقىنى ئىرۇستىن چىقاردى. ئۇ:

— ھوي پوچى ئېيىق، سەن تازا يارىماس نېمىكەنسەن! بىر قېرىنىڭ ئالدىدا لاغىلداپ تىترەپ تۇرسىنا! — دەپ تىللىدى ئىرۇسنى.

ئانتىنوس جىلى بولغانسېرى، ئېرۇس بەكلا قورقۇپ كېتىد-
ۋاتاتتى. لېكىن، چاكارلارنىڭ بۇنىڭ بىلەن نېمە كارى. ئۇلار
«باشلاندى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا، ئېرۇسنى ئالدىغا چىقىرىپ
قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى قەلەندەر ئېلىشىشقا چۈشتى.

بۇ بىچارە ئەبلەخ بىر مۇشتقا يارىمايتتى. بۇ ئودىسسۇسقا
ئايان ئىدى، ئۇ ئېرۇسنى بىرلا پەشۋا بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتەيمۇ ياكى
ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ قويايمۇ دەپ ئويلىدى. لايىق چۈش-
كەنلەرگە ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى كىشى ئەمەسلىكىدىن گۇمانلاندۇ-
رۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئېرۇسنى ئازراق چۆچۈتۈپ قويۇش
كېرەكلىكىنى لايىق تاپتى. شۇڭا، ئودىسسۇس ئاۋۋال ئېرۇس
ئۇنىڭ ئوڭ مۈرىسىگە ئۇرغۇچە جىم تۇردى، ئاندىن ئېرۇسنىڭ
ئاجىزلىقىدىن پېشانىسىگە مۇشت بىلەن بىرنى ئۇرۇۋېدى، رەقى-
بىنىڭ باش سۆڭىكى سۇنۇپ كەتتى. ئېرۇس «ۋايجان» دېگىنى-
چە كەينىگە ئۇچۇپ چۈشتى. شۇ تاپتا ئۇ بېشىنى چاڭگاللاپ يەردە
دومىلايتتى، بېشى يېرىلىپ كەتكەندەك ئاغرىپ كېتىۋاتماقتا ئى-
دى.

لايىق چۈشكەنلەر چاۋاك چېلىشىپ، بارىكاللا ئېيتىشىپ
كەتتى. ئودىسسۇس ئۇنى سۆرەپ ئىشىكتىن ئاچىقىپ، ئوردىنىڭ
سىرتىدىكى تامنىڭ تۈۋىگە يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

— مۇشۇ يەردە ياراڭنى داۋالات، دارازا قەلەندەر! — دېدى
ئۇنىڭغا ئودىسسۇس مەسخىرە تەلەپپۇزدا، — سېنى ئاياپ قوي-
دۇم. كاللاڭنى سىلكىۋېتىپ ياشا، بۇنىڭدىن كېيىن ئاجىزلارنى
بوزەك قىلغۇچى بولما.

ئودىسسۇسنىڭ غەلىبىسى لايىق چۈشكەنلەرگە قاتتىق تەسىر
قىلدى. ئېلىشىش ئادىل ئېلىپ بېرىلغاچقا، ھېچكىم ئۇنىڭدىن
قۇسۇر تاپالمىدى. شۇڭا، ئىشلار باشتا دېيىلگەن بويىچە ئەمەلىي-
لەشتۈرۈلدى. ئانتىنوس ئۇنىڭغا قېرىن كاۋىپىنى بەردى، ئامفې-
نومۇس ئودىسسۇسقا ئىككى نان بېرىپ، شاراب توشقۇزۇلغان

قەدەھ سۇندى.

— تەبرىكلەيمەن سىزنى، مۇساپىر! بۈنىڭدىن كېيىن تويغۇدەك تاماق يېيىشىڭنى، سالامەت بولۇشۇڭنى، ئۆز ۋەتىنىڭنى كۆرۈشۈڭنى تىلەيمەن! — دېدى.

ئودىسسېئۇس قولىغا شارابنى ئېلىپ، ئامفىنومۇسنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ، چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ:

— ئامفىنومۇس، گەپ - سۆزلىرىڭىزگە قارىغاندا ئاقىلانە ئادەمدەك قىلىسىز، ئاتىڭىزمۇ مەشھۇر ئادەملەردىن بولسا كېرەك. مېنى ۋات - ۋات قىلىشقا ئۇنداق دېمىسىڭىز، سىزگە ئازراق نەسىھەت قىلىپ قوياي! ئادەم دېگەن مەخلۇقنىڭ جېنى ئاجىز، بىر پەشۋاغا يارىمايدۇ. بۇ مېنىڭ ئۇزاق يىللىق تەجرىبەم. ئۆتمۈشتە مەنمۇ قىرانلىقىمغا تايىنىپ، نۇرغۇن نامۇۋاپىق ئىشلارنى قىلغان. مانا ھازىر ئەقلىمنى تاپتىم. شۇڭا، ھەممە ئادەمنى ھەرقانداق چاغدا قائىدە - يوسۇنلارغا ئەمەل قىلىپ، شۈكۈر - قانائەت بىلەن ياشاپ، ئۆزىگە تەۋە بولمىغان نەرسىلەرگە چېقىلماسلىققا دالالەت قىلىمەن. سىلەرنىڭ قىلغىنىڭلار تولىمۇ يولسىزلىق. لايىق چوشكەنلەر باشقىلارنىڭ ئۆيىدە خالىغانچە ئەسكىلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈۋاتىدۇ. ئۆلۈك، تىرىكى نامەلۇم بولغان قەھرىماننىڭ خوتۇنىنى ئەمرىگە ئالماقچى بولۇشۇۋاتىدۇ. ئېيتىڭە، مۇشۇنداق بولسا توغرا بولامدۇ؟ ئويلاپ باقتىڭىزمۇ، ئېرى قايتىپ كەلسە قانداق قىلىسىلەر؟ ئۇنىڭ پەقەت ئىز - دېرىكى ئېنىق ئەمەسقۇ! بەلكىم، ئۇ سەپەر ئۈستىدىدۇر، بەلكىم ئۇ مۇشۇ يەردىدۇر، سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولسام، ئامفىنومۇس، ئۇنىڭ ئېرى كەلگۈچە بۇ يەردىن كەتكەن بولاتتىم، — دېدى - دە، قولىدىكى شارابنى بىراقلا ئىچىۋەتتى.

ئامفىنومۇس بۇ گەپنى ئاڭلاپ، كۆڭۈلسىز بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى پەملەپ قالدى. ئۇ بېشىنى سىلىپ، ئويغا

چۆمگىنىچە، كۆڭلى غەش هالدا زالدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ خاتا
قىلغانلىقىنى هېس قىلدى، لېكىن تۈزىتىشنى خالىمىدى. ئو-
دىسسۇسىنىڭ ئۆيىدە بۇرۇنقىدەك تۇرۇۋەردى، خاتالىقىنى بىلىپ
تۇرۇپ تۈزەتمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ يەنىلا تېگىشلىك جازادىن
قۇتۇلالمىدى.

## ئون بىرىنچى قىسسە

# ئارقا - ئارقىدىن خورلۇققا ئۇچرىغانلىقى

پېنېلوپې قاراڭغۇ چۈشۈشنى سەۋر - تاقەت بىلەن كۈتۈش قارارىغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن زالدا كەينى - كەينىدىن يۈز بەرگەن ئىشلاردىن بەك خاتىرجەمسىزلەندى. ئاخىر بولماي، زالغا بېرىش، زالدا ئۆز پىكرىنى بايان قىلىش نىيىتىگە كەلدى. ئەسلىدە، ئۇ ئافېنانىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن مۇشۇ ئىشقا بەل باغلىغانىدى. تەڭرىچە ئۇنى مەقسەتلىك خاتىرجەمسىزلەندۈرۈپ، ئوغلى بىلەن ئېرىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ سەمىمىي ۋە ساداقەتمەنلىكىنى ئىزهار قىلىشقا ئۈندىگەنىدى.

بىر ئايال چاكار ئۇنى ياسىنىشقا دەۋەت قىلدى، ئەمما پېنېلوپېنىڭ رايى بارمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ گۈلدەك چىرايلىق رۇخسارىنى ئودىسسۇسقىلا كۆرسىتىدىغانلىقىنى، ئېرى كەتكەندىن كېيىن چىرايىنىڭ سولىشىپ كەتكەنلىكىنى، پەردازغا رايى قالمىغانلىقىنى دەپ تۇرۇۋالدى. ئەمما، ئۇنى ئافېنا پەردازلاپ قويدى، ئۇ ماڭغانسېرى چىرايلىقلىشىپ كېتىۋاتاتتى: غۇنچە بوي، جەلپكار، بەدىنى پىل چىشىدەك ئاپئاق ئىدى.

پېنېلوپې زالنىڭ ئىشكى ئالدىدا توختىدى، كەينىدە ئىككى دېدەكى بار ئىدى. ئۇنىڭ گۈلدەك چىرايلىق ھۆسن - جامالى چۈمپەردىدىن نۇر چېچىپ تۇراتتى، لايىق چۈشكەنلەر ئۇنىڭ گۈزەل رۇخسارىغا مەپتۇن بولۇپ، ئۇنى ئەمرىگە ئېلىشقا ئىنتىزار بولۇپ كېتىشتى. پېنېلوپې ھېچكىمگە نەزەر كۆزىنى سال-

ماي، ئوغلىغا قاراپ:
— تىلىماكوس، سەن مېنى نائۈمىد قىلىپ قويـ
دۇڭ! — دېدى كايىش تەلەپپۇزىدا، — مەن ساڭا ئادەملەرگە
قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆگەتكەن ئەمەسمىدىم؟
نېمىشقا ياخشى بىلەن ياماننى، ھەق - ناھەقنى پەرقلەندۈرمەيـ
سەن؟ بىر توپ ئادەم بىر مۇساپىرنى بوزەك تېپىۋاتسا، مەسخىـ
رە، ھاقارەت قىلىۋاتسا، سەن قول قوشتۇرۇپ ئولتۇرساڭ قانـ
داقمۇ ئودىسسۇسنىڭ ئوغلى بولىسەن؟ كىچىكىڭدە سەندە ئاز -
تولا ھەققانىيەت تۇيغۇسى بار ئىدى، ئەمدى چوڭ بولۇۋېلىپ،
يامان ئادەملەر بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ يۈرەمسەن؟

تىلىماكوس ئاپىسىنىڭ ئۆزىنى خاتا چۈشىنىپ قالغانلىقىدىن
دىلى پۇچۇلاندى. ئۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى ئوچۇق دېيەلمەيتتى. ئاخىر
ئاپىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ خاتالىقىنى بويىنىغا ئالدى. ئۆزىنىڭ
كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلىقىنى،
ئادىمى كۆپ ھەم كۈچى زور لايىق چۈشكەنلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆزدـ
ىنىڭ ئۇنچىلىك چوڭ رول ئوينىيالمايدىغانلىقىنى ئاپىسىغا دېدى.
ئاپىسى ئارقا ھويلىغا پاتراق كىرىپ كېتىشكە دالالەت قىلدى
ۋە ئۇنىڭغا: قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى كۆڭلىدە بىلىدىغانلىقىـ
نى ئېيتتى. ئۇ بۇ گەپلەرنى ئاپىسىغا باشقىلار ئاڭلاپ قالمىسۇن
دەپ پەس ئاۋازدا قىلدى.

لايىق چۈشكەنلەرنىڭ بىرەر ئېغىز بولسىمۇ پېنېلوپې بىلەن
پاراڭ قىلىشقۇسى بار ئىدى، لېكىن پېنېلوپې ئىمكان بار ئۇلارـ
دىن ئۆزىنى قاچۇردى. ھېلىگەر ئورىماكوس يۈزىنى داپتەك
قىلىپ قائىدە - يوسۇنىمۇ بىر ياققا قايرىپ قويۇپ ئۇنىڭغا گەپ
تاشلىدى:

— خانىش پېنېلوپې، پۇتكۇل ئىتاكىدا سىلىنىڭ ئالدىلىرىـ
غا ئۆتىدىغان ساھىبجامال ئايالنى تاپقىلى بولمايدۇ! ئاكىيالىقلار
شۇ تاپتا سىلىنى كۆرسە، تېخىمۇ كۆپلىرى لايىق چۈشۈشى



مۆمكىن. ھەممە ئادەم سىلىگە ئىنتىزار، ھەممە ئادەمنىڭ سىلى-
نى ئۆز ئەمرىگە ئالغۇسى كېلىدۇ. چۈنكى ئايدەك چىرايلىرى،
ئۆتكۈر ئەقىل - پاراسەتلىرى بىلەن بىزنى ئۆزلىرىگە شەيدائىي
ئەسىر قىلىۋالدىلا — دېدى.

چېچەن پېنېلوپې:

— مېنى مەيلى قانچىلىك ماختاڭلار، ئايدەك جامالىم ۋە
غۇنچىدەك بويۇم ھېچقايسىڭلارغا مەنسۇپ ئەمەس. ئېرىم ئودىس-
سۇس يىراقتا — جەڭگە كەتكەندىن بېرى، مەن ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ
ئارتۇقچىلىقلىرىمنى قۇتىغا يوشۇرۇپ قويۇلغان ئۈنچە - مەرۋا-
يىتتەك يوشۇرۇپ ساقلاپ كېلىۋاتىمەن. ئودىسسۇس قايتىپ كەل-



سىلە، گۈزەل ناملارنى ئاندىن قوبۇل قىلىمەن، مېنىڭ قانچىلىك قايغۇلۇق ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىمنى بىلىسىلەر. ئودىسسۇس ماڭار چېغىدا يامانلىقنىڭ كۆپ، ياخشىلىقنىڭ ئاز بولىدىغانلىقىنى پەملىگەن. ئۇ ماڭا: ئاكىيا خەلقى چىقىم تارتماي تۇرۇپ قايتىپ كېلەلمەيدۇ. تروياىلىقلار باتۇر ئىكەن، ئۇلار نەيزە ئېتىش، ئوق - يادىن ئوق ئۈزۈش، ھارۋىدا يۈرۈپ جەڭ قىلىشقا ماھىر ئىكەن. تىرىك قايتىپ كېلەلەيدىغانلىقىمغا بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. ئۆي ساڭا قالدى، ئاتا - ئانامنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئال، ئوغلۇمنى ئوبدان تەربىيىلە، ناۋادا بىرەر بەختسىزلىككە ئۇچراپ قالسام، ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭغا تېگىپ، ئۆيدىن كەتسەڭ بولىدۇ، دېگەن. بولار ئىش بولدى، ئىشلار دېمىسىمۇ ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولىدىغان ئوخشايدۇ، لېكىن مال - مۈلۈكنى قوغداش ئۈچۈن، مەن قوبۇل قىلىشنى خالىمىغان نىكاھ ئاخىر يېتىپ كەلدى. چۈنكى تەڭرى مەندىن ئېرىمنى، بەختىمنى تارتىۋالدى. سىلەرنىڭ بۇ يەردە قىلغان - ئەتكىنىڭلار توي قىلىش يوسۇنىغا خىلاپ بولۇپلا قالماي، بەلكى يولسىزلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نىكاھ دېگەن خۇشاللىق ئىش، توي قىلىش تەكلىپىنى بۇنداق قويۇشتىن قورقۇپ قېلىۋاتىمەن. شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى، ئاراڭلاردا كىم دۇرۇس ئادەم؟ ئەگەر بىر كىشى داڭلىق ئائىلىدىن چىققان ئايالنى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولسا، يېڭى كېلىنگە قىممەت باھالىق سوۋغا تەقدىم قىلىشى، قوي - كالا ھەيدەپ كېلىپ توي بەزمىسى ئۆتكۈزۈشى كېرەك، كىشىنىڭ مال - مۈلكىنى بۇنداق بۇزۇپ - چاچسا بولمايدۇ،

— دېدى.

توپىنىڭ ئىچىدە تۇرغان ئودىسسۇس پېنېلوپېنىڭ چېچەنلىك بىلەن دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ خۇرسەن بولدى. چۈنكى پېنېلوپې سىلىق سۆزلەر بىلەن لايىق چۈشكەنلەرنى ئەيىبلىدى. ئۇلاردىن سوۋغا - سالام تەلەپ قىلدى، خوتۇنىنىڭ كۆڭلىدە باشقىچە-

رەك سان بارلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئۇزاق يىل جۇدالىق ئازابىنى تارتقان ئودىسسۇس خوتۇنىنى كۆرۇپ، قاتتىق ھەسرەت-لەندى. خوتۇنى بۇرۇنقىدەكلا شۇنداق خۇش پىچىم تۇراتتى، ھېلىمۇ شۇنداق تولغان ھەم چىرايلىق، پاك ھەم زىلۋا ئىدى. ئۇنىڭ دەرھال ئەسلىي قىياپىتىگە كېلىپ، خوتۇنىغا تونۇشلۇق بەرگۇسى كېپكەتتى. شۇنداق قىلسا، چوڭ پىلانلىرىنىڭ بۇزۇ-لۇپ كېتىشىنى ئويلاپ، خوتۇنى بىلەن جەم بولۇش ھېسسىياتىنى باستى - دە، قەلەندەر قىياپىتىدە تۇرۇۋەردى.

لايىق چۇشكەنلەر گەرچە پېنېلوپېنىڭ گېپىنى ئورۇنلۇق دەپ بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە ئالدام خالتىسىغا چۇشۇپ كېتىشنى خالىمىدى. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن كۇسۇرلىشىپ،



گۆدۈكلىشىپ مۇزاكىرىگە چۈشۈپ كېتىشتى. ئۇلار قىلتاقتا چۈشمەي تۇرۇپ پېنېلوپېغا ئېرىشىشنى ئويلايتتى. ئانتىنوس ھەتتا باھا تالىشىپ، سوۋغا تەقدىم قىلىش شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— گۈزەل پېنېلوپې، سىلىنى ئەقىللىق ياكى ھىيلىگەر دېيىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن. بىزنى كولدۇرلىتىش ئاسان ئە-مەس. بوپتۇ، سوۋغا تەقدىم قىلايلى، بىراق ئارىمىزدىن بىرەي-لەننى جەزمەن كۈيۈۋلىققا تاللايلا. ئۇنداق قىلمىسىلا، بىزنى ئۆيلىرىگە قايتىدۇ، دەپ ئويلىمىسىلا. مەيلى سىلى قانچىلىك ئەقىللىق ياكى تادان بولسىلا، ئىشقىلىپ سىلى دۆلەتمەن ئاكىيا-لىق بىرسىگە ياتلىق بولغۇچە، بىز بۇ يەردىن ھېچ يەرگە بارماي-مىز!— دېدى.

لايىق چۈشكەنلەر ئانتىنوس بىزنىڭ گېپىمىزنى قىلدى دەپ ئويلاشتى. ئۇ ئودىسسۇستىن باتۇر ھەم پاراسەتلىك بولمىغىنى بىلەن، مال - مۈلكى بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتەلەيتتى. ئۇلار ئۆۋسى بۇزۇلغان ھەرىلەردەك زالدىن يوپۇرۇلۇپ چىقىپ، سوۋ-غا تەقدىم قىلىش پۇرسىتىنى تالىشىپ، كىمنىڭ ئەڭ دۆلەتمەن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئالدىراش ئۆيلىرىگە قايتىش-تى.

ئانتىنوس ئۇنىڭغا ئون ئىككى جۈپ ئالتۇن تۇگمىلىك ۋە ئۇزۇن ئالتۇن ئىزمىلىك رەڭلىك يىپەك پەشمەتتىن بىرنى تەق-دىم قىلدى؛ ئورىماكوس ئۇنىڭغا كۈندەك پارقىراپ تۇرىدىغان ئالتۇن زەنجىرلىك مارجان تەقدىم قىلدى؛ ئامفېنومۇس ئۇنىڭغا ئۈچ دانە بىنەپشەرەڭ ياقۇت كۆزلۈك بىر ھالقا تەقدىم قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا تەقدىم قىلىنغان سوۋغىلارنىڭ ئىچىدە ئالتۇن زىرە، قاشتېشى بىلەزۈكلەرمۇ بار ئىدى.

لايىق چۈشكەنلەرنىڭ ھەرقايسىسى چاكارلىرىنى ئىشقا سې-لىپ، قىممەت باھالىق سوۋغىلارنى ئوردىغا ئەۋەتىشتى - دە،

ئۆزلىرىنىڭ شېرىن چۈشلىرىنى چۈشەشكە باشلىدى. ئۇلار ئو-ڭىدا سوۋغىلىرىنىڭ خانىشنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىدىغانلىقىنى چۈشەپ، ئىختىيارسىز مەست بولغۇچە شاراب ئىچىپ بەزمە قى-لىشتى، بەزمە كۈن ئولتۇرغانغا قەدەر داۋام قىلدى.

كېچە پەردىسى گويا چەكسىز كەتكەن قارا گىلەمدەك زېمىن-نى چۈمكەپ تۇراتتى. دېڭىز تەرەپتىن دەممۇدەم كېلىۋاتقان سوغۇق شامال ئۇدۇل زالغا كىرەتتى. لايىق چۈشكەنلەر مەست بولۇشۇپ قىڭغىر - قىيسىق ھالەتتە ئۇستەللەرگە چاپلىشىپ دېگۈدەك يېتىپ ئاغزىغا كەلگىنىچە جۆيلىشەتتى. قېرى قەلەندەر تامنىڭ بۇلۇڭىدا تۈگۈلۈپ ياتاتتى، جۇل - جۇل كىيىملىرى سوغۇق شامالغا دال بولمايتتى، قوللىرىنى ئىشقىلاپ ئىسسىق تىنىقى بىلەن ھوردايتتى.

بىر پەس كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن تەڭ بىر توپ دېدەك سىلىق ماڭغان پېتى زالغا چوغدان ئەكىرىشتى. ئۇلارنىڭ ھەممى-سىنىڭلا ئايىغى چاققان ئەمەس ئىدى. يىلبويى ئالدىراشلىق ئۇلارنى قىرچىلدۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇلار زالدا ئېرىنچەكلىك بىلەن ئوتۇنلارنى يىغىپ، چوغدانغا ئوت قالاشقا تەييارلىق قىلىشىۋاتات-تى.

— ئودىسسۇسنىڭ دېدەكلىرى، سىلەرگە مەن ياردەم قىلاي! — دېدى قېرى قەلەندەر بىر تۇتام ئوتۇننى كۆتۈرۈپ كېلىپ، — مەن گەرچە قېرىپ قالغان بولساممۇ، ئىش قىلالى-غۇدەك ماغدۇرۇم بار. سىلەرنىڭ ئورنىڭلاردا زالدىكى چوغداندىن مەن خەۋەر ئالاي، — ئۇ شۇنداق دەپ ئوتنى يەلپۈدى، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى شۇنداق چاققان ئىدى، — مەن ھەممە ئىشنى قىلىپ باققان، جاپادىن قورقمايمەن، ئىشنى كۆڭۈل قويۇپ قىلىمەن. سىلەرنىڭ قوللۇڭلار يۇمران ھەم نازۇك، ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىپ، ئايال خوجايىنىڭلار بىلەن رەخت توقۇڭلار.

دېدەكلەر ئارقا ھويلىغا كىرىپ كېتىشنى ئويلاپ تۇرۇشات-

تى. ئۇلار قىرى قەلەندەرنىڭ چوغدانغا ئوت يېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تاشلاپ بېرىشتى. شۇلار-نىڭ ئارىسىدا مىلانتو ئىسىملىك بىر دېدەك بار بولۇپ، شاللاق ھەم ئەدەپسىز دېدەك ئىدى. ئۇنى پېنىلوپې چوڭ قىلغان بولسى-مۇ، ئۆزىگە قىتىغۇر ھەم كۆرەڭ مىجەزنى يۇقتۇرۇۋالغانىدى، نامراتلارنى كۆزگە ئىلمايتتى، ھۇرۇن، نەپسىگە ئامراق بولغاچ-قا، ئورىماكوسنىڭ ئاز - تولا ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ، ئۇنىڭ ئاشنىسى بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭغا ئىشلىشىپ بېرىۋاتقان قەلەن-دەرگە رەھمەت ئېيتىش تۇگۇل، تىل سېلىپ:

— پاسكىنا قىرى، ئازراق ئىشلەپ قويغانغا ھېچنېمە بولۇپ قالمايسەن! چۈنكى سەن ئوچاق تۈۋىگە، ئاشپەز ۋە قارا ئىش قىلىدىغانلار بىلەن بىللە تۇرۇشقا لايىق. بىزنىڭ يېنىمىزدا تۇ-رۇشقا سالاھىيىتىڭ توشمايدۇ. بۇ زالـغا ئاقـسۆڭـەكلەرلا كى-رىپ - چىقىشقا ھوقۇقلۇق، شۇڭا ئىش قىلىشىڭ، شاپائىتى-مىزنى ياندۇرۇشۇڭ كېرەك. ئىرۇسنى يەڭدىم دەپ ئويلاپ، كۆرەڭلەپ خۇدۇڭنى يوقىتىپ يۈرمە، قەلەندەر دېگەن ھامان قەلەندەر، بەگزادىلەردىن بىرسى كېلىپ، ئاغزى - بۇرنىڭنى قان قىلىپ، ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتسۇن يەنە، — دېدى تەكەب-بۇرلۇق بىلەن.

ئودىسسۇسنىڭ ئىچى ئاچچىق بولۇپ جۇدۇنى تۇتتى. كۆز ئالدىدا چوڭ بولغان بىر قىزچاق مۇشۇنداق ئەدەپسىزلىك قىلسا، كىمنىڭ ئاچچىقى كەلمىسۇن، بىر دېدەك ھاقارەتلەۋاتسا، نېمىش-قا ئۇنىڭ جۇدۇنى تۇتمىسۇن؟

— ھەي، نومۇسسىز قىز! — دېدى ئودىسسۇس جىددى تەرىزدە، — مۇشۇ گەپلەرنى تىلىماكوسنىڭ ئالدىدا دېيەلەمسەن؟ بۇ گەپلەرنى تىلىماكوسقا دەيمەن، ئۇ سېنى قىيما - چىيما قىلىۋېتىپ، ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان دېدەكلەر قورقۇپ مىلانتونى سۆرىگەن

پېتى ئارقا ھويلىغا چىقىپ كېتىشتى.

دېدەكلەر قورقۇپ چىقىپ كېتىشكەن بولسىمۇ، مەسخىرە قىلىشلار ئۈزۈلمىدى. غەرق مەست بولغان لايىق چۆشكەنلەر بىكارچىلىقتا قەلەندەرنى زاڭلىق قىلىپ، كۆڭۈللىرىنى خۇش قىلىشقا باشلىدى.

— قاراڭلار، بۇ ئۆينى يورۇتۇشقا چىراغ كەتمەيدىكەن! — دېدى ئورىماكوس زەھەرخەندىلىك بىلەن، — ئاۋۇ... قېرى قە-لەندەرنىڭ... بېشىدا بىر تالمۇ چاچ يوق ئىكەن... كاللىسى



مەشئەلدەك يورۇق تۇرمامدۇ...

ئورىماكوسنىڭ بۇ گېپى ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى، ئۇ تېخىمۇ كۆرەڭلەپ قەلەندەرنى بايىقىدىنمۇ بەكرەك مەسخىرە قىلدى:

— ئەقىللىق ئادەملەر پاينەكۋاش كېلىدۇ ... سەن... سېنىڭ پاينەكۋېشىڭ نېمىدى؟ بۇرادەر... ماڭا... باغۋەن بولساڭ قانداق؟ جىرىم تىكىسەن... ئوت ئوتايسەن... يېمەك - ئىچمەكتىن غەم قىلمايسەن! بىراق سەن تەييارتاپ... سەن چوغدانغا ئوت ياققان... ئوت يەلپۈگەن بولۇۋالما، ئەسلىدە، سەن تىلەمچىلىك قىلىشقا رازىسەنكى، ئەمگەك بىلەن خوشۇڭ يوق سېنىڭ...— دېدى.

قەلەندەرنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى ياندى، چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى. ئېتىلىپ بېرىپ ئورىماكوسنى قىيما - چىيما قىلىۋەتكۈسى كەلدى. ئەمما، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، ئاچچىقىنى يۇتۇۋەتتى، قىساس ئېلىش پۇرستى يېتىپ كەلمىگەندى. ئۇ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئورىماكوسقا رەددىيە بېرىپ:

— ئورىماكوس، — دېدى ئۇ تالانى كۆرسىتىپ، قەددىنى تىك تۇتقان ھالدا ھەربىر ئېغىز گېپىنى ئېنىق قىلىپ، — ئەتىياز بولغان بولسا، سىلى بىلەن يەر تېرىشتا بەسلەشكەن بولاتتىم، مەن كەچكىچە تاماق يېمەي يەر تېرىيتتىم. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مەن بىر مو يەرنى تېرىپ بولغۇچە، سىلىنىڭ قىردىن ئاشالماسلىقى تورغان گەپ. كۈز بولغان بولسا، ئىككىمىز بىردىن ئورغاق ئېلىپ، تاڭ ئاتماستا ئورۇنلىرىمىزدىن تۇراتتۇق. مەن ۋەدە قىلىمەنكى، مەن بۇغداي باغلىرىنى ھارۋىغا بېسىپ ئۆيگە قايتقان چاغدا، سىلى دوگىيىپ باغ باغلايلا. «تاغدا يولۋاس بولمىسا، مايمۇن پادىشاھ» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانمۇ؟ سىلى شۇ تاپتا ئۆزلىرىنى قەلەمدە - ئەلەمدە تەڭداشسىز مەن دەپ ئويلاۋاتىدىلا. چۈنكى سىلى كۈچلۈك رەقىبكە دۇچ

كەلمىدىلە. ئەگەر ئودىسسۇس قايتىپ كەلسە، ئوردىنىڭ ئىشىكى داغدام ئوچۇق تۇرغان تەقدىردىمۇ، سىلى ئۇنىڭ كەينىلىرىدىن قوغلاپ زەربە بېرىشىدىن قۇتۇلالمايدىلا.

— قاپ يۈرەك قەلەندەر، ھۇ ئەجەل كەلمىگەن قېرى! — ئىزاغا چىدىمىغان ئورىماكوس تېخىمۇ ئەۋزەيلەپ، بىر ئورۇن-دۇقنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئاتتى، — ساڭا ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ قويىمەن. سېنىڭ ئاغزىڭ قاتتىقمۇ، ياكى ئورۇندۇق قاتتىقمۇ، كۆرۈپ قوي!

ئودىسسۇس ئېڭىشىپ، ئامفېنومۇسنىڭ يېنىدا يېتىۋالدى - دە، ئورۇنداق ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدىن ئۆتۈپ، پەتنۇس كۆتۈرگەن مۇلازىمنىڭ قولىغا تېگىپ، شاراب چۆگۈنى بىلەن پەتنۇس جا-راڭلاپ يەرگە چۈشۈپ چېقىلىپ كەتتى، مۇلازىم «ۋايجان» دېگى-نىچە تۇرۇپلا قالدى.

ئاچچىقى بېسىلمىغان ئورىماكوس يۇگۇرۇپ بېرىپ قەلەن-دەرنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى بولدى، ئودىسسۇس تەييار بولۇپ تۇراتتى، تىلىماكوس ئورىماكوسنى تۇتۇۋالدى، بىر مەيدان كۇ-رەشنىڭ ئالدى ئېلىندى، تىلىماكوس:

— سالاھىيەتلىك بىر ئادەمنىڭ قەلەندەرنىڭ كۆزىگە كىرد-ۋېلىشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دېدى. بۇ ئىش ئولتۇرغانلارغا قىزىق تۇيۇلمىدى. ئۇلار كۆڭلىدە، ئورىماكوسنىڭ بۇ ئىپادىسى-نى پېنېلوپې بىلسە، ئۇنى ھەرگىزمۇ ئۆزىگە جورا قىلمايدۇ دەپ ئويلاشتى.

تۈن قاراڭغۇ كېچە، غايىب بىر قول ئالتۇن چىراغنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئوردىنىڭ يولىنى تاكى ئامبارغا بارغۇچە يورۇتۇپ بەردى. بىر قېرى بوۋاي بىلەن بىر ياش يىگىت چىراغ يورۇقىدا زال بىلەن ئامبار ئارىلىقىدا خەنجەر، نەيزە، قالغان، دۇبۇلغا قاتارلىق قورال - ياراغلارنى يۆتكەش بىلەن بەند ئىدى. بوۋاي ھاسىراپ كەتكەن، ياش يىگىت تەرگە چۆمۈلگەنىدى.



ئافېنا، ئودىسسۇسقا ئامراق بۇ تەڭرىچە، ئودىسسۇس ئاتا - بالا ئىككىسىگە يورۇقلۇق ئەكەلگەنىدى. ئاتا - بالا ئىككى-سى زالدىكى قورال - ياراغلارنىڭ ھەممىسىنى ئامبارغا توشۇپ جايلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئافېنا چىراغنى ئۆچۈرۈپ بو-لۇپ چىقىپ كەتتى.

— بالام، ھاردىڭمۇ؟ — دېدى ئودىسسۇس ئوغلىنىڭ يۈزى-دىكى تەرنى سۈرتكەچ ئىچى ئاغرىپ.

— ھارمىدىم، قەدىرلىك ئاتا! سىلىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن، ئاتا. ئوت ئىسسىنىپ ئارام ئالسىلا! — دېدى تېلىماكوس.

— مەندىن ئەنسىرىمە بالام! ئاتاڭ دېگەن ئودىسسۇس. مەن تەڭرىنىڭ ئوغلى، ماڭا ئادەتتىكى كىشىلەر تەڭ كېلەلمەيدۇ، بولدى، سەن بېرىپ ئۇخلا! نۇرغۇن ئىشلار سېنى كۈتۈپ تۇرى-دۇ، سالامەتلىك مۇھىم. مەن يەنە بىردەم تۇرىمەن، ئاپاڭ دې-دەكلىرى بىلەن كېلىدۇ، ئۇلارنى سىناپ باقماقچىمەن، — دېدى ئودىسسۇس.

ئەل ئايىغى بېسىققان چاغ، ئاق كۆڭلەك كىيگەن خانىش ئاستىنقى قەۋەتكە چۈشتى. ئۇ ئارتېمىستەك ياكى ئافرودىتتەك چىرايلىق ئىدى. ئۇ ئادەتتە كۆزىگە كىرىۋالىدىغانلار بولمىسىلا، بۇ يەرگە كېلىپ ئارام ئېلىپ كېتەتتى.

مېلانتۇس خانىشنى ئولتۇرغۇزۇپ بولۇپ، ئودىسسۇسقا خۇددى مۇشۇ يەرنىڭ خوجايىنىدەك كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قارىدى. ئۇنىڭغا ئوخشاش ئادەمگە، بايلىق، مەرتىۋىسىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىدىغان قىزلار تولىمۇ ئاز ئىدى. قىينىلىپ تۇرۇپ ئوت يەلپۈۋاتقان، ئاچچىق ئىستا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈۋات-قان قەلەندەرنى ئۇ يەنە نومۇسسىزلارچە مازاق قىلىپ:

— ھوي، پاسكىنا قېرى! ئوت يەلپۈشنى باھانە قىلىپ ئوردىدىن كەتمەي تۇردۇڭمۇ؟ كېچىنى ئوردىدا ئۆتكۈزمەكچىمۇ-سەن؟ بۇ سەن تۇرىدىغان يەر ئەمەس. خانىش سەن ئىختىيارى

كۆرىدىغان ئادەتتىكى ئادەممۇ؟ سىنىڭ باشقا غەرىزىڭ بار، سەن بىر نەرسە ئوغرىلاش كويىدا يۈرۈۋاتامسەن؟ قۇدۇق ئالدىغا بىرىپ سۇدىن بەتبەشىرە ئەپتىڭنى كۆرۈپ، تىنىڭدىن كىلىۋاتقان سىسىقچىلىقنى پۇرا، — دىدى.

ئودىسسۇس ئوت يەلپۈشتىن توختاپ، ئورنىدىن تۇردى - دە، قولىدىكى يەلپۈگۈچنى تەڭلەپ تۇرۇپ، ساقاللىرىنى تىترەتكەن پىتى ئەلەم بىلەن:

— هەي قىز، سەن غەرەز ئۇقمايدىغان نىمىكەنسەن! مەن سىنىڭ ئاتاڭ دىمەتلىك ئادەم. جۇل - جۇل كىيىم كىيگەنلىكىم ئۇچۇن ماڭا مۇشۇنداق ئاهانەت قىلىۋاتامسەن؟ هەممە ئادەمنىڭ قىرىيدىغان چىغى بولىدۇ، هىچكىم ئۆزىنىڭ كىيىنكى كۈنلەردە ماكانسىز قالىدىغان - قالمايدىغانلىقىنى ئالدىن بىلەلمەيدۇ. بۇرۇن مەنمۇ بەختلىك ئادەم ئىدىم، ئىسىل ئۆي - ماكانىم، بىهىساب مال - دۇنيايىم بولغان، چاكارلىرىممۇ كۆپ ئىدى. هەمىشە مۇساپىر ۋە قەلەندەرلەرنىڭ بىشىنى سىلايتتىم. ئۇلارنىڭ تۇرقى مەيلى قانداق بولسۇن، ئۇلار مەيلى ئەر ياكى ئايال، ياكى قىرى - ياش بولسۇن، هاجىتىدىن چىقاتتىم. چۈنكى ئادەم هاياتىنىڭ ئۆزگىرىپ تورىدىغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى! هەي قىز، پەخەس بول، سىنىڭ تەقدىرىڭمۇ مىنىڭكىدەك بولۇپ قىلىشى مۇمكىن! خانىشىڭ ماڭا غەزەپلەنسە ياكى ئودىسسۇس قايتىپ كەلگەندىن كىيىن، سىنىڭ رەزىل بىرنىمە ئىكەنلىكىڭنى بىلىپ قالسا، ئۇ سىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىدۇ؟ بۇنىڭغا بىر نىمە دىمەك تەس! — دىدى.

پىنىلوپى قەلەندەرنىڭ گىپىنى قوللاپ بىشىنى بىلىنەر - بىلىنمەس لىڭشىتىپ قويدى. بىشىدىن تالاي كەچمىشلەر ئۆتكەن بوۋاينىڭ گەپلىرى ئۇنىڭغا ياراپ كەتكەنىدى. ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ هىلىقى دىدەككە كەسكىن هەم يوللۇق تەنبىھ بىرىپ:

— مىلانتوس، نىمىدىگەن رەزىل قىزسەن، نومۇسنى بىل-

مەيدىغان زەھەرخەندە نېمىكەنسەن. بۇ مۇساپىرنى ناھايىتى ھۆر-مەت قىلىمەن، ئۇنىڭدىن ئېرىمىنىڭ دېرىكىنى ئالماقچىمەن، سەن بۇنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى مازاق قىلىپ، ئۆزۈڭچە كۆزگە ئىلماي كېتىۋاتىسىنا، بۇ نېمىدېگەن ھەددىدىن ئاشقانلىق؟ شۇ تاپتا مۇساپىر بىلەن پاراڭلىشىدىغان ئىشلار بار، سېنى بىر تەرەپ قىلىدىغان چۇلام يوق، سەل تۇرۇپ سېنى ھەرگىز ئاياپ قويماي-مەن! — دېدى.

مېلانتوس قورقتى ھەم خىجىل بولدى، ئۇ قولى بىلەن يۈزىنى توسۇپ زالدىن چىقىپ كەتتى. زالدىن چىقىپ كېتىۋې-تىپ يەنىلا قەلەندەرگە ئۆچلۈك قىلىپ، بارماقلىرىنىڭ ئارىسى-دىن ئۇنىڭغا ھومايدى.

ياشانغان دېدەك ئورىكولىيە قەلەندەرگە ئورۇندۇق قويۇپ بەردى. ئودىسسۇس يېقىنراق كېلىپ، ئايرىلىپ كەتكىلى ئۇزاق يىل بولغان خوتۇننى كۆردى. ئىككىسى ئىككى خىل ھېسسىيات-تا ئىدى، بىرى قايغۇ بىلەن شادلىقنى زورىغا بېسىپ، يەنە بىرى دەرد - ئەلەمگە چۆمۈپ ئولتۇراتتى.

بىر جۈپ يېقىن دوستلارغا ئوخشاش، پېنېلوپې قەلەندەرگە ئۆزىنىڭ ئازابلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى ئىزھار قىلدى. ئۇ ئۈچ يىل مابەينىدە ئۆزىنىڭ كۈندۈزى توقۇغان كىمخابنى كەچتە سۆ-كىدىغانلىقىنى دېگەن چاغدا، ئودىسسۇس كۆز ياشلىرىنى تۇتۇۋا-لالمىدى. ئۇ خوتۇنىنىڭ پىداكارلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى، ئەقىل - پاراسىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى، مۇشۇنداق خوتۇنى بولغان-لىقى ئۈچۈن چەكسىز ئىپتىخارلاندى.

پېنېلوپې ئاخىر مۇتتەھەملەرنىڭ ئۆزىگە مەجبۇرى توي قى-لىش تەكلىپىنى قويۇپ ئۇنى قىيىن ئەھۋالغا سېلىپ قويغانلىقى-نى ئېيتتى ۋە بوۋايغا يالۋۇرۇپ، كارغا كېلىدىغان بىرەر تەدبىر تېپىپ بېرىشنى، ئېرىنىڭ خەۋىرىنى بىلىشكە ئۆزىنىڭ شۇنچى-لىك تەقەززا ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

— مۇساپىر ئاكا، مەن تۇيۇق يولغا كىرىپ قالدىم، — دېدى پېنېلوپې قولياغلىقى بىلەن كۆزلىرىدىكى ياشنى ئېرتىپ، — ھەممە چارىلەرنى قىلدىم، ۋاقىتنى ئەمدى كەينىگە تارتسام بولمايدۇ. ناۋادا ياتلىق بولۇشنى رەت قىلسام، لايىق چۈشكەنلەر ھەرگىز قاراپ تۇرمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئاتا - ئانام ۋە ئاكا - ئۇكىلىرىم مېنى ياتلىق بولۇشقا مەجبۇرلاۋاتىدۇ. ئوغلۇممۇ مال - مۈلكىنىڭ كۇنسېرى تۈگەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مەندىن خاپا. ياخشى نىيەتلىك ئاكا، زېۋىسنىڭ يۈز - خاتىرىسىدنى قىلىپ، ماڭا بىر ئامال تېپىپ بەرگەن بولسىلا! ئەمدى ئېرىم توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرسىلە، ئومىئوستىن ئاڭلىدىم، سىلى ئېرىمنى كۆرگەن ئىكەنلا، تېزرەك سۆزلەپ بېرىشلىرىدىن سورايمەن.

ئودىسسۇسنىڭ خوتۇنىنى باغرىغا چىڭ بېسىپ، بېشىنى قۇچاقلاپ تازا يىغلىغۇسى كەلدى. ئەمما، ئوردىدا ئاسىيلار بار ئىدى. شۇلاردىن بىرەرسى كۆرۈپ قالسا، خەتەرلىك ئەھۋال يۈز بېرەتتى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى زورىغا بېسىپ، چەكچەيگەن ھالەتتە تاش ئادەمدەك ئىپادىسىز ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاندىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئودىسسۇس بىلەن بىللە ھايات - ماماتلىق جەڭلەرنى باشتىن ئۆتكۈزگەنلىكى، كەسكىن قۇرغان جېڭى، ترويانىڭ تاغ - دەريالىرىنىڭ مەنزىرىسى، ياغاچ ئات ھىيلىسى توغرۇلۇق سۆزلەپ كەتتى ھەم تەۋەككۈلچىلىككە تولغان يېرىمى راست، يېرىمى يالغان كەچمىشلەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى.

پېنېلوپې يەنە يىغلاشقا باشلىدى، ئۇ شۇ تاپتا ئېرىنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرنى، جەڭگاھتىكى باتۇرلۇقلىرىنى ۋە سەرسانلىق ئىچىدە ئۆتكەن قورقۇنچلۇق كۈنلىرىنى كۆرۈپ ئولتۇرغاندەك بولۇۋاتاتتى. ئۇ قانغۇچە يىغلاپ بولۇپ، ئېرىنىڭ كىيىنىشى، ياسىنىشى، تەقى - تۇرقى توغرۇلۇق قەلەندەردىن تەپسىلىي سورىدى. پېنېلوپې مۇشۇ ئارقىلىق قەلەندەرنىڭ

گەپ ـ سۆزدە يالغان بارمۇ يوق، بىلىپ باقماقچىدى.
ئودىسسۇس كۆزلىرىنى يۇمۇپ خۇددى قەدىمىي بىر ھېكايىـ
نى بايان قىلىشقا تەمشەلگەندەك ئويچان ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ:
— بۇ ئىشلارغا ئۇزاق بولۇپ كەتتى. تەپسىلىي ئەھۋالنى
ئەستە تۇتۇشمۇ تەس. ئېرىڭىزنىڭ ترويا ئۇرۇشىغا ئاتلانغانلىقى
يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا بولغان ئىشلارغۇ دەيمەن. ئېسىمدە قېلىـ
شىچە، ئۇ قوي يۇڭىدىن توقۇلغان بىنەپشەرەڭ خالات كىيىۋالغانـ
دەك قىلاتتى. خالاتنىڭ يۇقىرىقى تۇگمىسىگە بىر ئوۋ ئىتى
نەقىشلەنگەن، خالىتىنىڭ ئىچىگە كەندىردىن سىپتا توقۇلغان ئاق
ئىچ كىيىم كىيگەن، بۇلجۇڭ گۆشلىرى كىيىملىرىدىن بۇرتۇپ
چىققان. ئۇ «مۇرىسى كەڭ، بېلى ئىنچىكە باتۇر، كۇچلۇك
كېلور» دېگەنلەرنىڭ تىپىغا مەنسۇپ قەھرىمان ئىدى. ھەي...
چاچلىرى... قاپقارا، پارقىراق، بۇدۇرە، بۇرنى ئىلىپتەك تۇپـ
تۇز، كۆزلىرى بۇركۇتنىڭكىدەك ئۆتكۇر ئىدى. ئۇ كىشىگە
سۇرلۇك، جەسۇر ئادەمدەك تەسىرات بېرەتتى، ئۆزى تولىمۇ
جاسارەتلىك ئىدى، — دېدى.
— ئۇ!... بولدى بەس! — پېنېلوپېنىڭ كۆزلىرىدىن بۇلـ
دۇقلاپ ياش تۆكۇلدى، — مۇساپىر ئاكا، سىلى يالغان گەپ
قىلمايلا. مېنىڭ ئېرىم، قەھرىمان ئودىسسۇس شۇ! بىراق...
بىراق ئىشەنمەيمەن... ئۇ ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ... ياق، قايتىپ
كەلمەيدۇ.
پېنېلوپې قولياغلىق بىلەن پېشانىسىنى بېسىپ قويدى.
ئۇنىڭ بېشى قايغاندەك قىلاتتى. شۇ تاپتا نازۇك بەدەن، ئاق
كۆڭۈل خانىش ئۆزىنى تۇتالماي قىلىۋاتاتتى. ئۇ قېرى قەلەندەرـ
نىڭ چارچاپ كەتكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدى. خەيرخاھلىق ھېسسىـ
ياتى بىلەن دېدەكلىرىگە بوۋاينى يۇيۇندۇرۇپ، كىيىم ـ كېچەكـ
لىرىنى يۆتكىتىپ، ھاردۇق ئېلىشى ئۇچۇن تۆشەك ھازىرلاپ
بېرىشكە بۇيرۇدى.

— ياق، ھۆرمەتلىك خانىش! — دېدى ئودىسسېۋس رەت قىلىپ، — مېنىڭ يۇيۇنغۇم يوق، بەلكى كۆرۈنۈشتە مۇلايىم، ئەمما كۆڭلىدە مەندىن يىرگىنىدىغان دېدەكلەرنىڭ خىزمىتىمنى قىلىشقا ئېھتىياجلىق ئەمەسمەن. ناۋادا ماڭا ئوخشاش مۇشۇنداق كۆپ ئازاب تارتقان قېرى دېدەكلەر بولسا، شۇلارنىڭ بىرسى پۇتۇمنى يۇيۇپ قويسۇن!

— كەل، ئورىكولىيە! — پېنېلوپې قېرى بىر دېدەكنى چاقىردى، — بۇ ئاكىمىز ئودىسسېۋس بىلەن قۇرداش، ئودىس-سېۋسنى سەن ئۆز قولۇڭ بىلەن چوڭ قىلغان، ئۇنىڭ پۇتىنى



سەن يۈيۈپ قوي! بۇنى بىر قېتىم پادىشاھنىڭ خىزمىتىنى قىلـ-
غانلىق دەپ بىل.

ئورىكولىيە خەيرخاھلىق قىلغان تەرىزدە قەلەندەرگە قاراپ:

— ھەي، مۇساپىر، خوجايىنىمنىڭ پۇت - قوللىرى سېنىڭ
پۇت - قوللىرىڭغا بەك ئوخشايدىكەن! ناۋادا ئۇ ھايات بولسا،
بەلكىم سەندىن ياش تۇرغان بولاتتى. ئادەم جىق جاپا تارتسا،
ياش تۇرۇپلا قېرىپ كېتىدۇ! — دېگىنىچە يىغلامسىراپ گېپىنى
داۋام قىلدى، — بۇ يەرگە نۇرغۇن ئادەملەر كېلىدۇ، لېكىن گەپ
قىلغان چاغدىكى ئاۋازى، تەقى - تۇرقى، يۈرۈش - تۇرۇشى
ئودىسسۇسنىڭكىگە يالغۇز سېنىڭلا ئوخشاپ كېتىدىكەن.

— ھەي، مېنى تونۇيدىغان ئىككىيلەنىمۇ شۇنداق دەۋا-
تىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئودىسسۇس، — بىر - بىرىگە ئوخـ-
شايدىغان ئالما تولا، بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئادەم
يوق.

ئورىكولىيە داسقا سۇ تەڭشەۋاتاتتى، ئودىسسۇس ياش چېغىدا
پۇتىدا قالغان تاتۇقنى ئورىكولىيەگە كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن،
ئەسكى چاپىنىنى تىزىغا يېپىپ، ئوت يورۇقىدىن ئۆزىنى قاچۇر-
دى. بۇ ئودىسسۇس ياش چېغىدا ئوۋغا چىققاندا، ياۋا توڭگۇزنىڭ
چىشلىشىدىن قالغان تاتۇق ئىدى. لېكىن، ئىشنى كۆڭۈل قويۇپ
قىلىدىغان قېرى دېدەك چىراغ يورۇقىغا كەينىنى قىلىپ تۇرغان
بولسىمۇ، قولى تاتۇققا تېگىپ كەتتى - دە، ھەيران بولۇپ
ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى، ھاياجاندىن قوللىرى تىترەپ، داس-
تىكى سۇنى چاچرىتىۋەتتى. ئورىكولىيەنىڭ نەپەسلىرى تېزلە-
شىپ، قوللىرى توختىماي تىترەيتتى. ئۇ كۆزلىرىگە ئىسسىق
ياش ئېلىپ، ئودىسسۇسنىڭ تېزىنى سىيلاپ تۇرۇپ:

— جېنىم بالام، بۇ سەنغۇ! بۇ تاتۇقنى ھېچكىم مەندەك
پىششىق بىلمەيدۇ! — دېدى.

ئودىسسۇس دەرھال ئۇنىڭ قولى بىلەن ئورىكولىيەنىڭ ئاغزىـ-

نى ئېتىپ، سول قولى بىلەن ئۇنى يېنىغا تارتىپ پەس ئاۋازدا ئۇنىڭغا:

— توغرا، مەن شۇ، قەدىرلىك ئانا، ئەمما چۇقان كۆتۈرمە، بۇ سىرنى ھېچكىم بىلمىسۇن. سەن سىر ساقلىمايدىغان بولساڭ، ئىش بۇزۇلىدۇ، — دېدى.

— خاتىرجەم بولسىلا، خوجايىنىم! — دېدى ئورىكولىيە ئاستا جاۋاب بېرىپ، — مەن ھېچقانداق شەپە چىقارمايمەن. ئاشۇ شاللاق، ۋاپاسىزلاردىن مەنمۇ ھېزى بولاي، خوجايىن، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى سىلىگە ئېيتىپ بېرەيمۇ؟

— ھاجىتى يوق، مەن ئۇلارنى ئېنىقلاپ بولدۇم، — دېدى ئودىسسۇس ئىشەنچ بىلەن.

دەل شۇ ۋاقىتتا، پېنېلوپې گويا چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھالەتتە چوڭقۇر خىيالغا غەرق بولغان، ئافېنا ئۇنىڭغا تاتۇقنى بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن، ئۇنىڭ خىيالىنى باشقا ئىشلارنى ئويلاشقا بۇراپ، دىققىتىنى چالغىتىۋەتكەنىدى.

— مۇساپىر ئاكا، مەن شۇ تاپتا تولىمۇ ئارىسالدىلىقتا قالدىم، — دېدى بىر جايغا مىقتەك قادىلىپ، پەرىشان ئولتۇرغان پېنېلوپې، — مەن ئوردىدىن خەۋەر ئېلىپ كۈيۈيمنى كۈتۈپ ئولتۇرايمۇ يا لايىق چۈشكەنلەردىن ئەڭ مەرتىۋىلىك ھەم قىممەت باھالىق سوۋغا تەقدىم قىلغان كىشى بىلەن تۇرمۇش قۇرايمۇ؟ تېلىماكوس بالا ۋاقتىدا تۇرمۇش قۇرۇشنى رەت قىلغانىدىم. ئەمدى ئۇ چوڭ بولدى، مېنىڭ بۇ يەردىن كېتىشىمنى ئۇمۇ خالايدۇ، چۈنكى ئۇ ئودىسسۇستىن قالغان مال ـ مۈلۈكنى تۈگىتىۋېتىشىمنى خالىمايدۇ. ھەي، مۇساپىر ئاكا، سىلى چۈشكە تەبىر بېرەملا؟— پېنېلوپې روھلىنىپ، قەددىنى رۇسلاپ كۆچلۈك قىزىقىش بىلەن ئۇنىڭدىن سورىدى.

ئودىسسۇس كۆزلىرىنى قىسىپ كۈلۈپ قويدى ۋە بېشىنى مەنىلىك لىڭشىتتى. ئۇ چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەت پارلىغان



كۆزلىرى بىلەن خوتۇنغا قاراپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە چۈشىنى دەپ بېرىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى.

— مېنىڭ يىگىرمە غازىم بار، — دەپ سۆزىنى باشلىدى پېنېلوپې ئەستايىدىللىق بىلەن، — ئىشىم يوق چاغلاردا ھەممىشە ئۇلارنىڭ يەم يېيىشىنى كۆرەتتىم. نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا بىر چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە بىر بۈركۈت ئوقتەك پەسلەپ، غازلىرىمنىڭ بوينىنى تامام ئۈزۈۋېتىپتۇدەك، غازلارنىڭ پەيلىرى، ئىچ ـ قارنى ھەممە يەرنى بىر ئاپتۇدەك، قانلىرى ئوردىنىڭ ھەممە يېرىگە چاچراپ كېتىپتۇدەك. بۈركۈت خۇشال ھەم قانائەتلەنگەن ھالدا كۆككە ئۆرلەپ چىقىپ، ئايلىنىپ پەرۋاز قىلىپ يۈرگۈدەك. ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەپتۇ. ھېلىقى بۈركۈت شەھەرنىڭ ئۈستىدە پەرۋاز قىلىپ، ھەربىر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقنى كۆزىتىپ، ئاندىن ئالدىرىماي كەلگىنىچە، بالكونغا قونۇپ جىم تۇرغۇدەك. ئۇنىڭ تۇرقىدىن قېرىپ كېتىش ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى مۇشۇ يەرنىڭ خوجايىنىدەك ھېس قىلىۋاتقان ئالامەت چىقىپ تۇراتتى. پۇقرالار ئۆيلىرىدىن چىقىپ، ھېلىقى بۈركۈتكە قاراۋاتقۇدەك. ئاياللار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ماڭا: «بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى، خانىش! بىر توپ غاز لايىق چۈشكەنلەرنىڭ سېھرى، بۈركۈت بولسا ئودىسسۇسنىڭ سېھرى!» دەپ كۆڭلۈمنى ياساۋاتقۇدەك. تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ھېلىقى بۈركۈت كەڭ يەلكىلىرىنى ئوينىتىپ، ماڭا ئادەمنىڭ ئاۋازى بىلەن: «مەن قايتىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ جېنىنى ئالدىم، بىر تال غازمۇ تىرىك قالمىدى!» دەۋاتقۇدەك.

پېنېلوپې سۆزلەپ بولۇپ، قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۈمىد بىلەن قېرى قەلەندەرگە قارىدى. قەلەندەر ئۇنىڭغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەردى. لېكىن، پېنېلوپېنىڭ چىرايىدا چۈشىنىڭ خۇلاسىسى شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك، پەسىللەرنىڭ ئالمىشىشى مۇقەررەر بىر ئىشتەك، بۇنىڭ ئەجەبلى-

نىدىغان يېرى يوقتەك چۈشىنىكسىز ئىپادە ئەكس ئېتەتتى.
— ھۆرمەتلىك خانىش، بۇ چۈشكە مۇنداق تەبىر بېرىشكە توغرا كېلىدۇ: ئودىسسۇس چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ. لايىق چۈش-كەنلەرنىڭ ھېچقايسىسى ساق قالمايدۇ. بۇركۇت بۇنى ئىسپاتلاپ بوپتۇ. مېنىڭ بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلىشىم ئورۇنسىز، — قەلەندەر شۇنداق دەپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى.

پېنېلوپېنىڭ يۈزىدىكى «لىپپىدە» ئەكس ئەتكەن خۇشاللىق ئالامىتى تېزلا غايىب بولدى. ئۇ قايغۇغا پاتقان ھالدا، بۇ يەردە ھەر ۋاقىت يۈز بېرىۋاتقان رېئاللىقنى ئەسلىدى.

— ھەي، — دېدى پېنېلوپې خۇرسىنىپ، — چۈش كىچىك باللار پۈۋلەپ چىقارغان ماغزاپقا ئوخشاش نېمە، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يېرىلىپ كېتىدۇ. رېئاللىق دېگەن دېڭىز بويىدىكى خادا تاش، ئۇ قورقۇنچلۇق مەۋجۇدىيەت. ئەتە مەن تەقدىرىمگە زىچ باغلانغان يېڭى مۇساپىنى باشلايمەن، ئوردىدىن ئايرىلىمەن. لې-كىن، مەن ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان بىر قېيىن ئىشنى شەرت قىلىمەن. ئۇلار مېنى بىزنى قەستەن قىينا-ۋاتىدۇ دېسۇن ياكى ۋاقىتنى كەينىگە تارتىۋاتىدۇ دېسۇن، نېمە دېسە دەۋەرسۇن، مەن ئوقيا ئېتىش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرىمەن. ئودىسسۇس ئۆيدىكى چاغدا ھەمىشە مۇشۇ ماھارەتنى كۆرسىتەت-تى. بۇ شەرتنى ئورۇنداش پەقەت شۇنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ، ئۇ ئون ئىككى پالتىنى قاتار تىزىپ قوياتتى، ئاندىن ئۆزى يۈز مېتىر يىراقلىققا بېرىپ، ئوقيادىن ئوق ئۈزۈپ تىكلەكلىك تۇر-غان ئون ئىككى پالتىنىڭ كۆزىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ: بۇ «يۈز قەدەم يىراقلىقتىن پالتىنىڭ كۆزىدىن ئوق ئۆتكۈزۈش» دېيىلى-دىغان ماھارەت. ناۋادا بىرىسى راستتىنلا شۇنداق قىلالىسا، مەنمۇ نەق مەيداندا شۇنىڭغا ياتلىق بولىدىغانلىقىمنى ئېلان قىلى-مەن!

قەلەندەر:

— ئوقيا ئېتىش مۇسابىقىسى، بۇ ھەقىقەتەن ياخشى چارە ئىكەن، كېسىپ ئېيتىمەنكى، يۈز مېتىر يىراقلىقتىن ئوقيانىڭ كىرىچىنى تارتىپ ئوق ئۈزۈپ ئون ئىككى پالتىنىڭ كۆزىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان بىرەر نوچى چىقماي تۇرۇپلا، ئودىسسۇس قايتىپ كېلىدۇ، — دېدى.

خانىش:

— ئۈمىد، ئۇ رېئاللىق ئەمەس، — دېدى.

قەلەندەر:

— ئەمسە قاراپ تۇرۇڭ، — دېدى.

# ئون ئىككىنچى قىسسە

# ئوقيانىڭ كىرىچىنى تارتالايدىغان ئادەم چىقمىغانلىقى

پېنېلوپې كۆڭلى غەش ھالدا دەستىسى پىل چىشىدىن قىلىنغان مىس ئاچقۇچنى ئامبارنىڭ قۇلۇپىغا سالدى، ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلدى. ھەر خىل قىممەت باھالىق بايلىقلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇراتتى: ساندۇق - ساندۇق ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت؛ ئىشلىتىش ئورنى ئوخشاش بولمىغان تۆمۈردىن ياسالغان جابدۇقلار... خانىش بەرگەن بۇ نەرسىلەرگە نەزەر كۆزىنى سالماي، قانداقتۇر بىر نەرسىنى كۆزلەپ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ كونا ھەم پۇختا بىر ئوقيا ئىدى. يان تەرەپتە لىق ئۆتكۈر يا ئوقى قاچىلانغان ئوقدان بار ئىدى. ئوقيا بىلەن ئوقدان گىرەلەشتۇرۇلۇپ تامغا ئېسىلغانىدى. ئوقيا ئاددىي ئىدى، ئىككى بېشى كالا مۈڭگۈزى بىلەن قاپلانغان، كىرىچى تىلىم قىلىنغان كالا تېرىسىدىن ئېتىلگەنىدى.

پېنېلوپې يەرنى پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، تامدا ئېسىقلىق تۇرغان ئوقيا بىلەن ئوقداننى ئالدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئىختىيارسىز يوپۇرماقتەك تىترەپ كەتتى - دە، ئورۇندۇقتا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى ۋە كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئۇ ئەينى يىللاردا قىرانىغا يەتكەن ئودىسسۇس مۇسابىقە مەيدانىدا ماھارەت كۆرسىتىپ، ئۇنى خوتۇنلۇققا ئالغانلىقىنى؛ ئودىسسۇسنىڭ قاۋۇل سىماسىنى، ئۇنىڭ تاغ چوققىلىرىدا، جىرا - ساي-

لاردا تالاي قېتىم مۇشۇ ئوقيا بىلەن ساناقسىز ئۇچار قۇش ۋە ياۋايى هايۋانلارنى ئۆۋلىغانلىقىنى ئەسلىدى. مانا بۇگۇن ئوقيا شۇ پېتى تۇرۇپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىگىسى يوق ئىدى. ئۇ قولىدى-كى ئوقيا بىلەن ئوقدانىغا قاراپ يۈرىكى تېخىمۇ پۇچىلىنىپ كەت-تى.

پېنېلوپېنىڭ تولا يىغلاپ كۆز ياشلىرىمۇ قۇرۇپ كەتتى، كۇنمۇ خېلىلا ئۆرلىگەنىدى، ئۇ بۇلارنى هېس قىلمايتتى. دېدەك-لىرى ئۇنى يېڭىدىن ئاستا تارتقاندا، ئۇ ئاندىن ئۆزىگە كېلىپ، قولىدىكى نەرسىلەرنى ئۇلارغا بېرىپ، ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئامبارىدىن ئايرىلدى.

زال ۋاراڭ ـ چۇرۇڭغا تولغان، تاللاش پۇرسىتىگە ئېرى-شىش تەمەسىدا كەلگەن لايىق چۇشكەنلەر ئادەتتىكى كۇنلەردىكى-دىن كۆپ ئىدى. قېرى قەلەندەر يەنىلا بوسۇغا تۇۋىدە ئولتۇرات-تى. ئۇ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ چىدىغۇسىز هاقارەتكە ئۇچراپ قالات-تى: بىرسى كېلىپ تىللايتتى، يەنە بىرسى زاڭلىق قىلىپ ئۆتۇپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ قەبىھ بولغان كتېسىپپتوس بىر كالا پاچىقىنى ئېتىۋېدى، ئودىسسۇس چاققانلىق قىلىپ كالا پاچىقىدىن ئۆزىنى قاچۇردى.

ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ توختىدى، ئادەملەر نەزەرىنى ئىشىككە ئاغدۇردى. پېنېلوپې زالدا پەيدا بولدى، دېدەكلىرى ئوقيا بىلەن ئوقداننى كۆتۇرۇپ ئۇنىڭ كەينىدە تۇرۇشاتتى. پېنېلوپې خاتىر-جەم هەم ئىپادىسىز قىياپەتتە:

— ماڭا لايىق چۇشكەن خالايىق، سىلەر بۇ يەردە ئۇزاق يىل كۇتتۇڭلار. تەڭرى پېشانەمگە مۇشۇ تەقدىرنى پۇتكەنىكەن، قو-بۇل قىلماقتىن باشقا ئامال يوق. لېكىن، شۇنچىلىك كۆپ ئادەم ماڭا ئېرىششنى ئويلايدۇ، سېلىشتۇرۇش، تاللاش ماڭا تەس كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، سىلەر تەقدىم قىلغان سوۋغىلار سىلەرنىڭ دۆلەتمەن ئىكەنلىكىڭلارنىلا ئىسپاتلىغىنى بىلەن، با-

هادىرلىقىڭلارنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. مەن ئاخىرقى بىر شەر-
تىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن: مەن ئوقيا ئېتىش مۇسابىقىسى ئۆيۈش-
تۇرىمەن. مېنى ئەمرىگە ئالماقچى بولغانلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ
مۇسابىقىگە قاتنىشىدۇ. بۇ قەھرىمان ئودىسسۇسنىڭ ئوقياسى،
يۈز مېتىر يىراقلىقتا ئون ئىككى پالتا قاتار تىزىپ قويۇلىدۇ.
كىم مۇشۇ ئوقيانىڭ كىرىچىنى تارتىپ، ئۆزگەن ئوقىنى ئون
ئىككى پالتىنىڭ كۆزىدىن ئۆتكۈزۈۋېتەلىسە، شۇ كىشى مېنى
خوتۇنلۇققا ئالىدۇ. مەنمۇ بۇ يەردىن — ئودىسسۇسنىڭ ئۆيىدىن
ئايرىلىپ، شۇنىڭ بىلەن بىللە كېتىشكە رازى. چۈنكى شۇ كىشى
باھادىرلىقتا بۇرۇنقى ئېرىم بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە بولغان بولى-
دۇ.

پېنېلوپې ئومائوسقا ئوقيانى لايىق چۈشكەنلەرنىڭ ئالدىغا
ئاپىرىپ بېرىشنى ئېيتتى. ئومائوس ئوردىنىڭ خوجايىنى ئالمى-
شىدىغانلىقىنى پەملەپ، ئىختىيارسىز كۆزىگە ياش ئالدى، ئۇ-
نىڭ يېقىن ھەمراھى پىلوتوسنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلدى.

رەھىمسىز ئانتىنوس چاكارلارنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغانلىقىنى
كۆرۈپ، بۇنىڭدىن بەك ئاچچىقى كەلدى-دە، ئۇلارغا كايىپ:

— ھوي سەھرالىق، مۇشۇنداق پەيتتىمۇ يىغلامسىلەر؟ بۇ-
گۈن دېگەن خۇشاللىق كۈن. يىغا-زارە قىلىشىپ خانىشنىڭ
كۆڭلىنى بىسەرەمجان قىلىۋاتىسىلەر. يا سىرتقا چىقىپ يىغلاش،
يا بولمىسا جىم ئولتۇرۇپ قورساق توقلاش، كەيپىمىزنى ئۇچۇ-
رۇشما. بىز ئوقيا ئېتىش مۇسابىقىسىگە چۈشىمىز، گەرچە بۇ
كىرىچنى تارتىش، يۈز مېتىر ئارىلىقتىن ئوق ئۈزۈپ تىكلەكلىك
ئون ئىككى پالتىنىڭ كۆزىدىن ئۆتكۈزۈش ئاسان بولمىسىمۇ،
بۇ يەردە ئودىسسۇستەك قەھرىمان بولمىغان تەقدىردىمۇ، سىناپ
باقىمىز، تەقدىر تەڭرىچىسى قايسىمىزنى ياقتۇرۇپ قالسا، شۇ
غەلىبە قىلىدۇ، — دېدى.

تىلىماكوسنىڭ ئىشەنچىسى بار بولغاچقا، شۇ تاپتا تولىمۇ



خۇشال ئىدى. ئۇ قىساس ئېلىش پەيتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلەتتى. ۋاقتى كەلگەندە، ئاتىسى بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلىپ، لايىق چۇشكەنلەرنى قاتتىق جازالايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، بۇ بىر توپ ئەبلەخلەرنى خاتىرجەم قىلىپ، سىرنى ئاشكارىلاپ قويماسلىق كېرەك ئىدى. ئۇ قەلەندەرنىڭ كۆزىگە قارىدى، قەلەندەر ئۇنىڭغا ۋاقىتنى قولغا كەلتۇرۇش ئۇچۇن، ئاۋۋال مۇسابىقىگە چۇشۇش توغرۇلۇق بېشارەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن، تىلىماكوس ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوقيانىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە:

— تەڭرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئاپام نۇسرەت قازانغان كىشى بىلەن كېتىدىغان بولۇۋاتىدۇ. مېنىڭ كۆزۈم قىيمايۋاتىدۇ ھەم ئىچىم تارلىق قىلىپ تۇرىدۇ. چۇنكى ئىتاكىدا ئۇنىڭدەك ساھىبجامال ئايال يوق، شۇڭا مەنمۇ مۇسابىقىگە قاتنىشىمەن. مېنىڭ مەقسىتىم دەل سىلەرنىڭ مەقسىتىڭلارنىڭ ئەكسى، مەن ئاپامنى ئېپقالىمەن. بۇ دېگەنلىك، كىرىچىنى تارتىپ



يا ئوقىنى تىكلەكلىك ئون ئىككى پالتىنىڭ كۆزىدىن ئۆتكۈزەلە-
سەم، ئاپام بۇ يەردىن باشقا ھېچ يەرگە بارمايدۇ دېگەنلىك، —
دېدى.

تېلېماكوس شۇنداق دېگىنىچە ئۆتكۈر خەنجىرىنى بېلىدىن
يەشتى، بىنەپشەرەڭ خالتىنى ئۈچىسىدىن سالدى. ئاندىن ئوقيا-
نى قولىغا ئېلىپ بار كۈچىنى چىقىرىپ تارتتى. ئۇ تۆمۈردەك
قاتتىق كىرىچنى ئۈدا ئۈچ قېتىم تارتتى. لېكىن، كامالەكنى
ئىگەلمىدى، ئەمگىكى بىكار بولدى، تېلېماكوس ئوقيانىڭ
ئەلمى - تەلمىنى بىلىپ، تۆتىنچى قېتىم يەنە تارتىپ، كامالەك-
نى ئېگىشكە ئۇرۇندى. ئۇ چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، ئاندىن كۈ-
چەپ تارتماقچى بولدى، چۈنكى ئۇ ئۆزىدە ئائىلىسىدىكى تەۋەررۈك
ئوقيانى تارتقۇدەك ئىقتىدار باردەك ھېس قىلدى. دەل مۇشۇ
ۋاقىتتا بوسۇغىدا ئولتۇرغان قەلەندەر يۆتىلىپ قويدى. ئەقىللىق
تېلېماكوس شۇئان كامالەكنى ئەگمەسلىك توغرۇلۇق ئاتىسىنىڭ
ئۆزىگە بىشارەت بېرىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. ئۇ ئامالسىز قالغان
قىياپەتتە ئوقيانى باشقىلارغا بەردى ۋە:

— بۇ تەڭرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى! — دېدى قىزىرىپ
ھاسىرىگىنىچە، — مەن بەك ياش، مەندە كىرىچنى تارتقۇدەك
كۈچ يوق ئىكەن. بايام كۈچۈم بىكارغا كەتتى! قېنى ئەزىمەتلەر
كۈچۈڭلارنى كۆرسىتىڭلار، ئاپامنى كىم قولىغا چۈشۈرەلەيدى-
كىن.

تېلېماكوس بەك قاملاشتۇردى، سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممى-
سى ئۇنىڭ قىلتىقىغا چۈشتى. بۇ ھال لايىق چۈشكەنلەرنى خېلىلا
خاتىرجەم قىلىپ قويدى. ئانتىنوس خۇددى كىرىچنى تارتالايدى-
غاندەك، لېكىن پۇرسەتنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىۋاتقان قىياپەت-
تە، باشقىلارنى كىرىچنى تارتىشقا ئۈندىدى. باشقىلارنىڭ ئوقيا
ئېتىشتا ئۆزىگە يەتمەيدىغانلىقى ئۇنىڭغا مەلۇم ئىدى.

— كېلىڭلار، دوستلار، — دېدى ئۇ بىر تەكلىپنى ئوتتۇرى-

غا قويۇپ، — ئۆلتۈرگان رىتىمىز بويىچە بولسۇن: سولدىن ئوڭغا قاراپ، قەدەھ يۈرۈشتۈرۈش تەرتىپى بويىچە ئوقيا ئاتايلى.

لېئودېس تەڭرىلەرگە ئاتاپ شاراب چاچقۇچى بولغاچقا، ئۇ ھەممىشە ئۆزۈن ئورۇندۇقنىڭ بېشىدا ئولتۇراتتى. ئانتىنوسنىڭ تەلۋىلىكىدىن، بەزمىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭلارنىڭ ھەممىسىدىن شۇ بەكرەك بىزار ئىدى. لېئودېس تەڭرىنىڭ ياخشى - يامانىنى ئايرىيدىغان پەيلىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر تالاي شۇملۇقتىن دېرەك بېرىۋاتقان ئالامەتلەردىن، لايىق چۈشۈشتەك بۇ كۈلكىلىك ئويۇننىڭ ياخشى ئاقىۋەت ئېپكەلمەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ئۇ بوسۇغا تۈۋىگە ئاستا كېلىپ ئوقيانى قولىغا ئېلىپ ھەرقانچە كۈچەپمۇ كىرىچنى مىدىرىتالمىدى.

— مەن تارتالمىغۇدەكمەن، — دېدى ئۇ زەئىپ قولىنى چۇ-شۇرۇپ، — باشقىلار تارتىپ كۆرسۇن، مەن ئوقيا ئېتىش ئەھلى ئەمەس. بىراق شۇنداق دېيەلەيمەنكى، بۇ ئوقيا تالاي ئادەملەرنىڭ بېشىغا چىقىدۇ. بالدۇرراق بولدى قىلغىنىم تۈزۈك. ئوچۇق



گەپ قىلغانلىقىم ئۈچۈن مەندىن خاپا بولماڭلار... ئولتۇرغانلارنىڭ ئۈمىدى كۆپۈككە ئايلىنىدۇ.

ئۇ شۇنداق دەپ ئوقيا بىلەن ئوقدانىنى تۇۋرۇككە يۆلەپ قويدى.

بۇ گەپلەر ئانتىنوسنىڭ قۇلىقىغا ياقمىدى بولغاي، ئۇ كايىپ كەتتى.

— لېئودېس، سەن ئورۇنلۇق گەپ قىلمىدىڭ. ئوقيانىڭ كىرىچىنى تارتالمىغانلىقىڭغا قاراپلا، باشقىلارنىمۇ تارتالمايدۇ دەپ ئويلامسەن؟ كېلە، مېلانتوس، — دېدى ئۇ پادىچىغا بۇرۇلۇپ، — بىر چوغدانغا ئوت قالا، ئۇنىڭ يېنىغا بىر ئورۇندۇق قوي، بۇ كامالەكنى چوشقا مېيى بىلەن مايلا، تېز بول!

مېلانتوس ھۇرۇنلۇق قىلىشقا پېتىنالماي، ئىتتەك سوكۇلداپ بېرىپ، ئاشخانىدىن ئوت يېقىغلىق بىر چوغدان، چوشقا مېيى ئاچىقتى. ئانتىنوس يەنە:

— بۇ ئوقيا ئۇزاق تۇرۇپ كەتكەن، شۇڭا كامالىكى تاشتەك بولۇپ كېتىپتۇ. ئوتتا قىزدۇرۇپ، ئاندىن مايلىساق ئاسان ئەگكىلى بولىدۇ، — دېدى.

مېلانتوس ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە كامالەكنى ئوتتا قىزدۇرۇپ مايلىدى، لايىق چۆشكەنلەر كەينى - كەينىدىن كامالەكنى ئېگىپ باقتى. لېكىن، كامالەك يەنىلا ئېگىلمەي تاشتەك تۇراتتى. ئوقيانى سىناپ باقمىغان ئانتىنوس بىلەن ئورىماكوسلا قالدى.

ھەممىسى ھاسىراپ كېتىشتى، ئۇلار ئامالسىزلىقتىن باشلىرىنى چايقاشتى. لايىق چۆشكەنلەرنىڭ دىققىتى كامالەكنى ئېگىشكىلا مەركەزلىشىپ قالغانىدى. قەلەندەرنىڭ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ھېچكىم تۇيمىدى. ئۇ سىرتقا ماڭغاندا، پادىچى بىلەن چوشقا باقارنى سىرتقا چىقىشقا ئىشارەت قىلدى.

ئىككىيلەن ئوردىنىڭ سىرتىغا چىقىپ ئۆزلىرىنى نېمىشقا

سىرتقا چاقىرىپ چىققانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئۇدىسسۇستىن سورى-
دى.

قەلەندەر جىددىي يوسۇندا ئىككىسىگە تىكىلىپ قاراپ، ئاز-
دىن ئېغىز ئاچتى، ئۇنىڭ ئاۋازىدا تۆمۈرنى ئېگىپ تاشلايدىغان
بىر خىل كۈچ - قۇدرەت بار ئىدى.

— دوستلىرىم، سىلەردىن بىر نەرسىنى سورايمەن، —
دېدى ئۇ قاشلىرىنى ھىمىرىپ، — ماڭا ئوچۇق جاۋاب بېرەلەم-
سىلەر؟

— گەپ بولسا ئوچۇق دەۋېرىڭ. بىز تۈز كۆڭۈل
ئادەملەر! — دېدى پىلوتوس ئىككىلەنمەي. ئومائوسمۇ بېشىنى
لىڭشىتىپ ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلدى.

قەلەندەرنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى، ئۇ ساقىلىنى سى-
قىمداپ تۇرۇپ:

— سىلەرنىڭ سادىق ۋە تۈزلىكىڭلارنى كۆرۈپ، سىلەرگە
شۇنداق دېدىم، بولمىسا سۈكۈت قىلىپ يۈرۈۋەرگەن بو-



لاتتىم، — دېدى.

— گەپ بولسا تېزرەك دەڭ، بىزگە تاشقا ئىشەنگەندەك ئىشەنسىڭىز بولىدۇ، — دېدى پىلوتوس ئالدىراپ.

— ماقۇل ئەمسە، سىلەردىن سوراپ باقاي، — دېدى قەلەندەر، — ناۋادا تەڭرىمىز بىردىنلا ئودىسسۇسقا ياقا يۇرتتىن قايتىپ كېلىشنى نېسىپ قىلسا، ئۇنداقتا سىلەر قايسى تەرەپتە تۇرىسىلەر؟ ئودىسسۇسقا ياردەم قىلامسىلەر ياكى لايىق چۇشكەندىلەر تەرەپتە تۇرامسىلەر؟ راست گېپىڭلارنى قىلىڭلار!

— ئاھ، تەڭرىمىز ئۈستىمىزدە تۇرۇپتۇ، — دېدى پىلوتوس قاتتىق ھاياجاندا، — ناۋادا گېپىڭىز راستقا ئايلىنىپ، ئودىسسۇس راستتىنلا قايتىپ كەلسە، يالغان دەۋاتقىنىم يوق، جەڭدە ئودىسسۇسقا پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ياردەم قىلىپ، لايىق چۇشكەندىلەرنى تامام قىرىپ تاشلايمەن.

ئومائوسمۇ قىلچە ئارىسالدى بولماي:

— بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ، بۇ بىزنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان كۈتكەن ئارزۇيىمىز! — دەپ گەپ قاتتى.

— بارىكاللا، سادىق چاكارلار! — ئودىسسۇس ئىككى چاكىرىغا شەكسىز ئىشىنىپ، ئۆزى ئۇزاقتىن بۇيان يوشۇرۇپ كەلگەن ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەردى، — ئاڭلاڭلار، مەن، مەن پادىشاھ ئودىسسۇس بولىمەن! مەن يىگىرمە يىلدىن بېرى تالاي مۇشكۇلاتلارنى تارتىپ، ئاخىر قايتىپ كەلدىم! شۇنچە يىللاردىن بۇيان ئۆزگىرىش زور بوپتۇ دېسە، مېنىڭچە ئادەملەرنىڭ قەلبىدە ئۆزگىرىش زور بوپتۇ! شۇڭا مەن قەلەندەر سىياقىغا كىرىۋالدىم. ئىككىڭلارنى يوشۇرۇن كۆزىتىپ سىلەرنىڭ مۇشۇ كۈنگىچە ماڭا سادىق ئىكەنلىكىڭلارنى بايقىدىم. مېنى ياد ئېتىپ كەپسىلەر، ماڭا سادىق بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە كۆپ رەھمەت. مەن لايىق چۇشكەندىلەرنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئىككىڭلارغا كۆپ ئىنئام بېرىمەن! سىلەرنى ئۆي - ئوچاقلىق قىلىپ

قويىمەن، يەر ـ زېمىن بېرىپ، ئۆي سېلىپ بېرىمەن. تىلىماكوستىن ئۇنىڭ سىلەرنى ھۆرمەتلىشىنى، سىلەرنى ئۆز ئاكىسىدەك كۆرۈشىنى تەلەپ قىلىمەن. قانداق، ئىشەنمەيۋاتامسىلەر؟ ئىشەنمىسەڭلەر، ماۋۇ تاتۇقۇمغا قاراڭلار! ياۋا چوشقا ئاتقىلى چىققاندا قالغان تاتۇق بۇ.

ئودىسسۇس يىرتىق كۆڭلىكىنى قايرىپ، تىزىدىكى ئۇزۇن تاتۇقنى ئۇلارغا كۆرسىتىپ قويدى.

ئىككىيلەن شۇ ھامان خۇشاللىق ئىلكىدە تەسىرلىنىپ كۆزلىرىگە ياش ئېلىشتى. ئۇلار كىچىك بالىلاردەك بۇقۇلداپ يىغلاپ، ئودىسسۇسنىڭ چاچلىرىنى، مۈرىلىرىنى سۆيۈپ كېتىشتى، ئودىسسۇس چوڭقۇر مېھرى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى ۋە:

— گەپ قىلىدىغان ۋاقىت قالمىدى، ئەمدى ھەرىكەت باشلايدىغان چاغ يېتىپ كەلدى. ئومائوس، سېنىڭ ۋەزىپەڭ لايىق چۇشكەنلەرنىڭ توسقىنىغا قارىماي، ئوقيانى يۈرەكلىك ھالدا ماڭا بېرىسەن. ئاندىن دېدەكلەرنى ئارقا ھويلىغا سولاپ، زالنىڭ ئىشىكىنى سىرتىدىن مەھكەم ئېتىۋېتىسەن. سەن، پىلوتوس، تاشقىرىقى ھويلىنىڭ ئىشىكىنى ئېتىۋېتىسەن، ئارقان بىلەن چىڭ باغلىۋەتسەڭ بولىدۇ. ھېچكىم چىقىپ كەتمىسۇن. يادىڭدا بولسۇنكى، ھەرىكەت سىگنالى مېنىڭ ئاتقان بىرىنچى يا ئوقى بولىدۇ، ئەمدى بۆلۈنۈپ ھەرىكەت قىلايلى!

زالدا، ئورىماكوس قىپقىزىل كۆيۈۋاتقان چوغدانىدىكى ئوتقا ئوقيانى قاقلاپ ئولتۇراتتى، قالغانلار ئوقيادىن كۆزلىرىنى ئۈزۈۋالالماي قالغانىدى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن گۇمان، ئازاب، بەزىلىرىنىڭ چىرايلىرىدىن بىلىنەر ـ بىلىنمەس قايىللىق ۋە قورقۇنچ ئەكس ئېتەتتى. ئورىماكوس ئوقيانى ئوتتا قىزدۇرۇپ ھەرقانچە تارتقان بولسىمۇ، كامالەكنى زادىلا ئېگەلمىدى. ئۇ ئاخىر ئىلاجىسىزلىقتىن، ئوقيانى يەرگە قويۇپ پېشانىسىگە



مۇشتلاپ خۇرسىنغان هالدا:

— تازىمۇ قاملاشمىدى ـ دە، كىشىنىڭ تازىمۇ ئاچچىقىنى كەلتۈرگۈدەك! هە، مەن پېنېلوپېنى ئالالمىغانلىقىم ئۈچۈن خاپا بولۇۋاتقىنىم يوق. ئىتاكېدا ئاكىيا ئاياللىرى ساماندەك، مەن ئۆزۈمنىڭ يارامسىزلىقىمدىن، بىزنىڭ ئودىسسۇستىن پەرقىمىز-نىڭ شۇنچىلىك چوڭلۇقىدىن ئاچچىقلىنىۋاتىمەن! كېيىنكى كۈن-لەردە، ئەۋلادلىرىمىز بۇ ئىشنى تىلغا ئالسا، ئۇلار بىزنى مەس-خىرە قىلىپ كۈلىدۇ! ئۇلار: ئاشۇ لايىق چۈشكەنلەر ئوقيانىڭ كامالىكىنى ئېگەلمەي تۇرۇپ، ئۇلارغا باھادىرلىقنى تالىشىپ، خوتۇن ئېلىشنى كىم قويۇپتۇ دەيدۇ!

— بۇنداق دېمە، ئورىماكوس، — دېدى ئانتىنوس كايىپ، ئۇ يەنىلا قايىل بولماي، ئازراق بولسىمۇ ئۈمىدلىنىپ ئولتۇرات-تى، — بۈگۈن ئاپوللونىڭ بايرىمى، بايرام كۈنى بەسلىشىش مۇۋاپىق ئەمەس. بىز ئوقيا ئېتىشنى قويۇپ، شاراب ئىچەيلى. پالتىلار تىكلەكلىك پېتى تۇرسۇن، ئەتە ئوقياچى تەڭرى ئاپوللوغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ، ئاندىن بەسلىشەيلى، نۇسرەت قازانساق ئەجەب ئەمەس.

لايىق چۈشكەنلەر ئىلاجىسىزلىقتىن شاراب ئىچىپ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىۋاتقاندا، ئودىسسۇس ئەمدى ئوقيا ئېتىشنى تەلەپ قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى ۋە لايىق چۈشكەنلەرگە بۇرۇلۇپ:

— بۇمۇ بولىدىغان گەپ ئىكەن، بۈگۈن بەك چارچاپ كەتتىڭلار. ئوبدانراق دەم ئېلىپ، قۇياش تەڭرىسى مۇقەددەس ئوقياچى ئاپوللودىن سىلەرنىڭ يېڭىپ چىقىشىڭلارنى تىلەيلى. شۇ تاپتا، ھەربىرىڭلار ئۆزۈڭلارنى سىناپ كۆردۈڭلار. قېرى تۇرۇپ مەنمۇ ئويلاپ قالدىم، ئۆزۈمنى بىر سىناپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ. راستىمنى ئېيتسام، مەن ھېچنېمە تەمە قىلمايمەن، ئەينى يىللاردىكى كۈچۈمدىن قانچىلىك كۈچ قالدى، بىلىپ باقاي دەيمەن. سەرسانلىق ئىچىدە ئۆتكەن ھايات كۈچ ـ ماغدۇرۇمنى خورىتىپ تۈگىتىۋەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن،— دېدى.

ئانتىنوس شۇئان ۋارقىراپ، ئودىسسۇسنى ئۆزىنى بىلەلمەي قېلىۋاتىدۇ، بىكار يەپ ـ ئىچىپ يۈرگىنىگە رازى بولماي، بارغانسېرى تەلۋىلەشكىلى تۇردى، ئۇ بىر بولسا شاراب ئىچىپ مەست بولدى، بىر بولسا ئالجىۋاتىدۇ دەپ تىللاپ كەتتى. ئانتىنوس يەنە قەلەندەر ئوقيانى قولىغا ئالسىلا، ئۇنىڭ شۇ ھامان ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق بىلجىرلىدى.

لېكىن، پېنېلوپې ئانتىنوسنىڭ ئەدەپسىزلىكىگە چەك قويدى، ئۇ تەنتەنىلىك ھالدا:

— بوۋاي سىناپ باقسۇن، ئۇنىڭ مېنى خوتۇنلۇققا ئېلىش تەمەسى يوق، لايىق چۈشكەنلەرنىڭ بۇ ئىشتىن غەم قىلىشى ئاساسسىز، بۇ يەر ئادىل كۈچ سىنىشىدىغان سورۇن. ھەممە ئادەم ئۆزىنى سىناپ بېقىشقا ھەقلىق. قېرى قەلەندەر كىرىچنى تارتالىسىمۇ، كۈچىنى سىناپ باقسا، بۇنىڭ ھېچقانداق زىيىنى يوق،— دېدى.

ئورىماكوس تولىمۇ تادان ئادەم ئىدى، ئۇ باشقىلارغا قارىغاندا

يىراقنى كۆرەتتى. ئۇ ناۋادا قەلەندەر كىرىچنى تارتسا، ئۆزىنىڭلا ئەمەس، يېنىدا ئولتۇرغان بىر تـوپ ئادەمنىڭ ئىناۋىتى ۋە شان - شۆھرىتى سۇغا چىلاشمامدۇ؟ دەپ ئويلىدى. شۇنداق بولسا، بـۇ ئىشنى پـۇتـكۈل يـۇنـان بىلىپ كەتسە، كىشىلەر سۆز - چۆچەك قىلىشىپلا قالماي، يەنە تېخى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھېچقايسىسى تارتالمىغان خىسلەتلىك نەقىشلەنگەن يانى نەلەردىندۇر كەلگەن بىر قېرى قەلەندەر تارتىپ، تىكلەكلىك ئون ئىككى پالتىنىڭ كۆزىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ، دەپ ئۇلارنى زاڭلىق قىلىپ كۇلۇشى تۇرغان گەپ ئىدى.

پېنېلوپې سورۇندا بولۇۋاتقان ئىشلارنى كۆرۈپ، قەلەندەرگە قاراپ ئادىللىق بىلەن:

— ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئەقىللىق، باھادىر، ئاددىي خەلقنىڭ دۆت ۋە يارامسىز بولۇشى ناتايىن. بۇ مۇساپىر ئېسىلزادە ئائىلىدىن كېلىپ چىققان. قاراڭلار، ئۇ نېمىدېگەن بەستلىك، نېمىدېگەن كۆچتۈڭگۈر! ئۇ سىناپ كۆرۈپ باقسۇن، ئۇ راستىنلا يانى تارتالىسا، مەن ئۇنىڭغا بىر ئىچ كىيىم، بىر خالات، بىر جۈپ كەش، بىر نەيزە ۋە بىر خەنجەر مۇكاپات بېرىمەن. ئۇ شۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ خالىغان يېرىگە كەتسۇن، — دېدى.

شۇ چاغدا، تىلىماكوس ئاپىسىنى ئارقا ھويلىغا كەتكۈزۈۋەتتى. ئۇ ئاپىسىغا: ئوقيانى كىمگە بېرىشنى قارار قىلىشقا ئۆزىنىڭ ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى، ئۇ ماقۇل بولسىلا، ھەتتا قەلەندەر ئوقيانى ئېلىپ كەتسىمۇ بولىدىغانلىقىنى، ئاياللارنىڭ خىزمىتىنىڭ رەخت توقۇش ئىكەنلىكىنى، ئەرلەرنىڭ ئوقيا ئېتىش ئىشىغا ئاياللارنىڭ ئارىلاشمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئەسلىدە، تىلىماكوس يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان قانلىق جەڭ كۆرۈنۈشىنى ئاپىسىغا كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۇنى ئارقا ھويلىغا كىرىپ كېتىشكە ئۈندىگەنىدى.

ئەمما، پېنېلوپې ئۇنداق چۈشەنمىدى، ئۇ كۆڭلىدە ئوغلۇم



چوڭ بوپتۇ، ئەرلەرنى ئېزىزلەپ، ئاياللارنى خارلايدىغان ئەقىدە
بىلەن ئىش قىلىشقا باشلاپتۇ، دەپ چۈشەندى. ئوغلىنىڭ گېپىدـ
دىن ھەيران بولغان ھەم رەنجىگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئىتائەتـ
مەنلىك بىلەن، دېدەكلىرىنى باشلاپ ئارقا ھويلىغا قاراپ ماڭدى.

چوشقاباقار ئومائوس لايىق چۈشكەنلەرنىڭ ۋارقىراشلىرىغا
پەرۋا قىلماي، ئوقيانى قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالدى. لايىق چۈشـ
كەنلەر ئۇنى «دۆت چوشقا»، «لەقۋا»، «سەھرالىق» دەپ تىلـ
لىغان بولسىمۇ، ئۇ ئوقيانى يەرگە قويمىدى. ئاخىر، ئۇنى
قىيىن ئەھۋالدىن تىلىماكوس قوتۇلدۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭغا ئوقـ
يانى يەرگە قويماسلىقنى ھەم بۇ يەردە پەقەت ئۆزىنىڭ گېپىلا
ئاقىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئومائوس ئوقيانى قەلەندەرگە سۇنغان چاغدا، لايىق چۈشكەنـ
لەر ئىلاجىسىزلىقتىن كۈلۈشۈپ كېتىشتى. لايىق چۈشكەنلەرـ
نىڭ دىققىتى قەلەندەرگە مەركەزلىشىپ قالغاندا، ئومائوس شاھـ
زادىنىڭ بۇيرۇقىنى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئورىكولىيەگە يەتكۈزـ
دى ۋە ئۇنىڭ دېدەكلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئارقا ھويلىغا سولاپ
قويۇشنى تاپىلىدى. پىلوتوس ئاستا ھويلىنىڭ ئالدى تەرىپىگە
بېرىپ، دەرۋازىنى ئارقان بىلەن چىڭ باغلىۋەتتى.

ئودىسسۇس ئوقيا بىلەن ئوقدانىنى قولىغا ئېلىپ، قاتتىق
ھاياجانلاندى. ئۇ بۇ ئوقيانى ئۇزاقتىن بۇيان قولىغا ئېلىپ باقمىدـ
غان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ئوقياسى ئىدى. ئوقيانىڭ ھەرـ
بىر قىسمى ئۇنىڭغا شۇنچىلىك تونۇش ئىدى، ئوقيانى قۇرت
يېدىمىكىن، زەخمەت يەتتىمىكىن، چاتاق چىقىپ قالامدىكىن دەپ
ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ چىقتى. ئوقيانى شۇنچىلىك كۆـ
ڭۈل قويۇپ تەكشۈردىكى، ھەتتا ئەتراپىدىكىلەرنىڭ زاڭلىق ئاردـ
لاش تىللاشلىرىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى.

ئوقيادىن سۇزۇك بىر ئاۋاز چىقتى، بۇ ئاۋاز چىلتارنىڭ
ئاۋازىغا، قارلىغاچلارنىڭ سايرىغان ئاۋازىغا ئوخشايتتى، بۇ قەـ

لەندەرنىڭ ئوقيانىڭ كىرىچىنى تارتقان چاغدا چىققان ئاۋازى ئىدى. ئەسلىدە، سورۇندىكىلەر دىققەت قىلىشقا باشلا - باشلىمايلا، ئودىسسۇس خۇددى ھاپىز چىلتارغا يېڭىدىن تار سالغانغا ئوخشاش ھېچقانچە كۈچىمەيلا كامالەكنى كىرىچكە سۇركىدى، شۇئان لايىق چۇشكەنلەر ئوقيادىن چىققان ئاۋازنى ئاڭلاپ، خۇددى گۈلدۈرماما ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك قورقىنىدىن دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىشتى.

قەلەندەر ئوقداندىن بىر تال ئوقنى ئېلىپ، ئاندىن مەردانە قەدەم تاشلاپ، چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى - دە، سول قولىدا يا سېپىنى ئىتتىرىپ، ئوڭ قولىدا كىرىچنى تارتتى. «باشلاندى!» دەپ ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى بىلەن تەڭ قاتتىق كامالەك ئېگىلىپ يېرىم ئاي شەكلىگە كىردى. ئارقىدىن «ۋىژژىدە» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئوقيادىن ئۇزۇلگەن ئوق ئۇچۇشلۇق ھالدا تىكلەكلىك ئون ئىككى پالتىنىڭ كۆزىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئولتۇرغانلار ھەيران بولۇپ «پاھ» دېيىشىپ كېتىشتى.

قەھرىمان كەينىگە ئۆرۈلۈپ، چىرايىنى ئۆزگەرتمەي تەمكىنلىك بىلەن:

— ئودىسسۇسنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلى، مېنىڭدەك بىر قەلەندەرنى ئوردىڭىزدا تۇرغۇزۇپ، قىزغىن مېھمان قىلدىڭىز، مېنى پەس كۆرمىدىڭىز، ئوقيانىڭ كىرىچىنى تارتىپ يۈز قەدەم نېرىدا تۇرۇپ ئوقيادىن ئوق ئۈزۈپ تىكلەكلىك ئون ئىككى پالتىنىڭ كۆزىدىن ئۆتكۈزۈشۈم، سىزگە بىلدۈرگەن تەشەككۈرۈم بولۇپ قالسۇن، سىز كىيىم - كېچەك ۋە يېمەك - ئىچمەكلەرنى بىر ئەخمەققە سەدىقە قىلماپسىز. ئۇ ھەر ھالدا يۈزىڭىزنى چۈشۈرمىدى. لايىق چۇشكەنلەر مېنى كۆزگە ئىلمىغان، مازاق قىلغان، لېكىن مەن ئۆز ئەجرىم ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ يارىماس ئەمەس ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلىدىم. مەن تېخى ماغدۇرۇمدىن كەتمەپتى-

مەن. خوش، ئەمدى ئاكىيا خەلقىنى غىزاغا باشلايدىغان چاغ بولدى. كۆن ئولتۇرۇپ كەتكۈچىلىك ئاش تارتىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن، نەغمە - ناۋا قىلايلى، كۆڭۈل ئاچىدىغان باشقا ئويۇنلارنى ئوينايلى، — دېدى.

بىر ئېغىز گەپ ئەسلىدە بەلگە ئىدى، «كەچلىك تاماق تەييارلاش»، «نەغمە - ناۋا قىلىش»، «كۆڭۈل ئېچىش» دېگەندىلىك «زەربە بېرىش»، «جەڭ قىلىش»، «دۈشمەننى يوقىتىش»، دېگەنلىك بولۇپ، شۇ تاپتا ئودىسسۇس ئوغلىغا بەلگە بەرگەنىدى.

ئاتىسىنىڭ پەرمانىنى ئاڭلىغان زېرەك ھەم باتۇر تىلىماكوس دەرھال خەنجىرىنى ئېلىپ، نەيزىنى ئېلىپ، ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان ساۋۇتنى كىيىپ، ئاتىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى.

## ئون ئۈچىنچى قىسىم

# يوقىتىش جېڭىنىڭ چىرايلىق تامام بولغانلىقى

ئودىسسېۋس نەرە تارتقان ئاسلاندەك، ئۆلجىسىگە ئېتىلغان قىران بۈركۈتتەك ئېگىز بوسۇغىغا چىقتى. ئۇ ئۈچىسىدىكى جۇل - جۇل كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، ئوقيانىڭ كىرىچىنى تارتىپ كۆردى - دە، ئوقداندىن يەنە بىر تال ئوق ئېلىپ، بىرىنچى قېتىم خوجايىنغا خاس تەلەپپۇزدا:

— بىرىنچى قېتىملىق مۇسابىقە تۈگىدى، ئەمدى ئىككىنچى قېتىملىق مۇسابىقىنى باشلايلى! ئەمدىكى نىشاننى ئۆزۈم بەلگىلەيمەن؛ بۇ قېتىمقىسى ھەقىقىي مۇسابىقە بولىدۇ، مەن ئۆزۈمنىڭ ئۈتۈپ چىقماي قالمايدىغانلىقىمغا كاپالەت بېرىمەن! — دەپ جاكارلىدى.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا، قوش قۇلاقلىق ئالتۇن قەدەھنى كۆتۈرۈپ شاراب ئىچىۋاتقان ئانتىنوسنى قارىغا ئېلىپ ئوقيادىن ئوق ئۈزدى؛ ئوق ۋىژىلداپ بېرىپ ئۇنىڭ گېلىغا تەگدى. ئوقنىڭ ئۇچى ئانتىنوسنىڭ پاتىقىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ گەپ قىلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئاۋازىنىمۇ چىقىرالماي، ئاغزى - بۇرنى قان بولۇپ ئوڭدىسىغا چۈشتى. ئالتۇن قەدەھمۇ قولىدىن چۈشۈپ كەتتى، ئۇ يىقىلىپ، ئۈستەلنى ۋە ئۈستەلدىكى ھەممە نەرسىلەرنى ئۆرۈۋەتتى.

لايىق چۈشكەنلەر باشتا نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي، تېڭىرقاپ قېلىشتى. ئۇلار ئون مىنۇتلاردىن كېيىن، ئەس -

ھوشلىرىغا كېلىپ، قەلەندەرنىڭ ئۆزلىرىنى دۈشمەن قاتارىدا كۆرۈۋاتقانلىقىنى بىلىشتى. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن سەكرەپ تۇرۇ-شۇپ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تامدا ئېسىقلىق تۇرغان قورال - ياراغلارنى ئېلىش ئۈچۈن يۈگۈرۈشتى. لېكىن، ھازىر تامدا قورال - ياراغلار يوق تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بېشىدىن ئايرىلغان چىۋىنلەردەك ئۆزلىرىنى ھەر ياققا ئۇرۇشتى ۋە چۇقان كۆتۈرۈشتى.

— نېمىشقا تىرىك ئادەمنى نىشان قىلىسەن؟

— سەن ئادەم ئۆلتۈرۈشكە پېتىندىڭمۇ؟

— ئوقيانى قوي، بىز سېنى قىيما - چىيما قىلىۋېتىمىز!

ئودىسسۇسنى شۇ چاققىچە قەلەندەر ئورنىدا كۆرۈپ كەلگەن، ئانتىنوس ئوق يەپ ئۆلۈپ كېتىشنى تاسادىپىيلىق دەپ بىلگەن لايىق چۇشكەنلەر ئۆزلىرىنىڭمۇ ئوخشاش ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقى-نى ئويلىمىغانىدى.



ئودىسسۇس گىگانت ئادەمدەك بوسۇغىدا تۇرۇپ لايىق چۈش-كەنلەرگە قاراپ گۈلدۈرمامىدەك قاتتىق ئاۋازدا ھۆركىرىدى:

— ھايۋانلار! كۆزۈڭلارنى يوغان ئېچىپ قاراڭلار، مەن كىم؟ مەن مۇشۇ يەرنىڭ خوجايىنى، قەھرىمان ئودىسسۇس بولى-مەن! سىلەر مېنى مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدۇ دەپ ئويلاپ، مېنىڭ مال - مۈلكىمنى زايا قىلدىڭلار. خوتۇنۇمغا لايىق چۈشتۈڭلار، چاكارلىرىمنى ئالدىدىڭلار، ھەتتا تەڭرىنىڭ جازالىشىدىن قورق-مىدىڭلار! ئەمدى بۈگۈن سىلەرنىڭ مەھشەر كۈنۈڭلار، ھەممىڭ-لارنى جەھەننەمگە يولغا سالىمەن!

لايىق چۈشكەنلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قورقىنىدىن چىرايى تاتىرىپ غال - غال تىترەپ كېتىشتى. ھەممىسى ساراسىمگە چۈشۈپ قېچىشنىڭ كويىدا ئەتراپىغا ئالاڭلاپ قاراشتى.

ئورىماكوس ئۆلارنىڭ ئارىسىدا ھىيلىسى كۆپ ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن جازادىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىمكان بار مەسئۇلىيەتنى باشقىلارغا ئارتىپ، ئودىسسۇسقا ياخشىچاق بولۇش ئويى بىلەن:

— قەھرىمان ئودىسسۇس، ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزدىن ئۆتسىلە، بىز سىلىنىڭ زېمىنلىرىدا، ئوردىلىرىدا تالاي گۇناھلارنى ئۆتكۈزدۇق، بىزنى مۇشۇنداق قى-لىشقا كۈشكۈرتكەن كىشى — ئانتىنوس. ئۇ باش جىنايەتچى، ئۇ خوتۇنلىرىغا لايىق چۈشۈپ، تەختلىرىنى تارتىۋالماقچى بو-لۇپ، شاھزادىنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىغان، راست شۇنداق بول-غان، ئۇ بىر ئوق بىلەن جازاسىنى تارتتى. ئۇمۇ شۇ جازاغا لايىق ئىدى. ئاساسلىق جىنايەتچى ئۆلگەندىن كېيىن، بىزگە ئوخشاش ئەگەشكۈچىلەرنى ئەپۇ قىلىۋەتسىلە، بىزنى قويۇپ بەرسىلە، ھەربىرىمىز ئون ئىككى بۇقا، ئالتۇن - كۈمۈش سوۋغا قىلىپ، سىلىگە بولغان ھۆرمىتىمىزنى بىلدۈرىمىز، — دېدى.

— ھىم، — ئودىسسۇس دىمىقىنى قېقىپ، سوغۇق كۈل-



دى، ئاندىن ئورىماكوسنى سۆكۈپ تۇرۇپ دېدى، —
ئورىماكوس، سەن مۇشۇ ئاغزىڭ بىلەن بىلەكتەك تۆمۈرنىمۇ ئۈزۈۋېتىسەن! شۇڭا خەقلەر سېنى يەتتە بېشى بار دەيدۇ. ئادەم- نىڭ ئاغزى قانچىلىك تاتلىق بولغانسېرى، ئىچى شۇنچە قارا بولىدۇ! ماڭا ئايان، ھەممىگە يول كۆرسەتكەن ئادەم سەن. تىلىماكوسنى يولدا ئۆلتۈرۈۋېتىش پىلانىنى سەن ئوتتۇرىغا قوي- غان، ئانتىنوس پىلاننى ئىجرا قىلغۇچى. ئەمدى بارلىق مال - مۈلكىڭلارنى بەرسەڭلەرمۇ سىلەرنى ھەرگىز كەچۈرمەيمەن. چۈن- كى مەن بىلىمەن، توڭلاپ قالغان يىلان ئۆزىگە كەلگەندىن كې- يىن يەنىلا ئادەم چاقىدۇ. قاچامسىلەر يا ئېلىشامسىلەر، ئۆزۈڭ- لارنىڭ ئىختىيارى، مەندىن بىر قوشۇق قېنىڭلارنى تىلىمەكچى

بولساڭلار، بۇ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، — دېدى.

لايىق چۈشكەنلەرنىڭ چىرايلىرىدا قان دىدارى قالمىدى. ئورىماكوس يەنە گەپ قىلدى، بىراق بۇ قېتىم ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەملىرىگە گەپ قىلدى:

— ئامال يوق، ھامان بىر ئۆلۈم، جان تىكىپ ئېلىشايلى! خەنجىرىڭلارنى چىقىرىڭلار، ئۇستەللەرنى ئۇنىڭ ئوقىنى توسايدىغان قالقان قىلىپ، ئاندىن ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنى بوسۇغىدىن چۈشۈرۈۋېتەيلى. بۇ يەردىن بۆسۈپ چىقىپ ھەمدەمچى قوشۇن تاپايلى.

ئورىماكوس شۇنداق دەپ خەنجىرىنى قېنىدىن چىقىرىپ ۋارقىرىغىنىچە ئېتىلىپ كەلدى. دەل شۇ چاغدا ئودىسسۇسنىڭ ئوقياسىدىن ئۇزۇلگەن ئوق ئۇنىڭ كۆكرىكىنى تېشىپ ئۆتتى. ئۇ چىراينى پۈرۈشتۈرۈپ ئازابلانغان ھالدا ئىگىرىغان پېتى ئۇستەلدىن تىك موللاق ئېتىپ چۈشتى. قەدەھ، پەتنۇسلار ھەممە يەرگە چېچىلىپ كەتتى. ئۇ بېشىنى يەرگە ئۇردى، بىر پەستىلا بەدىنى تارتىشىپ جان ئۈزدى.

ئامفېنومۇس خەنجىرىنى كۆتۈرۈپ ئىشىككە ئېتىلدى، ئۇ قېچىپ كەتمەكچى بولۇۋاتاتتى. ئودىسسۇس ئوقياسىغا تېخى ئوق سالمىغان، ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، ئۇنىڭغا تىلىماكوس ياردەم قىلدى. تىلىماكوس ئاتقان نەيزە ئامفېنومۇسنىڭ دۈمبىسىگە تېگىپ، ئۇمۇ يىقىلدى.

ئوغلى ئىككى نەيزە، بىر قالقان، مىستىن ياسالغان بىر دۇبۇلغا كۆتۈرۈپ ئادەملەر توپىنى يېرىپ ئۆتتى - دە، ئاتىسى بىلەن مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ بوسۇغىدا تۇردى. ئۇ يەنە ئىتتىك يۈگۈرۈپ چىقىپ، سىرتتىن تېخىمۇ كۆپ قورال - ياراغ، سەككىز نەيزە، تۆت قالقان، ئاتنىڭ قىلى بىلەن زىننەتلەنگەن تۆت دۇبۇلغا ئەكىرگەندى. تىلىماكوس قورال - ياراغلارنى ئىككى سادىق مالچىسىغا بەردى، ئىككى مالچىمۇ تولۇق قورالLاندى.



تۆتەيلەن خۇددى مەزمۇت تاغدەك قېچىپ كېلىۋاتقان لايىق چۇشكەنلەرنىڭ ئالدىنى توسىدى.

ئودىسسۇسنىڭ ئاتقان ئوقى بىكارغا كەتمىدى، ئۇ لايىق چۇشكەنلەرنى بىر - بىرلەپ جەھەننەمگە يوللاۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆلۈكلىرى ئوتۇن دۆۋىسىدەك ئۇستى - ئۇستىلەپ دۆۋىلىنىپ كەتتى. ئۇ ئاخىرقى ئوقنى ئېتىپ بولۇپ، ئوقياسىنى تۇۋرۇككە يۆلەپ قويدى - دە، دۇبۇلغىسىنى كىيىپ، قولىغا كالا تېرىسىدىن ياسالغان قېلىن قالقاننى ئېلىپ، ئىككى نەيزىنى كۆتۈرگەن پېتى دۇشمەننى ئۇر - چاپ قىلىشقا باشلىدى.

چوڭ زالنىڭ يان تەرىپىدە بىرلا ئادەم ئۆتەلەيدىغان بىر كىچىك ئىشىك بار ئىدى، شۇ يەردىن ئارقا ھويلىغا چىققىلى بولاتتى. ئودىسسۇس بۇ ئىشىكنى ساقلاشنى ئومائوسقا تاپشۇرغانىدى. لېكىن، جەڭ باشلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، ئومائوس ئودىسسۇسقا ياردەمگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئىشىك قاراقسىز قالدى. لايىق چۇشكەنلەردىن ئاگېلائوس بۇ پايدىلىق پۇرسەتنى بايقاپ، ھەمراھلىرىنى يان ئىشىكتىن قېچىشقا قۇتراتتى.

لايىق چۇشكەنلەرگە جان - دىلى بىلەن كەتمەن چېپىۋاتقان مېلانتوس ئاكتىپلىق بىلەن ئەقىل كۆرسىتىپ، ئۇلارغا يان ئىشىكنى تونۇشتۇردى. ئۇ يان ئىشىكنىڭ كىچىك ھەم تارلىقىنى، كۆپچىلىكنىڭ ئىشىككە خۇددى قوتان ئىشىككە قاپلىشىپ قالغان مالدەك قاپلىشىپ قالىدىغانلىقىنى، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى بىر - بىرلەپ ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىدىغانلىقىنى، ھېچكىمنىڭ قېچىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ ئەھۋالدا، بىر ئادەم ئاۋۋال چىقىپ، قورال - ياراغ ئەكەلسە، ئاندىن ئۇلار مۇداپىئەدىن ھۇجۇمغا ئۆتەلەيتتى، بۇ ئىشنى قىلىشقا ئۇ ئۆزىنى مەلۇم قىلدى.

مېلانتوس گېپىنى تۇگىتىپ، دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتتى، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ كىرىپ - چىقىپ يۇرۇپ،

ئون ئىككى كىشىلىك قالقان ھەم شۇنچىلىك نەيزە ۋە دۇبۇلغا ئەكەلدى. ئودىسسۇس دۈشمەنلەرنىڭ بىردىنلا تولۇق قوراللانغاندىلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران بولدى. ئۇ ئوغلىدىن: ئاسمى دېدەكلەرنىڭ بىرەرسى دۈشمەنىگە يوشۇرۇنچە قورال يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقان - بېرىۋاتمىغانلىقىنى سورىدى. تىلىماكوس بېشىنىڭ دوقىسىغا ئۇرۇپ، «ئاپلا» دەپ تېپىرلاپ كەتتى. چۈنكى ئۇ كېچىدە قورال - ياراغنى يوشۇرۇپ قويۇپ، ئامبارنىڭ ئىشىكىنى قۇلۇپلاپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالغانىدى.

— ئامال تېپىلدى! — دېدى ئومائوس ئىشنى ئوڭشايدىغان چارىدىن بىرنى تېپىپ. چۈنكى مېلانتوسنىڭ قورال - ياراغ توشۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەنىدى. ئۇ مېلانتوسنى تۇتۇپ كېلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئۇنى تىرىك ئەكېلىش ياكى ئۆلتۈرۈۋېتىش توغرۇلۇق ئودىسسۇستىن سورىدى.

— ئۇ ئەبلەخنى تىرىك تۇتۇڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى ئودىسسۇس، — پىلوتوس سەن بىلەن بىللە بارسۇن. ئۇنىڭ پۇت - قولىنى باغلاپ لىمغا ئېسىپ قويۇپ، ئىشىكنى مەھكەم قۇلۇپلاپ دەرھال قايتىپ كېلىڭلار!

مېلانتوس نەچچە قېتىم ئوڭۇشلۇق قورال - ياراغ يۆتكەپ كۆرەڭلەپ كەتتى. ئۇ ئىككى قولىدا ساۋۇت، قالقان كۆتۈرۈپ ئامباردىن چىقىۋېدى، ئويلىمىغان يەردىن ئىشىكنىڭ كەينىدىن ئېتىلىپ چىققان ئىككى كىشى ئۇنى تۇتۇپ يەرگە باستى، ئاندىن بىر قول ئۇنىڭ كارنىيىنى چىڭ سىقىپ ئاۋازىنى چىقىرالماس قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى باغلاندى، ئۇستىخانلىرى غاراسلاپ كەتتى.

— ئىت بىلەن چوشقىدىنمۇ پەس مېلانتوس! — دېدى پىلوتوس ئۇنىڭ قولىنى كەينىگە قايرىغاچ تىللاپ، — سەن قورال - ياراغ توشۇپ بەك ھېرىپ كەتتىڭ. مەن ساڭا بىر مۇئەللەق تۆشەك ياساپ بېرەي، شۇ تۆشەكتە يېتىپ ئارام ئال-

غىن، بۇ تۆشەك شۇنداق راھەت، سەت چوقۇم رازى بولىسەن!

ئىككى مالچى بىر ئارقاننى لىمدىن ئۆتكۈزۈپ، مېلانتوسنى شۇ ئارقانغا باغلاپ ئاندىن ئارقاننى تارتىپ، لىمغا يېقىن قىلىپ ئېسىپ قويدى. ئۇ ئىككىسى ۋەزىپىسىنى تۈگىتىپ ئىشىكنى قۇلۇپلاپ ئودىسسۇسنىڭ يېنىغا قايتىپ، جەڭنى داۋاملاشتۇردى.

ئويلىمىغان يەردىن بەشىنچى بىر ئادەم كېلىپ، ئودىسسۇس بىلەن بىللە جەڭ قىلدى. ئۇ مانتونىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئافېنا ئىدى. مانتونىڭ ھەمدەمگە كەلگەنلىكىنى كۆرگەن لايىق چۈشكەن ئاگېلائوس قەھرى - غەزىپى بىلەن مانتوغا ئاتا - بالا ئىككىسىدىن غالىب كەلسە، ئۇنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئافېنا ئودىسسۇسنى تېخىمۇ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ قويۇپ، ئۆزى ئۇچار قۇشقا ئايلىنىپ، لىمغا قوندى. مانتونى قورقۇتۇپ قاچۇرۇۋەتتىم دەپ ئويلىغان ئاگېلائوسنىڭ ئەقىل - پاراسەت ھەم غەلىبىنىڭ تەڭرىچىسى ئافېنا



يوشۇرۇن كارامەت كۆرسەتكەچكە، لايىق چۈشكەنلەرنىڭ ئاتقان نەيزىلىرىنىڭ نىشانغا تەگمەيۋاتقانلىقىدىن خەۋىرى يوق ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن، لايىق چۈشكەنلەر ئالتىدىن بىر گۇرۇپپا بولۇپ، كۆچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئودىسسۇسقا قارىتىپ نەيزە ئېتىشقا باشلىدى. لېكىن، ئافىنا ئۆزىنىڭ ئۆزۈن نەيزىسى ئار-قىلىق لايىق چۈشكەنلەر ئاتقان نەيزىلەرنى نىشاندىن چەتلىتىۋەت-تى. ئۇلارنىڭ نەيزىلىرى تۈۋرۈككە، ئىشىككە ۋە تامغا تېگىشكە باشلىدى.

ئودىسسۇس باشلىق تۆت كىشىنىڭ ئاتقان نەيزىلىرى بىكارغا كەتمىدى. ئۇلار ھەر نۆۋەت تۆت نەيزە ئاتقاندا، تۆت دۈشمەن ئازابلىق ئىڭراپ يىقىلاتتى. ئومائوس نەيزە ئاتقاچ، يۇقىرى ئا-ۋازدا غەزەپ بىلەن:

— كتېسىپپوس، ئاجىزلارنى بوزەك قىلىدىغان ئەبلەخ! خوجايىنىم مېھمانخانىدا قەلەندەرلىك قىلىۋاتقان چاغدا، سەن ئۇنىڭغا كالا پاقالچىقى ئاتقان ئىدىڭ، سەن ئەمدى ماۋۇ «كالا پاقالچىقى»نىڭ تەمىنى تېتىپ باق! — دېدى.

ئومائوس ئاتقان نەيزە كتېسىپپوسنىڭ كۆكرىكىنى تېشىپ ئۆتتى - دە، ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، جەھەننەمگە يول ئالدى.

كۆپ ئۆتمەستىن زالنىڭ ئىچى ئۆلۈكلەر بىلەن تولدى. نەيزە ئاگېلائوسنىڭ قارنىنى تېشىۋەتكەن، ئورىداماسنىڭ كۆزى قۇيۇلۇپ كەتكەن، ئورائادېسنىڭ بېشىدىن تۆشۈك ئېچىلغانىدى ... لايىق چۈشكەنلەر كەينى - كەينىدىن يەر چىشلەيتتى، تىرىك قالغانلار بىر بولسا ئەڭ ئىچكىرى بۇلۇڭغا بېرىۋالاتتى، بىر بولسا ئۆلگەنلەرنىڭ قورالىنى ئېلىپ قارشىلىق كۆرسىتەتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ تەھدىتى ئانچە چوڭ ئەمەس، تىلىماكوسنىڭ بېغىشى يارىلانغان، نەيزە ئومائوسنىڭ مۈرىسىنى سەل - پەل جىجاپ ئۆتكەنىدى، گەرچە ئۇلار يېنىك يارىلانغان بولسىمۇ، ئەمما باي-

قىدىنمۇ بەكرەك غەزەپلىنىپ كېتىشتى.
جەڭ ئاخىرلىشىپ قالاي دېدى، ئودىسسۇسنىڭ جازاسىدىن ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ئۇنىڭ قەدىمى يەتكەنلا يەردە قانلار چاچراپ ئاقاتتى، جان تالىشىۋاتقانلارنىڭ ئېچىنىشلىق نالە - پەريادى ئەتراپنى بىر ئالاتتى.
ساقىي لېئودېس تېخى ئۆلمىگەنىدى. ئۇ قورۇق قول كې-لىپ ئودىسسۇسنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى، پۇتىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ: ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە پەقەت تەڭرىلەرگە شاراب چېچىش ئۇچۇن مەجبۇرى ئەكېلىنگەنلىكىنى، ھېچقانداق يامان ئىش قىلمىغانلى-قىنى ئېيتتى.
ئودىسسۇس قاپىقىنى تۈرۈپ ئۇنىڭدىن: تەڭرىلەرگە شاراب چاچقىنىڭ ئەمەلىيەتتە، لايىق چۇشكەنلەرگە بەخت تىلىگىنىڭ ئەمەسمۇ؟ دەپ سورىدى. ئۇنىڭ زۇۋانى تۇتۇلدى. ئودىسسۇس ئۆتكۈر خەنجەر بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى.
جەڭدە ئىككى ئادەم جېنىنى ساقلاپ قالدى، ئۇلارنىڭ بىرى ھاپىز پىموس، يەنە بىرى ئەلچى مېدون ئىدى. ھاپىز بۇ يەرگە



غەزەل ئوقۇشقا مەجبۇرى كەلگەن، مېدون خانىشقا خەۋەر يەتكۈزۈشتىن باشقا، شاھزادىنىڭ نىجاتكارى ئىدى، تېلىماكوس ئۇلارغا شۇ يەردىلا ئىسپات بولدى.

زالدا ئودىسسۇس بىلەن قارشىلىشىدىغان ھېچكىم قالمىدى، لايىق چۈشكەنلەرنىڭ جەسەتلىرى گويا بېلىقچىنىڭ تورىدىن چۈشۈپ قېلىپ، كۈچلۈك ئاپتاپتا سۇدىن ئايرىلىپ، نەپىسى توختاپ قالغان بېلىقلاردەك قالايمىقان ياتاتتى.

ئورىكولىيە چاقىرتىپ كېلىندى. ئۇ ئۇستىۋېشىنى قان، شادلىق ۋە تەشۋىش ئىلكىدە، زالنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان خوجايىنىنى كۆردى.

ئودىسسۇس ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ:

— چوڭ ئاپا، قورقماڭ، ئادەم ئۆلتۈرۈش توغرا ئەمەس، لېكىن ئۇلار تېگىشلىك جازاغا تارتىلىشى كېرەك. بۇ تەڭرىلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئەمدى ئوردىدا قايسى دېدەكنىڭ ۋاپالىق، قايسى دېدەكنىڭ كاززاپ ئىكەنلىكىنى دەپ بېرىڭ، — دېدى.

ئورىكولىيە ئەللىك دېدەكنىڭ ئارىسىدا ئون ئىككىسىنىڭ كاززاپ ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، ئۇ يەنە خانىشنى چاقىرىپ كېلىش - كەلمەسلىكىنى سورىدى.

ئودىسسۇس كەسكىن ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ، ئۇنىڭغا ھازىرچە چاقىرىپ كەلمەسلىكنى ئېيتتى. خانىش شۇنچە كۆپ ئازاب تارتتى، بۇنداق قىرغىنچىلىق مەنزىرىسىنى كۆرسىتىپ ئۇنى قىيناشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. شۇ تاپتا ھەممىدىن زالنى تازىلاش بەك مۇھىم ئىدى. شۇڭا، ئون ئىككى كاززاپ دېدەكنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلارنى باشتا جەسەت يۆتكەش، ئۇستەل - ئورۇندۇقلارنى سۈرتۈش، زالنى تازىلاش ئىشلىرىغا سېلىش ئارقىلىق جازالاپ، ئاندىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش قارار قىلىندى.

ئون ئىككى دېدەك زالغا كەلتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ قورقۇپ كەتكىنىدىن ئاللىقاچان روھى چىقىپ بولغانىدى. بولۇپمۇ مانتو

ھە دەپ باشقىلارنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ، ئودىسسېۇسقا قاراشقا پېتىنالمىدى.

ۋاپاسىز بۇ دېدەكلەر بىر كاللەك بولۇشۇپ تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشىنى بىلەلمەي، ئۈن سېلىپ ھەسرەتلىك يىغلاۋاتاتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە، ۋاپادار دېدەكلەر ئىنئامغا ئېرىشتى، ئۇلار ئۇزاق يىل ئار - نومۇسقا چىداپ، بۇ ئىنئامغا ئېرىشكەندى.



ئورىكولىيە ۋاپادار دېدەكلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر يەرگە جەم قىلدى، ئۇلار ھەسرەت ۋە شادلىق ھېسسىياتلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن ھالدا، خوجايىنىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ، ئۇنىڭ قوللىرىنى، چاچلىرىنى سۆيۈپ كېتىشتى. ئودىسسۇسمۇ ھاياجانلىنىپ كۆزىگە ياش ئالدى، چۈنكى ئۇ شۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە ساداقەتمەنلەرنىڭ يەنىلا كۆپ ئىكەنلىكىنى بايقىدى.

زال تازىلىنىپ يېڭى قىياپەتكە كىردى. خورلانغان چاكارلارنىڭ كۆڭۈللىرى يايراپ كېتىشكەنىدى. مېھرىبان ئورىكولىيە ئىچ كىيىم بىلەن خالاتىنى قوش قوللاپ كۆتۈرۈپ كەلدى، كىيىملەردىن پۇراقلىق چۆپنىڭ خۇشبۇي ھىدى كېلەتتى. قېرى دېدەك:

— ئودىسسۇس، سىز ھازىر بۇ يەرنىڭ خوجايىنى! جۇل - جۇل كىيىملەر ئەمدى سىلىنىڭ سالاھىيەتلىرىگە ماس كەلمەيدۇ. كىيىملىرىنى يۆتكىۋالسىلا، بالام! سىلى بۇرۇنقى ئودىسسۇس شۇمۇ ئەمەسمۇ، بىر كۆرۈپ باقاي! — دېدى.

## ئون تۆتىنچى قىسسە

# تەۋرىمەس كات سىرى ۋە جىرىم تىكىش قوشقى توغرىسىدا بايان قىلغانلىقى

ئالتۇندەك كۈن نۇرلىرى ھۇجرىغا چېچىلغان، تۇشەكنىڭ تۆت تەرىپىگە قاردەك چىمىلدىق تارتىلغانىدى. يەتكۈچە كۆلپەت چەككەن خانىش مۇشۇ يۇمشاق تۇشەكتە قاتتىق ئۇيقۇدا ياتاتتى.

ئىچى ئاچچىق بولۇپ تۇرغان بىر چاغدا، ئوغلىنىڭ ئۆزىگە تايىنىپ قىلىدىغان گەپلىرىنى ئاڭلاپ، پېنېلوپې ئارقا ھويلىغا چىقىپ بىر ھازاغىچە يىغلىدى. ئافېنا ئۇنى ئۇخلاشقا مەجبۇر قىلغاندىن كېيىن، ئۇ خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتتى، ئۇخلاۋېتىپ شېرىن چۈش كۆردى. ئۇ ئويغىنىپ كېتىشنى ئەسلا خالىمايتتى، داۋاملىق چۈش كۆرۈشنى تىلەيتتى. شېرىن چۈش بىلەن مەڭزى-لىرىدە ياش تامچىلىرى ئاقاتتى، مەڭزىلىرىگە بارا - بارا قىزىل-لىق تېپىپ چىقىۋاتاتتى. چۈنكى ئۇ چۈشىدە ئۆزىنىڭ ئەڭ نام-رات ئادىمى، قەھرىمان ئودىسسۇسنى چۈشىگەنىدى.

ئورىكولىيە ھاسىراپ - ھۆمىدەپ ھۇجرىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ خۇشلۇقىدىن پۇت - قوللىرىدا جان قالماي ماڭالمىغۇدەك ھالغا بېرىپ قالغانىدى. قېرى دېدەك قورۇق چۈشكەن قولى بىلەن تىترەپ تۇرۇپ پېنېلوپېنى يېنىك سىلكىدى - دە:

— كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، پېنېلوپې! چاققان چىقىپ كۆرۈپ بېقىڭ، كىم كەلدى؟ ئودىسسۇسىڭىز قايتىپ كەلدى! ئۇ قايتىپ كېلىپلا قالماي، لايىق چۈشكەنلەرنىڭ بارىنى جەھەننەمگە يوللى-

ۋەتتى! — دېدى.

پېنېلوپې ئۆيقۇلۇق هالدا ئورنىدىن تۇرغۇسى كەلمەي:

— ئورىكولىيە، سەن ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ ياكى ئالجىپ قالدىڭمۇ؟ نېمىشقا بىمەنە خەۋەر بىلەن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان شېرىن چۈشۈمنى بۇزىسەن؟ بۇگۇن قانداق كۈن؟ يارامىنىڭ ئۇستىگە يەنە تۇز چاچماقچىمۇسەن؟ ئورنىڭدا باشقا بىرسى بولغان بولسا، هەرگىز كەچۈرۈۋەتمەيتتىم! ياشىنىپ قالغانلىقىڭ ئۇچۈن، بۇگۇن بىر قېتىم گۇناهىڭدىن ئۆتەي ... — دېدى.

— ماڭا ئۇۋال قىلىۋاتىسىز، — دېدى ئورىكولىيە، — تىت - تىت بولغان هالدا، — مەن نېمىدەپ يارىڭىز ئۇستىگە يەنە



تۇز چاچقۇدەكمەن. گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، خانىش، ھېلىقى مۇساپىر، ھېلىقى قەلەندەر، سىلىنىڭ ئەرلىرى ئودىسسۇس ئە-كەن! ئوغۇللىرى تىلىماكوسمۇ بۇنى ئاللىبۇرۇن بىلىپ بولغان-كەن. ئۇ بۇنى سىرنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، قىساس ئېلىش پىلانىغا تەسىر يېتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن سىلىگە دېمىگەنىكەن!

قېرى دېدەكنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن قەسەم ئارىلاش دەۋات-قان گەپلىرىنى ئاڭلىغان پېنېلوپې ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئالدى ۋە قېرى دېدەكنى قۇچاقلاپ:

— ئورىكولىيە، ئەگەر دېگەنلىرىڭ راست بولسا، ئاشۇ يۈزدىن ئارتۇق لايىق چۈشكەنلەرگە ئودىسسۇس ئۆزى يالغۇز قان-داق تاقابىل تۇرالايدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.

ئورىكولىيە گۇمان بىلەن بېشىنى چايقىدى ۋە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىشلارنى بايان قىلىپ:

— جەڭ جەريانىنى كۆرمىدىم، بىز دېدەكلەر ئارقا ھويلىغا سولىنىپ قالغاندۇق، بىز نالە - پەرياد ئاۋازىنىلا ئاڭلىدۇق. جەڭ تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇ مېنى چاقىرتتى، مەن زالغا كىرىپ زالدا تۇرغان ئودىسسۇسنى كۆردۈم، ئۇ جاسارەتكە تولغان، ئۇس-تىۋېشى قان، ئايىغىدا بولسا لايىق چۈشكەنلەرنىڭ جەسەتلىرى ياتاتتى. مېنىڭچە، شۇ مەنزىرىنى كۆرگەن بولسىڭىز، شۇ مەنزى-رە چۈشىڭىزدە كۆرگەن مەنزىرىگە ئوخشايدۇ. چۈنكى ئاشۇ بىر توپ لۈكچەكلەرنىڭ بىرسىمۇ ئوردىدىن تىرىك چىقىپ كېتەلمە-دى. بۇنىڭدىن باشقا، ئوردىدىكى خائىنلارنىڭ ھەممىسى ئۆ-لۈمگە مەھكۇم قىلىندى. ھېلىقى ۋاپاسىز ئون ئىككى دېدەكنىڭ ھەممىسى دارغا ئېسىلدى. بولۇپمۇ مىلانتوسقا بېرىلگەن جازادىن كىشىنىڭ ئىچى بوشاپ قالدى: ئۇنى فورودىئو لىمغا ئېسىۋەتتى ...

پېنېلوپې چەكچەيگەن پېتى ئورىكولىيەگە قاراپ ئۇنىڭ بايان-لىرىنى ئاڭلىدى ۋە ئۆز - ئۆزىگە: «مۇمكىن ئەمەس، مۇمكىن

ئەمەس، بۇ زادىلا مۇمكىن ئەمەس! ئودىسسۇس ھېلىھەم يىراقتا، ئۇ مەڭگۇ قايتىپ كېلەلمەيدۇ. لايىق چۈشكەنلەر تامام قىرىلىپ تۈگىگەن بولسا، بۇ ئىشنى كۆكتىن چۈشكەن بىر تەڭرى قىلغان، ئۇ لايىق چۈشكەنلەرنىڭ رەزىل قىلمىشىغا تېگىشلىك جازا بەرگەن گەپ» دېدى.

— ياق، ياق، ياق، خانىش!، — دېدى ئورىكولىيە بېشىنى چايقاپ، — قۇياشنىڭ ھەر كۈنى شەرقتىن چىقىشىدىن گۇمانلانغىلى بولمىغاندەك بۇمۇ گۇمانلىنىشقا بولمايدىغان بىر ئىش. يەنە بىر ھەقىقىي دەلىل - ئىسپات بار، سىلىگە دەپ بېرەي، مەن ئاخشام ئۇنىڭ پۇتىنى يۇيۇۋېتىپ، تىزىدىكى تاتۇققا قولۇم تېگىپ كەتتى! سىزنى چاقىراي دېسەم، ئۇ مېنىڭ ئاغزىمنى چىڭ ئېتىپ، بۇ ئىشنى سىزگە دېمەسلىكىم توغرۇلۇق مېنى ئاگاھلاندۇردى.

— راست شۇنداق بولسا، دەرھال چىقىپ قاراپ باقاي-



لى!— دېدى پېنېلوپې. ئۇ شۇنداق دېگىنىچە، زالغا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى روھىي ھالىتىنى تەسۋىرلەش تەس ئىدى. ئۈمىد بىلەن گۇمان، شادلىق بىلەن ۋەھىمە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغانىدى.

زالدىكى، چۇغداندا ئوت گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتاتتى، ئودىسسۇس تۆۋرۈكنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى ئوتنىڭ تەپتىدە قىزىرىپ كەتكەنىدى. پېنېلوپې گەپ - سۆز قىلماي، بېشىنى سىلىپ، ئودىسسۇسنىڭ ئۇدۇلىغا بېرىپ جىم ئولتۇردى. قەھرىمان ئودىسسۇس دۈشمەن سەركەردىلىرىنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىدىغان جەڭلەرنى ئوۋغا چىققاندەك، جاپا - مۇشەققەتلەرنى باغ سەيلىسىدەك بىلەتتى. لېكىن، ئۇ شۇ تاپتا خوتۇنىنىڭ ئالدىدا سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويۇپ ئۇستازىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان تالىپتەك شۈك ئولتۇراتتى.

كۇندۈزى توقۇغان كىمخابنى كېچىسى سۆكۈپ لايىق چۈشكەنلەرگە تاقابىل تۇرغان، يۈز قەدەم ئارىلىقتىن ئوق ئۈزۈپ تىكلەكلىك ئون ئىككى پالتىنىڭ كۆزىدىن ئۆتكۈزۈشتەك شەرت بىلەن بىر توپ مۇتتەھەملەرنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان چېچەن پېنېلوپې ئۇزاق يىل ئايرىلىپ كەتكەن ئېرىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى.

بىر ھازادىن كېيىن، بۇ ھالنى كۆرگەن تىلىماكوس ئوڭايسىزلاندى. ئۇ تىت - تىت بولدى، ئاتىسىغا ئوچۇق چىراي بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، تىلىماكوس ئاپىسىغا بولغان ئاچچىقىنى زورىغا بېسىپ، ئاپىسىنىڭ ئالدىغا باردى ۋە:

— پەقەت چۈشەنمىدىم، ئاپا. نېمىشقا بىر پارچە مۇزدەك ئولتۇرىسىز؟ ئۇ مېنىڭ ئاتام! نېمىشقا ئاتامغا سالام - سائەت قىلمايسىز ھەم ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىمايسىز؟ سان - ساناقسىز كۈلپەت تارتقان قايسىبىر ئەر قايتىپ كېلىپ، باغرى تاش خوتۇننىڭ مۇشۇنداق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىغان؟— دېدى.

— قەدىرلىك ئوغلۇم،— دېدى پېنېلوپى،— مەن ھەيران بولۇپ ھوشۇمدىن كېتەي دېدىم، ئاغزىمغا گەپ كەلمەي قالدى. ئۇنىڭدىن گەپ سورىيالمايمەن، ھەتتا ئۇنىڭ كۆزىگە قارىيالماي قېلىۋاتىمەن. ماڭا ئازراق ۋاقىت بەر، ماڭا ماسلىشىش جەريانى بەرسەڭ بولامدۇ؟ ئودىسسۇس راستىنلا قايتىپ كەلگەن بولسا، مەن ئۇنى چوقۇم تونۇيمەن. چۈنكى مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق يىل بىللە ياشىدىم، ئارىمىزدا ئىككىمىزلا بىلىدىغان بىر سىر بار، ئۇ توغرا دەپ بېرەلىسىلا، ئۇ ئۆزىنىڭ سېنىڭ ئاتاڭ، مېنىڭ ئېرىم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

ئودىسسۇس مەنىلىك كۈلۈپ قويدى ۋە ئوغلىغا ئېغىر -



بىسقلىق بىلەن:

— ئاپاڭ توغرا ئېيتىدۇ، ئىككىمىزنىڭ ئۆزگىلەر بىلمەيدىغان سىرلىق بەلگىمىز بار. مەن شۇنى ئۆزۈمنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىگە ھەم ئۆزۈمنىڭ ئودىسسۇس ئىكەنلىكىمنى ئىسپات قىلىشقا رازى. لېكىن، ھازىر بىجىرمىسە بولمايدىغان جىددىي بىر ئىش بار. سىلەر ئويلاپ بېقىڭلار، ناۋادا مېنى بىرسى ئۆلتۈرۈۋەتسە، سىلەر قىساس ئېلىش ئۈچۈن شۇ كىشىنى ئىزدەيسىلەر. خوش، بىز يۈزدىن ئارتۇق ياش ئاقسۆڭەكنى ئۆلتۈرۈۋەتتۇق. ئۇلارنىڭ دوست - يارەن ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بۇنىڭغا ئەلھۆكمىللا دەپ تۇرامدۇ؟

ئودىسسۇسنىڭ بۇ گېپى دەل ۋاقتىدا ئېيتىلغانىدى، كۆپچىلىك مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىشتى. خانىشنىڭ ئوي - خىيالىمۇ باشنى قاتۇرىدىغان بۇ ئىشقا مەركەزلەشتى. تىلىماكوس ئالدىراپ:

— ئەمسە قانداق قىلىمىز، ئاتا؟ بۇنى ئۆزلىرى بەلگىلىسىلە. سىلىنىڭ پاراسەتلىك ئىكەنلىكلىرىنى پۈتۈن ئىقلىم ئېتىراپ قىلىدۇ، — دېدى.

ئودىسسۇس بېشىنى لىڭشىتىپ، بىمالال ھالدا:

— دۇنيادا شامال ئۆتمەيدىغان تام يوق، ئادەم ئۆلتۈرگەنلىك ئىش ھامان ئاشكارا بولىدۇ. لېكىن، بىز قىساس ئېلىش ئىشىنى كېچىكتۈرەلەيمىز، بۇ جەرياندا قارشى تەدبىر ئىزدەيمىز. ھازىر، سىلەر مېنىڭ دېگىنىم بويىچە قىلىڭلار. ئىشلار جەزمەن مېنىڭ دېگىنىم بويىچە بولۇشى كېرەك. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى مەيلى ئەر ياكى ئايال چاكار بولسۇن، ياكى پادىچى، ئاشپەز ۋە ياكى ئەلچى ياكى شائىر بولسۇن، چىرايلىق ياسىنىپ، ساز چېلىپ يۇقىرى ئاۋازدا غەزەل ئوقۇسۇن، سىرتتىكىلەر ۋە پۇقرالار ئوردىدا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈۋېتىپتۇ دەپ قالسۇن. ئۇلار ۋاقتىنچە بۇ يەردە جەڭ بولغانلىقىنى بىلمەي، خانىش لايىق

چۈشكەنلەرنىڭ بىرنى ئۆزىگە لايىق كۆرۈپ، توي مۇراسىمى مۇناسىۋىتى بىلەن بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپتۇ، دەپ قالدۇ. بىز مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سەھرادىكى قورۇقتا بىرىۋالىمىز. كېيىن قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى تەڭرى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، — دېدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، ئوردىنى ناخشا، ئۇسسۇل ھەم خۇشاللىق سادالىرى بېسىپ كەتتى. بۇ سادا ئوردىنىڭ سىرتىغىمۇ تارقالدى، پۇقرالار كوچىغا يىغىلىشىپ، ئوردىنى ئورۇۋېلىشتى. ئۇلار جاراڭلىق مەدھىيە ناخشىسىنى تولۇق ئاڭلاشتى:

............

غەزەل ئوقۇڭ، ئۇسسۇل ئويناڭ، گۈزەل پېنېلوپې!
ئوتقاشتەك رەڭدار لىباس كىيىپ،
ئېسىل شايى رومال ئارتىپ.
سىز تەڭرىگە ئوخشاش سەلتەنەتلىك،
سىز شەپەققە ئوخشاش لەۋەن، چىرايلىق.

............

بۇنداق قەسىدە ئادەتتە توي مۇراسىملىرىدە ئېيتىلىدىغان بولغاچقا، كىشىلەر پېنېلوپې لايىق چۈشكەنلەرنىڭ ئارىسىدىن بىرسىنى كۈيۆلىققا تاللاپ، ئوردىدا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن، پۇقرالار غۇلغۇل قىلىشىپ كەتتى.

— پېنېلوپې جەزمەن بىرسىنى كۈيۆلىققا تاللاپتۇ.

— توي زىياپىتى بېرىلىۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟

— ئىرادىسى ئاجىز ئايال ئىكەن، ئېرى قايتىپ كەلگۈچە تاقەت قىلالماپتۇ!

......

كۆن ئولتۇرۇپ، گۇگۇم چۈشتى. كوچىدىكى ئادەملەر ئاستا - ئاستا تارقاشتى، غۇلغۇلىمۇ بېسىقىپ قالدى. ھەممە ئادەم ئۆيلىرىگە كىرىپ چىراغ يېقىشتى، بۇ چاغدا، تالا - تۈزدە ھېچكىم قالمىغانىدى.

قەھرىمان ئودىسسۇس ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ھەيۋەتلىك تۇرقىغا قايتتى، ئافىنا قەلەندەرنى پادىشاھقا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. ئودىسسۇس ئوردىغا كىرىپ، خوتۇنىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ ئۈنىگدىن:

— سىلى قىزىق خېنىم ئىكەنلا، تەڭرىمىز سىلىنىڭ يۈرەكلىرىنى تاشتىن ياراتقان ئوخشىمامدۇ؟ بولمىسا، ئېرىلىرىنى ئېتىراپ قىلىشتا بۇنداق جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالمىغان بولاتتىلا؟ — دەپ سورىدى ھەم كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئورىكولىيەگە، — ماڭا بىر تۈشەك تەييارلاپ بەرگىن، بۇ خېنىمنىڭ يۈرىكى تاشتىن يارالغانىكەن، — دېدى.

پېنېلوپې قىلچە خاپا بولمىدى. «بەكمۇ ئېھتىياتچا بولۇپ كەتتىممۇ نېمە؟ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاخىرقى قېتىم سىناپ باقاي، ئەمدى ۋاقتى كەلدى!» دېگەنلەرنى ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئىككىلىسىلا بىلىدىغان سىر ئارقىلىق ئودىسسۇسنى چېكىپ بېقىش ئويىدا:

— سىزنى رەت قىلىشىم يا تەكەببۇرلۇق ئەمەس، يا رەھىمسىزلىك ئەمەس. مەن ئۆز ئېرىمنى خاتاسىز تونۇۋېلىشنى ئىستەيمەن. بوپتۇ، ئورىكولىيە، توي كاتىمىزنى ئاچىقىپ، ئۇستىگە تېرە، گىلەم ۋە يوتقان سېلىپ بەر، — دېدى ۋە ناھايىتى تەمكىن ھالەتتە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ، ئودىسسۇسنىڭ ئىنكاسىنى كۆزەتتى.

— نېمە؟ — ئودىسسۇس ھەيران بولدى، ئەجەبلەنگەن ھەم سەل خاپا بولغان تەلەپپۇزدا ئۈنىگدىن، — مېنىڭ توي كاتىمنى يۆتكىگىلى بولامدۇ؟ قېنى كىم يۆتكىيەلەيدىكەن؟ — دەپ سورى-

دى، ئارقىدىنلا توي كاتىنىڭ سىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى، —
دۇنيادا ھەرقانچە كۈچلۈك ئادەم بولسىمۇ، ئۇنى يېڭەلمەيدۇ.
مەن ئۇنى ئەقىللىق ھەم باتۇر ئافىنا ماڭا سوۋغا قىلغان دەرەخ
بىلەن ياساپ مۇقىم قىلىۋەتكەن، بۇنىڭ سىرى مانا مۇشۇ يەردە.
بىز ئوردىنى ياسىغان چېغىمىزدا، بۇ يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى
تۈۋرۈكتەك تۈپتۈز ھەم يوغان بىر تۈپ زەيتۇن دەرىخى بار ئىدى.
مەن ئۇنى كېسىۋەتمەي، مۇنداق لايىھىلىگەنىدىم: زەيتۇن دەرە-
خىنى دەل ھۇجرىمىزغا كەلتۈردۈم. تاش تام پۈتكەندىن كېيىن،
ئۇنىڭ شاخلىرىنى كېسىۋېتىپ، تورۇس تاختىسىنى ئورناتتىم،
ئاندىن دەرەخنى يونۇپ نەقىش چىقاردىم ۋە ئۇنى كاتىمنىڭ مۇس-
تەھكەم ھەم كۆركەم بىر پۇتى قىلدىم. باشقا پۇتلىرىنىڭ يوغان-
لىقىمۇ شۇنىڭ بىلەن تەڭ قىلىندى. كاتىمنىڭ بىر پۇتى يەرنىڭ
نەچچە ئون مېتىر چوڭقۇرلۇقىدا. مېنىڭ كاتىمنى ئورنىدىن
يۆتكەيمەن دېگەن ئادەم زەيتۇن دەرىخىنىمۇ يىلتىزىدىن چانىۋېتى-
شى كېرەك! — دېدى.
خانىش بۇ گەپنى ئاڭلاپ، يەلكىلىرى تىترەپ، كۆزلىرىدىن
تارام - تارام ياش تۆكۈپ ئودىسسۇسنىڭ باغرىغا ئۆزىنى تاشلى-
دى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئېرىنى يېنىش - يېنىشلاپ سۆيۈپ، يەنە
بىر تەرەپتىن ھاياجانلانغان ھالدا:
— ئودىسسۇس، مېنىڭ ئېرىم! دەرۋەقە سىلى ئىكەنلا!
مەندىن ھەرگىز خاپا بولمىسىلا. يالغاندىن ياسىنىۋالغان ئادەملەر-
دىن بەك ئېھتىيات قىلىمەن. سىلى بايا ئىككىمىزلا بىلىدىغان
سىرنى دېدىلە، كۆڭلۈمدىكى گۇمانلار پۈتۈنلەي يېشىلىپ
كەتتى، — دېدى.
شۇ كۈنى ئاخشىمى ئەر - خوتۇن ئىككىسى تاڭ ئاتقۇچە
ئۇخلىمىدى. ئۇلار يىگىرمە يىلدىن بۇيانقى جۇدالىق ئازابىنى
بىر - بىرىگە ئىزھار قىلىشتى. ئودىسسۇس ئۆزىنىڭ كەچۈر-
مىشلىرىنى پۈتۈنلەي سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، پېنېلوپې ئاز-



دىن خاتىرجەم بولدى.

تاڭ سەھەردە ئىتاكې زېمىنىنى تۇمان قاپلاپ كەتتى، ئاسمان، زېمىن، ئادەملەرمۇ غۇۋا كۆرۈنەتتى. شۇ كۈنكى ھاۋارايىنى ئافېنا مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانىدى. قويۇق تۇماندا تۆت كىشىنىڭ شەھەردىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمىدى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى تۇمان يوشۇرۇپ قالدى، ئۇلار ئودىسسۇس، تىلىماكوس، ئومائوس ۋە پىلوتوس ئىدى.

كەچتە ئودىسسۇس خوتۇنى بىلەن دىدارلاشتى، خوتۇنىغا ئۆزىنىڭ تارتقان كۈلپەتلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئەتىسى ئودىسسۇس ئاتىسىنى كۆرگىلى سەھراغا ماڭماقچى بولدى، لائېرتېس ئوغلىنى ئالللىبۇرۇن ئۆلۈپ كەتتى، دەپ ھەسرەت چېكىپ يۈرەتتى.

ئودىسسۇس يولغا چىقىدىغان چاغدا، خوتۇنى بىلەن چاكارلارغا كىشىلەرنىڭ لايىق چۈشكەنلەرنىڭ ئىشىنى ئۇلاردىن سوراپ سالماسلىقى، ئۇلارنىڭ تامام ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشنى تاپىلىدى.

لائېرتېسنىڭ قورۇقى كۆرۈندى، لاپاس ۋە ئۆيلەرنىڭ ئىزناسىنى روشەن ئىلغا قىلغىلى بولاتتى، دۆڭلۈكتە ئۈزۈمزارلىق يېيىلىپ ياتاتتى. بۇ ئودىسسۇسنىڭ ئەجدادلىرى ياراتقان ئىگىلىك ئىدى. بىر قېرى بوۋاي تەك كۆچۈرۈش بىلەن مەشغۇل ئىدى، ياماق چۈشكەن ماتا چاپان كىيگەن بۇ بوۋاي دېھقانغىلا ئوخشايتتى. ئۇ بېشىغا مالخاي، قولىغا تېرە پەلەي كىيگەن، تىكەندىن ئاۋايلاپ پۇتىغا چورۇق تارتىۋالغانىدى. يىللار بوۋاينىڭ چىرايىغا قورۇق سالغان، ئەمگەك بىلەن بېلى ئېگىلگەن، بالا دەردى ئۇنى دەردمەن ۋە خامۇش قىلىپ قويغانىدى.

ئاتىسىنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرگەن ئودىسسۇسنىڭ يۈرىكى ئېزىلىپ، ئىختىيارسىز ھالدا بىر تۈپ نەشپۈت دەرىخىگە يۆلىنىپ يىغلاپ كەتتى. بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن، ئودىسسۇس باشقىلار-

نى چېكىپ باقماقچى بولغان ئادەمدەك كۆز ياشلىرىنى ئېرتىۋې-
تىپ، ئاتىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، مۇساپىر سىياقىدا بوۋايدىن
ئەھۋال سۈرۈشتۈردى. ئۇنىڭ چىرايىدىن يېقىنچىلىق ۋە مۇلا-
يىملىق، تەلەپپۇزىدىن كەمتەرلىك چىقىپ تۇراتتى.

— بوۋا، سىلى مېۋىلىك دەرەخ يېتىشتۈرۈشتە ماھىر ئى-
كەنلا. تەك، زەيتۇن، نەشپۈت، ئەنجۈر دەرەخلىرىنى ناھايىتى
ئوبدان پەرۋىش قىلىپلا، بىرلا ئىش تازا توغرا بولمىغاندەك
تۇرىدۇ، بوۋا، راست گېپىمنى دېيىشكە ئىجازەت بەرسىلە، ئۆز-
لىرىدىن ئوبدان خەۋەر ئالىدىغان ئادەم چىقمىغاندەك قىلىدۇ.
خوجايىنلىرى سىلىنى ئىشقا سېلىشنى بىلىپ، سىلىگە تېگىش-
لىك ھەق بەرمەيدىغان ئوخشىمامدۇ؟ گەرچە ياشىنىپ قالغان
بولسىلىمۇ، لېكىن بەستلىك ئىكەنلا، كۆزلىرىدىن پاراسەت ۋە
جاسارەت ئۇچقۇنلىرى يېنىپ تۇرۇپتۇ. بويلىرى ئېگىز ھەم قا-
ۋۇل ئىكەنلا، بۇ ئالامەتلەر سىلىنىڭ ئېسىلزادە نەسەپتىن ئىكەن-
لىكلىرىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. سىلى راھەت كۆرۈشلىرى، ئوب-
دان ئوزۇقلىنىشلىرى، دائىم يۇيۇنۇپ قېرىلىقنىڭ ھۇزۇرىنى
كۆرۈشلىرى كېرەك. ئۆزلىرىنى بۇنداق تاشلىۋەتسىلە بولمايدۇ.
سىلى كىم ئۈچۈن تېرىقچىلىق قىلىۋاتىدىلا، ماڭا دەپ بەرسىلە
بولامدۇ؟— دېدى ئودىسسۇس ئاتىسىغا.

لائېرتېس قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئودىس-
سۇسقا قارىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئودىسسۇسقا قايىل بولغانلى-
قى چىقىپ تۇراتتى. بوۋاي بىر ئېغىز گەپ قىلماي، قىلىۋاتقان
ئىشىنى داۋاملاشتۇردى، ئودىسسۇس ھېكايە توقۇپ كۆڭلىدە ئوي-
لىغانلىرىنى بايان قىلدى:

— بۇ جاي راستىنلا ئىتاكىمۇ؟ مەن بايام بىر يولوچىنى
ئاڭلىدىم. ئۇ قائىدە - يوسۇن بىلمەيدىغان ئادەم ئىكەن، مەن
ئۇنىڭدىن مېنىڭ قەدىناس دوستۇم مۇشۇ يەردىمۇ دەپ سورىسام
ئۇنىڭ جاۋاب بەرگۈسى كەلمىدى. مەن ئۇ دوستۇم بىلەن كۆ-



رۇشمەكچىدىم. بۇنىڭدىن كۆپ يىللار ئىلگىرى مەن ئۇنى ئۆز ئېلىمدە بىردىنبىر ئەزىز مېھمان سۈپىتىدە كۈتۈۋالغانىدىم. ئۇ ئىتاكېلىق ئىدى، ماڭا ئۆزىنىڭ لائېرتېسنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى-نى دېگەن. ئۇ كېتىدىغان ۋاقتىدا مەن ئۇنىڭغا ئەڭ قىممەتلىك سوۋغىلارنى، يەنى يەتتە تارانتون ساپ ئالتۇن (قەدىمكى يۇناننىڭ ئېغىرلىق بىرلىكى)، نەقىشلىك بىر كۈمۈش چەينەك، ئون ئىككى پارچە گىلەم، ئىچ كىيىم، خالات، تۆت نەپەر چېچەن ھەم چىرايلىق دېدەك تەقدىم قىلغانىدىم.

ئانىسى ئودىسسۇسنىڭ توقۇپ چىققان ھېكايىسىنى ئاڭلاپ، يۈز - كۆزىنى ياش باسقان ېتى بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— مۇساپىر، سىلى دەل ئىزدىگەن يەرگە يېتىپ كەلدىلە. لېكىن، بۇ يەردە پەس ھەم ئەدەپسىز ئادەملەر تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭلى قارا. ئۇلارغا مال - مۈلۈكلەرنىڭ ھەممىنى بېرىۋەتسىلىمۇ، ئۇلار ھەرگىز قانائەت قىلمايدۇ. سىلىگە ئېيتاي، سىلى ئىزدىگەن ئادەم بۇ يەردە يوق، ناۋادا ئۇ ئادەم بولسا، شەپقەتلىرىگە جاۋاب قايتۇرغان بولاتتى. ئېيتىپ باقسىلا، سىلى ئۇ مېھماننى قايسى يىللاردا كۈتۈۋالغان ئىدىلە؟ ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم ئىدى، ئۇ ئادەم يا دېڭىزغا چۆكۈپ كەتكەندۇ، يا ئۇنىڭ جەسىتىنى قۇشلار يەپ كەتكەندۇ، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنى يەرلىكىدىمۇ قويالمىدى! ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئۆز قولى بىلەن يۇمدۇرۇش، جەسىتىنى قۇچاقلاپ يىغلاش ۋاپادار خوتۇنىغىمۇ نېسىپ بولمىدى! ھەي مەرد مۇساپىر، سىلى نەدىن كەلدىلا؟ ئۆزلىرى يالغۇزمۇ ياكى ھەمراھلىرىمۇ بارمۇ؟— دەپ سورىدى بوۋاي ئودىسسۇستىن.

— مەن ئارگوستىن كەلدىم، بوۋا، — دېدى ئودىسسۇس، — سىلىنىڭ ئوغۇللىرى ئودىسسۇس مەندىن ئايرىلغىنىغا بەش يىل بولدى. ئۇ خۇشال - خۇرام يولغا چىققانىدى، ئۇچار قاناتلار ياخشىلىقتىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. بىز بىر - بىرىمىز

بىلەن پات - پات كۆرۈشۈپ تۇرۇشقا ھەم ئۆزئارا سوۋغا تەقدىم قىلىشقا ۋەدە قىلىشقانىدۇق.

لائېرتېسنىڭ كۆزى ئۇشتۇمتۇت قاراڭغۇلاشتى. ئۇ ئىككى قولىغا مۇنبەت تۇپراقنى ئېلىپ، ئاق چاچلىق بېشىغا چېچىپ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. ئودىسسۇسمۇ تەسىرلىنىپ يۈرىكى يې-رىلغۇدەك بولدى. ئاتىسىنى يەنە قىيناشقا چىدىمىغان ئودىسسۇس ئېتىلىپ بارغىنىچە بوۋاينى قۇچاقلاپ:

— ئاتا، مەن سىلىنىڭ ئوغۇللىرى ئودىسسۇس بولىمەن. ئەمدى ھەرگىز ئازابلانمىسىلا! سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا تۇرغان مەن ئۆزۈم شۇ. مەن يىگىرمە يىل سەرسان بولۇپ ئاخىر قايتىپ كەلدىم! سىلىنىڭ خىزمەتلىرىدە بولاي دەپ كەلدىم، جېنىم ئاتا!

لائېرتېس دەرگۇماندا بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپلا قالدى، خۇشاللىق ياشلىرى مەڭزىلىرىنى بويلاپ ئاقتى، ئۇ تۇيۇقسىز كەلگەن بەخت ئالدىدا ئۆزىنىڭ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قېلىۋاتات-تى، بوۋاي كۆزىنى قىسىپ:

— سەن راستتىنلا مېنىڭ ئوغلۇم ئودىسسۇس بولىدىغان بولساڭ، مېنى ئىشەندۈرەلىگۈدەك روشەن ئىسپات كۆر-سەتكىنە؟ — دېدى.

— ئىسپات دېگەن مانا مۇشۇ، — دېدى ئودىسسۇس چاپىنى-نى قايرىپ، ياۋا چوشقا چىشلىۋالغان چاغدا تىزىدا قالغان تاتۇقنى كۆرسىتىپ،— بۇنىڭغىمۇ ئىشەنمىسىلە ئاتا، سىلىگە باللىق چاغلىرىمدىكى ئەسلىمىلىرىمنى سۆزلەپ بېرەي. كىچىكىمدە سى-لى ماڭا، مېۋىزارلىقتا تۇرلۇك - تۇمەن گۇللەر خۇش پۇراق چاچار، گۇللەرنىڭ خۇشبۇي پۇراقلىرىدىن دىللار مەست بولار دەيتتىلە. مەن تۇغۇلغاندا خاتىرە ئۇچۇن، يۈز قۇردىن ئارتۇق جىرىم قويۇلغان. مېنىڭ كۆچلۈك بولۇشۇمنى تىلەپ ئەللىك تۇپ ئالما كۆچىتى، قاۋۇل چوڭ بولسۇن دەپ ئەللىك تۇپ

نەشپۇت كۆچىتى، تۇرمۇشى بەختلىك بولسۇن دەپ، تەك، زەيـ.
تۇن ۋە ئەنجۇر كۆچەتلىرى قويۇلغان. يۇزدىن ئاشقان سان
خەيرلىك سان، سىلى ئوغۇللىرىنىڭ بەخت ـ ئامەت ئىچىدە
ئۇزاق يىل ياشىشىنى مۇشۇنداق تىلىگەن!

ئودىسسۇسنىڭ يادلاپ بەرگەنلىرىنى ئاڭلاپ لائېرتېس شەكـ.
سىز ئىشەندى، ئوغلىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ هوشىدىن كەتتى.
ئوغلى ئۇنى بەقۇۋۋەت قوللىرى بىلەن قۇچاقلىۋالدى، ئۇ هوشىغا
كەلگەندە، ئاندىن كۆڭلىنى ياساپ:

— ئوغۇللىرى قايتىپ كېلىپلا قالماي، يەنە هېلىقى لايىق
چۈشكەنلەرنى جازالاپ، ئۇلارنىڭ هەممىسىنى ئاخىرەتكە يولغا
سالدى! — دېدى.

لائېرتېس بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، غېمىنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر
غەم قوشۇلدى، ئۇ ئەنسىرىگەن هالدا:

— سەن يۇزدىن ئارتۇق لايىق چۈشكەنلەرنى ئۆلتۇرگەن
بولساڭ، سەن چوقۇم مېنىڭ ئوغلۇم. بۇنداق كۈچ ـ قۇۋۋەت
پەقەت مېنىڭ ئوغلۇم ئودىسسۇستىلا بولىدۇ. لېكىن، سەن ئويـ.
لاپ باقتىڭمۇ، ئۇ دېـگەن يۇزدىـن ئارتـۇق ئادەمنىڭ خۇنى!
— دېدى.

ئودىسسۇس شۇك تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتتى.

لائېرتېس يەنە:

— چۈنكى سەن بۇ يەردىكى نۇرغۇن ئاقسۆڭەكلەرنى ئوغۇلـ.
لىرىدىن ئايرىدىڭ. ئۇلار ئەلهۆكمىلىلا دەرمۇ؟ پۇتۇن شەهەردىـ.
كى هەم پۇتكۇل رايوندىكىلەر مالىمان چىقىرىپ، بىرلىكتە ساڭا
هۇجۇم قىلىشى مۇمكىن! — دېدى.

ئودىسسۇس ئاتىسىغا تەسەللى بېرىپ:

— بۇنى مەن ئويلىغان ئاتا. بىراق، قورقۇش كەتمەيدۇ،
بىزنى تەڭرىلەر قوللايدۇ. مەن ئويلايمەن، ئافىنا مەن ئۈچۈن
قىساس ئېلىپ بەرگەنىكەن. ئەمدى ئۇ كىشىلەر بىلەن كىشىلەر.

نى ياراشتۇرۇپمۇ قويالايدۇ، بۇ ئىشلاردىن غەم قىلمايلى. ئۆيلە-
رىگە بارايلى، نەۋرىلىرى بىزنى ساقلاپ تۇرىدۇ، يەنە سادىق
ئىككى مالچىمىزمۇ نەۋرىلىرى بىلەن بىللە،— دېدى.

لائېرتېس يۇيۇنۇپ پاكىزلاندى. ئۇ شۇنچە يىلدىن
بېرى ئاندا-ساندا يۇيۇنۇپ ۋە كىيىم يۆتكەپ، ئۆزى بىلەن كارى
بولماي كەلگەنىدى. ئوغلىمۇ قايتىپ كەلدى، ئۇ ئىنتايىن خۇ-
شال بولۇپ، پاكىز ۋە رەتلىك يۇرىدىغان ئادىتىنى يەنە تېپىۋال-
دى.

ئافېنا سىياقىنى يوشۇرغان پېتى لائېرتېسقا يېقىنلىشىپ،
ئالتۇن ھاسىسى بىلەن ئۇنى نوقۇپ قويۇۋېدى، ئۇنىڭ مۇكچەي-
گەن قەددى رۇسلىنىپ، قېرىلىق يەتكەن قىياپىتىدىن نام-
نىشان قالمىدى. ئۇ بىرىنچى قېتىم ئېسىل تون كىيدى،
ئۇنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى ۋە سۇر-ھەيۋىسى ئەسلىگە كەلدى.
ئۇ ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىققان چاغدا، ئوغلى بىلەن نەۋرىسى ئۇنى
كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— چوقۇم بىر تەڭرى سىلىنىڭ كەيپىياتلىرىنى كۆتۈرۈپ
ھەم ماغدۇرلىرىنى ئاشۇرۇپ قويۇپتۇ،— دېدى ئودىسسۇس.

تېلېماكوس:

— بوۋام ياشىرىپ كېتىپتۇ! — دېدى.

— مۇبادا تۈنۈگۈن ئۆزۈمنى مۇشۇ تۇرقۇمدىكىدەك بەقۇۋ-
ۋەت ھېس قىلغان بولسام، تەڭرىم مېنى سىلەر بىلەن بىللە جەڭ
قىلىشقا، ھېلىقى مۇتتەھەملەردىن بىرنەچچىسىنى ئۇجۇقتۇرۇشقا
ئەۋەتكەن بولاتتى. ئەينى يىللاردا، مەنمۇ شەھەرلەرگە ھۇجۇم
قىلىپ، قەلئەلەرنى ئېلىشقا قاتنىشىپ شۆھرەت قازانغانىدىم.

ئۇلار غىزاغا ئولتۇرغان چاغدا، دولىئوس ئالتە ئوغلى بىلەن
بىللە ئۆيگە كىرىپ كەلدى. دولىئوس خانىشنىڭ سادىق چاكىرى
ھەم باغۋىنى ئىدى. باشقا چاكارلار ئاسىيلىق قىلغان چاغدا، ئۇ
باشتىن-ئاياغ خانىشقا سادىق بولۇپ، قورۇقتا مېۋىلىك دەرەخ-

لەرنىڭ پەرۋىشىگە قارىشىپ يۈرگەنىدى.

دولىئوس مىخلىنىپ قالغاندەك بوسۇغىدا قىمىر قىلماي تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەي، ئودىسسۇسقا ئەندى-كىپ قارىدى. ئودىسسۇس مۇلايىملىق بىلەن ئۇنىڭغا ھەممە ئەھ-ۋالنى چۈشەندۈرۈپ، ئاتا - بالىلارنى تاماققا تەكلىپ قىلدى.

دولىئوس يۈگۈرۈپ بېرىپ ئودىسسۇسنىڭ قولىنى سۆيۈپ:

— خوجايىنىم، ئاخىر قايتىپ كېلىپلا! ئۈمىد رېئاللىققا ئايلاندى! مەن ئاۋۋال تائامنى قويۇپ تۇرۇپ، ھازىرلا بېرىپ خانىشقا خەۋەر قىلاي! — دېدى.

ئودىسسۇس ئۇنى قولى بىلەن توسۇپ:

— ھاجىتى يوق، ئۇنىڭ ھەممە ئىشتىن خەۋىرى بار، بىز بىلەن بىللە غىزالان، — دېدى.

## ئون بەشىنچى قىسىم

# يېغىلىقنى تىنچلىقتا ئايلاندۇرغانلىقى

ئوتنى پاختىنىڭ ئىچىدە ساقلىغىلى بولمايدۇ. نەغمە ـ ناۋا ساداسى بېسىققاندىن كېيىن ئوردىنى ئېغىر جىمجىتلىق باستى. بۇ نورمالسىز ئەھۋال ئىدى، جەسەتلەردىن تارقالغان سېسىق پۇراق سۆز ـ چۆچەكلەرنىڭ يۇگۇرۇك ئات بىلەن يەتكۈزۈلگەن خەۋەردىنمۇ تېز تارقىلىشقا باشلىدى.

ئەتىكېدا ئەزەلدىن بۇنداق مەنزىرە كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. بىر توپ تازقارا ئاسماندا قارا بۇلۇتتەك لەيلەپ يۈرۈشەتتى، بۇ تازقارىلار باشقا يەردە ئەمەس، بەلكى دەل ئوردىنىڭ ئۈستىدىن ئەگىپ كېتەلمەيتتى، لايىق چۈشكەنلەرنىڭ تامام قىرغىن قىلىنـ. غانلىق خەۋىرى تەرەپ ـ تەرەپكە تارقىلىپ كەتتى.

خەۋەر ئەتىكېغا تارقالغاندىن كېيىن، ئۆلگۈچىلەرنىڭ ئۇ. رۇق ـ تۇغقانلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئور. دىغا بۆسۈپ كىرىشتى. ئوردىدىكى مەنزىرە تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى: جەسەتلەر ئوتتۇن دۆۋىسىدەك ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا دۆۋىلەكلىك تۇراتتى، ئۆلۈكلەرنىڭ قىياپەتلىرى ھەر خىل ئى. دى، بەزىلىرىنىڭ گاللىرىنى نەيزە تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەن، بەزى. لىرىنىڭ كاللىسى تېنىدىن جۇدا قىلىنغان، بەزىلىرىنىڭ ئىچ ـ باغرى چۇۋۇۋېتىلگەن، بەزى جەسەتلەرنىڭ پۇت ـ قوللى. رىنى تاز قارىلار چوقۇلاپ يەپ بولۇشقانىدى.

كىشىلەر ھۆكرەپ يىغلاشتى، ھەرقايسىسى ئۆز بالىلىرىنىڭ

جەسەتلىرىنى ئاچىقىپ يەرلىكىدە قويۇشتى. يېقىن ئەتراپتىكى ئاراللاردىن لايىق چۈشكەنلەرنىڭ جەسەتلىرىنى بېلىقچىلار كېمە-لىرى بىلەن ئاپىرىپ قويۇشتى.

بازاردا كەشلەردىن دېڭىز ھاسىل بولغاندەك، يىغا ۋە تىل - ھاقارەت ئاۋازلىرى بىردە كۆتۈرۈلۈپ، بىردە پەسىيىپ تۇراتتى.

— مەن ئەرز قىلىمەن! — دېدى سېمىز بىر قېرى بوۋاي. دولاناغا ئوخشاش قىزىل بۇرنى كۆز يېشىدا يۇيۇلۇپ تېخىمۇ قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئىچ - باغرى شۇ تاپتا ئوغلىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك سەۋەبىدىن پەيدا بولغان قايغۇ - نەپرەتكە تول-غان، ئۇنىڭ ئىسمى — ئوپېتېس، لايىق چۈشكەنلەرنىڭ ئاتامانى ئىدى. ئانتىنوس مۇشۇ بوۋاينىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، قۇتراتقۇلۇق قىلدى:

— مەن ئەرز قىلىدىغان ئۇ ئادەم، ئودىسسۇس، ئۇ ئىتاكې ئۇچۇن بىر بالا - قازا، ئۇ ئالۋاستى قاتىل! ئۇ قايتىپ كەلدى، يەنە قانچىلىك بەختسىزلىك ۋە بالايىئاپەت يۈز بېرىدىغانلىقىنى خۇدا بىلىدۇ. ئۇ يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ قانچىلىك ئەزىمەتلىرىمىزنى باشلاپ، كېمىلەرگە چۈشۈرۈپ جەڭگە ئاتلانغان ئەمەسمىدى؟ ئۇ ئۆزى يالغۇز قايتىپ كەلدى، قالغانلار كېمىلە-رى بىلەن ۋەيران بولدى. ئۇ بىزنىڭ ئىتاكېدىكى يۈزدىن ئارتۇق مۇنەۋۋەر ياشنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، بۇنىڭغا چىداپ تۇرىمىزمۇ؟

— ياق!

— ھەرگىز ياق!

......

لايىق چۈشكەنلەرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئاۋاز قوشۇپ توۋلاشتى.

— قېنى، ھەرىكەتلىنەيلى! — دەپ مۇراجىئەت قىلدى ئوپې-تېس، — ئۇ قېچىپ كەتمەستە، بىرلىكتە قوغلاپ ئۇ مەلئۇننى



ئۆلتۈرەيلى! بولمىسا، مەڭگۈ نومۇستا قالىمىز. ئۇ قاتىلنى
جازاغا تارتمىساق، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمىز!
ئوغلۇمنىڭ ئەرۋاھى مېنى باقىي دۇنياغا سۆرەپ كېتىشى مۇم-
كىن. ئىشقىلىپ، رەقىبكە يول قويماسلىق كېرەك، يۈرۈڭلار!
قاتىلنى تۇتايلى! ئودىسسۇس، تېلىماكوس، ئۇلارنىڭ ھەمراھلى-
رىنىڭ بىرسىمۇ قېچىپ كەتمىسۇن!

شۇ يەردىكى ئادەملەر بۇ گەپكە تەسىرلىنىپ، ئۇلارنى تۇتقى-
لى ماڭماقچى بولغاندا، ھاپىز پېموس بىلەن مېدون ئۇلارنىڭ
ئارىسىدا پەيدا بولدى. ئۇ ئىككىسى تېرىك ئىدى! مېدون:

— ئىتاكىلىقلار، مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار، مەن سىلەرگە قەسەم قىلىپ بېرەلەيمەنكى، ئودىسسۇس تەڭرىنىڭ پەرمانى بويىچە ئىش قىلدى. مەن بىر تەڭرىنىڭ مېنتورنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئۇنى ھىمايە قىلىپ تۇرغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۆزۈڭلار ئويلاپ بېقىڭلار، ئودىسسۇس ھەرقانچە باتۇر بولسىمۇ، يۈزدىن ئارتۇق ئادەمگە تاقابىل تۇرالامدۇ! لايىق چۈشكەنلەرنى ھېلىقى تەڭرى ئۆلتۈرۈدى، — دېدى.

مېدوننىڭ گېپى ناھايىتى تېز ئۈنۈم بەردى، قارىغۇلارچە ئىش قىلىشقا ئالدىراپ تۇرغانلار شۈئان پەسكويغا چۈشۈشتى، بەزىلەرنىڭ چىرايلىرىدا تەشۋىش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

سانىماي سەككىز دېمەيدىغان ئاق چاچلىق بىر ھۆكۈما بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەي ئىتاكىنىڭ پۇقرالىرى، «ھەركىم ئۆزى تىككەن دەرەخنىڭ ئاچچىق مېۋىسىنى ئۆزى يەيدۇ» دېگەن مۇنداق بىر ئېغىز سۆز بار. سىلەر ئۆتكەندە بالىلىرىڭلارنى توسىماي، ئۇلارنىڭ پادىشاھنىڭ مال - مۈلكىنى بۇزۇپ چېچىشىغا، ئۇنىڭ خوتۇنىنى قورقىتىشىغا يول قويدۇڭلار، شۇ چاغدا نېمىشقا مىڭتور ئىككىمىزنىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمىدىڭلار؟ بۇ شۇنىڭغا بېرىلگەن جازا ئەمەسمۇ؟ ئۆلگەنلەرنىڭ ئۆزىنىڭ شورى! ئودىسسۇس ئائىلىسىنى خانىۋەيران قىلغان دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈردى. ئەگەر قائىدە بىلىدىغان بولساڭلار، ئۇنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەڭلار، بولمىسا، سىلەرنىڭ ئاقىۋىتىڭلارمۇ لايىق چۈشكەنلەرنىڭ ئاقىۋىتىدەك بولىدۇ، — دېدى.

ھۆكۈمانىڭ گېپى تۈگەپلا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىچكى نىزاھ پەيدا بولدى. بەزىلەر بوۋاينىڭ گېپىگە ماقۇل بولۇشتى، بەزىلەر يەنە ئوپپېتىسىنى قوللىدى.

ئافېنا مۇقەددەس ئولىمپىيە تېغىدىن پەسكە قاراپ، غەزىپى
قايىنىغان خەقنى كۆرۈپلا، ئاتىسى زېۋسنىڭ ئالدىغا كېلىپ،
ئۇنىڭ پىكرىنى بىلىپ بېقىش نىيىتىدە:

— زېۋس ئاتا، تەڭرىلەرنىڭ تەڭرىسى، ئۆزلىرىنىڭ دانا
قارارلىرىنى ئېيتىپ بەرسىلە. ئىتاكېلىقلارنىڭ ئۆزئارا ئۇرۇش
قىلىشىنى خالاملا ياكى ئىككى تەرەپنى مۇرەسسە قىلىپ توپىلاڭ-
نى تىنجىتىشنى خالاملا؟— دېدى.

— قىزىم، ئافېنا، سەن ئەقىل - پاراسەت تەڭرىچىسى،
شۇنداق تۇرۇقلۇق، بۇ ئىشنى يەنە مەندىن سورامسەن؟ بۇ ئاللىقا-
چان قارار قىلىنىپ بولغان ئىش! ئەينى چاغدا، سەن ئودىسسۇس-
نى ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇپ، ئۇنىڭ لايىق چۇشكەنلەردىن قىساس
ئېلىشىغا يول قويغانىدىڭ، مەن ماقۇل بولغان. مەن ماقۇل بولغان
ئىكەنمەن، ئەمدى خالىغىنىڭ بويىچە بىر تەرەپ قىل! مېنىڭ
پىكرىمنى سورىساڭ، مېنىڭ پىكرىم مۇنداق: لايىق چۇشكەنلەر
ئۆلتۈرۈلدى، پادىشاھلىق ئودىسسۇسقا باقىمەندە بولسۇن. ئۆلگۈ-
چىلەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر قىساس ئېلىشنى يادىلىرىدىن چىقى-
رىۋەتسۇن، چۇنكى ئۆچ - ئاداۋەتنىڭ چېكى بولمايدۇ. ئودىس-
سۇسمۇ ئۆتكەن ئىشلارغا سالاۋات دەپ، پۇقرالار بىلەن تىنچ
ئۆتسۇن، ئىتاكې خاندانلىقى روناق تېپىپ گۈللەنسۇن، — دېدى
زېۋس قىزىغا.

ئافېنا بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن بېشى كۆككە يەتكەن-
دەك بولدى. ئۇ چوققىلىرى كۆككە تاقاشقان ئولىمپىيە تېغىدىن
ئىتاكې ئارىلىغا چۇشتى.

دۇپۇرلىگەن ئاياغ ئاۋازى نەچچە چاقىرىم ئارىلىقتىن ئاڭلان-
دى، يولدا توپا - چاڭ كۆتۈرۈلگەنىدى. يەر - زېمىن تىترەپ،
ھاۋا گويا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقاندەك ھالەتتە ئىدى. بىر توپ قورال-
لىق كىشىلەر قورۇققا باستۇرۇپ كېلىشىۋاتاتتى. ئۇلار خۇددى
سېرىق چېكەتكىلەردەك كۆپ ئىدى، ساناپمۇ ساناپ بولغىلى بول-

مايتتى.

دولىئوس ئالاقزادە بولۇپ كىرىپ كەلدى ۋە:

— ئودىسسۇس، ئۇلار كېلىۋاتىدۇ! قوراللارنى ئېلىپ، جەڭگە تەييارلىنايلى! — دېدى.

ئولتۇرغانلار ئورۇنلىرىدىن سەكرىشىپ تۇرۇپ كەتتى. ئودىسسۇس، ئۇنىڭ ئوغلى، ئىككى مالچى، دولىئوس ھەم ئۇنىڭ ئالتە ئوغلى جەمئىي يەتتەيلەن، ئۇلاردىن باشقا يەنە قېرى لائېرتېسمۇ بار ئىدى. ئودىسسۇس ئالدىدا ماڭدى، قالغانلار كىچىك ئەترەت بولۇپ ئودىسسۇسنىڭ كەينىدىن جەڭگە ئاتلاندى.

ئۇلار ئەمدىلا دەرۋازىدىن چىقىپ بوشلۇق يەرگە كېلىشى بىلەنلا، بىر كۆچلۈك نىجاتكار ئاسماندىن چۈشتى. ئۇ مېنتورنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئافېنا ئىدى. ئودىسسۇس بىرلا قاراپ تەڭرىچىنى تونۇۋالدى ـ دە، قەلبى ئىشەنچىگە تولۇپ تاشتى. ئۇ خۇشال بولۇپ ئوغلىغا:

— تېلىماكوس، ئىشەنچىمنى يەردە قويما! ئالغا ئىنتىل، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىل، ئودىسسۇس ئائىلىسىگە شان ـ شەرەپ كەلتۈر! — دېدى



— خاتىرجەم بولسىلا، ئاتا! لايىق چوشكەنلەر بىلەن بولغان جەڭدە ئىپادەمنى كۆرمىدىلىمۇ؟ مەن سىلىنىڭ نامىلىرىغا ھەرگىز داغ كەلتۈرمەيمەن! — دەپ جاۋاب بەردى تىلىماكوس.

لائېرتېس گويا مۇشۇ كۈننى كۈتكەندەك ياشلىق چاغلىرىدىكىگە ئوخشاش جۇشقۇن كەيپىياتتا روھلىنىپ كەتتى ۋە:

— بۇگۈن ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ خاسىيەتلىك كۈن بولدى، مەن ئوغلۇم ۋە نەۋرەم بىلەن بىللە جەڭ قىلىدىغان بولدۇم! نەۋرەم، بەستىمگە قاراپ باقە، بەستىم ھېلىمۇ ئەينى يىللاردىكى بەستىمگە ئوخشامدىكەن! — دېدى ۋارقىراپ.

ئۇ قولىغا نەيزە ئېلىپ مەيدانغا چىقىپ، ئانتىنوسنىڭ ئاتىسى ئوپېتىسقا يۈزلىنىپ قالدى. ئوپېتىس چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ:

— لائېرتېس، سەن بېقىپ چوڭ قىلغان بالا قانداق بالا؟ ئۇنىڭ قولى تالاي ئىتاكىلىقلارنىڭ قېنى بىلەن بويالدى—… دەپ توۋلىدى.

— زۇۋانىڭنى يىغ، ئەبلەخ! — دېدى لائېرتېس ئۇنىڭغا قاتتىق تەنبىھ بېرىپ، — ئوغلۇمنى چىشلەپ تارتىشقا قانداق يۈزۈڭ چىدىدى سېنىڭ؟ سەن ئانتىنوسنىڭ كىشىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەن جىددىي پەيتتىن پايدىلىنىپ شۇ كىشىنىڭ خوتۇنىغا نىيىتىنى بۇزۇشقا، مال ـ مۈلكىگە چاڭگال سېلىشىغا، يەنە تېخى نەۋرەمگە زىيانكەشلىك قىلىشىغا يول قويدۇڭ. كونىلار: بالىنى تەربىيىلىمەسلىك ئاتىنىڭ سەۋەنلىكى دەيدۇ. ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق. سەندەك ئاتىدىن ئەۋلادلارغا يامان ئۈلگە قالىدۇ، بۇگۈن سېنىڭ جاجاڭنى بېرىمەن.

لائېرتېس شۇنداق دەپ نەيزىسىنى ئاتتى. بۇ قەھرىمان ئەينى يىللاردىكى باتۇرلۇقىدىن ھېلىھەم قالمىغانىدى، نەيزە بېرىپ ئوپېتىسنىڭ ئىڭىكىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئوپېتىس يەرگە يىقىلدى ـ دە، ئۇنىڭ قورالىرى جاراڭلاپ كەتتى.

ئودىسسۇس ئاتا - بالا ئىككىسى خۇددى تاغدىن چۈشكەن يولۋاستەك دۈشمەنگە تاشلاندى. ئۇلار ئالدىغا كەلگەنلىكى دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ ماڭدى، شۇ تاپتا ئۇلار قوي توپىغا ئېتىلىپ كىرگەن بۆرىلەرگە ئوخشايتتى.

قارشى تەرەپنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى، ئۇلار تېخىمۇ ۋەھشىيلەشتى، ئادەمنىڭ كۆپلىكىگە تايىنىپ، بۇ كىچىك ئەترەتنى ئىچ - تېشىدىن قاتمۇقات قورشىۋالدى. ئۆلگەنلەر ئېچىنىشلىق ئىڭراپ يەرگە يىقىلاتتى، تىرىكلەر ھەرىلەردەك يوپۇرۇلۇپ كېلىشەتتى. باغ قان بىلەن سۇغىرىلدى، ۋارقىراشقان ئاۋازلاردىن ئۇچار قانات ۋە ھايۋانلار چۆچۈپ پىتىراپ كېتىشتى.

ئاسمان خىرەلەشكەن، زېمىننى قاراڭغۇلۇق باسقاندى.

ھەر ئىككىلا تەرەپ گىرەلىشىپ كەتكەن چاغدا، ئافېنا قورشاۋنىڭ ئىچىدە پەيدا بولدى.

ئۇ قولىدىكى ئالتۇن ھاسىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ:

— توختاڭلار، ئەي ئىتاكې پۇقرالىرى! تارقىلىڭلار، ئۇرۇشنى دەرھال توختىتىڭلار! — دەپ توۋلىدى.

ئۇنىڭ خاسىيەتلىك خىتابى دەرھال ئۈنۈم بەردى، سەرۋازلارنىڭ قوللىرىدىكى قورال - ياراغلار گويا كۈز شامىلىدا تۆكۈلگەن ياپراقلاردەك يەرگە چۈشتى. لېكىن، ئودىسسۇس ئافېنانىڭ ئاۋازىدىن قورقمىدى، ئۇ تەڭرىچە ئاۋۋالقىدەك ئۆزىگە يان باسىدۇ دەپ ئويلاپ، نەيزىسى بىلەن خەنجىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قېچىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ كەينىدىن قوغلىدى.

ئافېنا دەسسەپ تۇرغان يەردىن چاقماق چاقتى. زېۋس بىرسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، شۇئان چاقماق چاقتۇرۇپ شۇ كىشىگە ئاگاھلاندۇرۇش بەردى.

ئافېنا ئودىسسۇسنى ۋارقىراپ توسۇپ:

— تەڭرىنىڭ ئەۋلادى، ئەي قەھرىمان ئودىسسۇس! ئۇرۇشخۇمارلىقىڭنى توختات، زېۋسنى خاپا قىلما! ئۇ چاقماق چاقتۇ-

رۆپ سىنى ئاگاھلاندۇردى، — دېدى.

ئودىسسېۇس خۇددى ئۇيقۇدىن ئويغاندەك بولۇپ، تەڭرىگە قۇللۇق بىلدۈردى.

جاھان سۆزلۈپ ھاۋا ئېچىلدى، ئىتاكى مەيدانى ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. ئودىسسېۇس ئوردىغا قايتىپ كېلىپ، ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ مۇشۇ يەرگە يىغىلىشى كېرەكلىكىنى جاكارلىدى. ئۇ مۇشۇ مەيداندا پۇقرالار بىلەن مۇقەددەس ھەم مەڭگۈلۈك تىنچلىق ئەھدىنامىسى تۈزمەكچى بولۇۋاتاتتى. مىليونلىغان پۇقرالارنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى. ئۇلار تىن تارتماي تۇرۇشاتتى، بازار تىمتاس ئىدى. پۇقرالار بۇ مۇقەددەس پەيتنى كۈتۈۋاتاتتى. ئودىسسېۇس مېھراب ئالدىغا كېلىپ، تەڭرىلەرگە قىلىنغان نەزىر - چىراغقا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پادىشاھ بولۇپ تۇرغان چاغلىرىدىكى سالاپىتىنى نامايان قىلىپ، كۆپچىلىككە ئەھدىنامىنى جاكارلىدى، ئەھدىنامىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

پادىشاھ ئودىسسېۇس تەڭرىلەرنىڭ
پەرمانى بىلەن جەڭگە ئاتلانغان؛
تروييادا ساق ئون يىل جەڭ قىلغان،
دېڭىزدا ئون يىل بولدى سەرسان.
دېۋە - ئالۋاستىلاردىن قورقمىغان،
نى سىناقلاردىن تىنچ - ئامان قالغان.
ئەل - يۇرت ئىشقىدا گۈلخاندەك يانغان،
خوتۇن - بالىسى بوزەك قىلىنغان؛
ئەل - يۇرت بېشىدا قويۇن قۇترىغان،
بېشىنى يېدى بىر توپ زوراۋان؛
تۈگۈچ يېشىلدى، ھەممە ئىش ئايان،
ئەھد تۈزۈلدى، قىلىنىپ قەسەم.

پۇقرا كۆز ـ قۇلاق بۇنىڭغا هامان،
قانۇن ئالدىدا ھەممە باراۋەر.
گۇللەندۇرىمىز ئەل ـ يۇرتنى ئورتاق،
بىزگە تەڭرىلەر مەڭگۇ پاسىبان.

ئودىسسۇس ھەرگىز پۇشايمان قىلمايدىغان تەلەپپۇزدا ئەھدىنامىنى تەنتەنىلىك جاكارلىدى، پۇقرالار قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۇرۇپ ئالقىش ياڭراتتى، ئىتاكې ئۇزاق مۇددەتلىك تىنچلىقنى ئاخىرى كۈتۈۋالدى.

**图书在版编目(CIP)数据**

奥德赛海上蒙难/(古希腊)荷马著：亚生译. 一乌鲁木齐:新疆人民出版社,2005.8
ISBN 7-228-09507-3

Ⅰ.奥… Ⅱ.①荷… ②亚… Ⅲ.史诗—古希腊—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I545.22

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2005)第 082968 号

责任编辑 ：阿扎提·阿里玛斯
责任校对 ：阿依努尔·卡马力
出版策划 ：艾尔肯·伊不拉音·飞达

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编：830001)
新 疆 新 华 书 店 发 行
新疆隆益达印务有限公司印刷
850×1168 毫米 32 开本 7.5 印张
2005 年 7 月第 1 版 2005 年 7 月第 1 次印刷

印数：1—4000

ISBN 7-228-09507-3
单价:11.00 元 (总定价:110.00 元)



## دۇنيادىكى ئون چوڭ ئېپوس

شىرمەت باتۇر گېسېر شاھ

مىللىي قەھرىمان ماناس

رامەننىڭ خەتەرلىك سەرگۈزەشتلىرى

ئودىسسۇسنىڭ دېڭىزدىكى كەچۈرمىشلىرى

ئىستىلاچى ئانېئاس

بۈيۈك بىرودۇ

نىبلۇڭىن پاجىئەسى

بېئوۋۇلفنىڭ يالماۋۇزنى بويسۇندۇرۇشى

تىرويادىكى ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش

باتۇر شاھ باڭفىر

ISBN 7-228-09507-3

9 787228 095070 >

ISBN 7 - 228 - 09507 - 3

(民文) 单价:11.00 全套定价: 110.00元